# نۇشرۋان ھەققىدە ھېكايەتلەر

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

# نۇشىرۋان ھەققىدە ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

诺青天的故事:维吾尔文/穆罕墨德·乌斯曼整理.喀什:喀什维吾尔出版社,2000.5
ISBN7—5373—0782—2

Ⅰ.诺... Ⅱ.穆... Ⅲ.维吾尔族—民间故事—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第28376号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)
**各 地 新 华 书 店 经 销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
850×1168**毫米** 1/32**开本** 6.5**印张** 1**插页**
2000**年**5**月第**1**版** 2000**年**5**月第**1**次印刷**
**印数**:1——5110 **定价**:9.00**元**

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

« نۇشىرۋان » نۇرغۇن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تونۇش شەخس ، ئەمما ئۇنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ئانچە تونۇش بولمىسا كېرەك . نۇشىرۋان ئۆتكەن زامان خان ـ پادىشاھلىرى ئارىسىدا ئادىللىقتا داڭق چىقىرىپ ، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان كىشىدۇر . ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزىگە ئادىللىقنى ئۆلچەم قىلىپ ، ئادەمزاتتىن جانۇجانىۋارلارغىچە شەپقەت كۆرسەتكەن ، تەختكە چىقىشتىن بۇرۇن 70 كۈن مال باققان ، 70 كۈن زىنداندا يېتىپ باققان ، 70 كۈن ئات يېتىلىگۈچى بولغان . تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئادالەتسىزلىككە قارشى كۆرەش قىلغان ، ئىلىم ئەھلىلىرىنى ھۆرمەتلىگەن ، ئىختىساسلىقلار ، باتۇر ـ پالۋانلارنى زايە قىلمىغان . شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن خانلىقلار نۇشىرۋاننىڭ ئىتائىتىگە كېلىپ ، ئۇنى يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ قىلغان ۋە پۈتۈن جاھاندا « ئادىل » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان .

ئەمما ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قارا نىيەت ، بۇزۇق ئەمەلدارلارنىڭ ھىيلىسى تۈپەيلى خانلىقلار ئارا زىددىيەت پەيدا بولۇپ ، بۆلۈنۈش ، پارچىلىنىش ، ئىتائەتسىزلىك ھادىسىلىرى كۆرۈلۈپ جەڭ قىلىشقا توغرا كەلگەن . شۇ ۋەجىدىن نۇشىرۋاننىڭ كېيىنكى ھاياتى ئاساسەن جەڭ مەيدانىدا ئۆتكەن . ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا جەڭ ، جېدەللەردىن خالىي بولغان كۈنلەرنىڭ بىرى ـــ مىلادىيىنىڭ 571 ـ يىلى ئىراننىڭ مەدايىندا ئالەمدىن ئۆتكەن . ئەمما ، ئۇنىڭ « ئادىل » دېگەن نامى خەلق كۆڭلىدە ياشاپ كەلدى .

نۇشىرۋان ھەققىدىكى ھېكايەتلەر كىشىلەر ئارىسىدا زامان ـ زا-

مانلاردىن بىرى سۆزلىنىپ كەلمەكتە. بۇ خۇسۇستا نۇرغۇن كىتابلار يېزىلغان. قولىمىزدىكى بۇ كىتاب ئۆتكەن زامان مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان كىتابلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىدىن — ئاۋات ناھىيىسىدىن بولغان موللا ئىبراھىم كۆچۈرمىسى بىلەن يۇرتى نامەلۇم بولغان موللا نىيازنىڭ كۆچۈرمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى. بۇ كىتابتا نۇشىرۋان ئادىلنىڭ دۇنياغا كەلگىنىدىن باشلاپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بولغان تارىخىي جەرياندىكى ئىدىيىسى، ئىش ئىزلىرى، دۇچ كەلگەن قىزىقارلىق ھادىسىلەر تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا يەنە ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئالىي سەۋىيىسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى كېلىپ چىققان ھەر خىل ئەخمەقانە، قىزىقارلىق ھادىسىلەر ھېكايە ئارقىلىق مەسخىرە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ كىتابتا نۇشىرۋان ئادىلدىن ئىبارەت تارىخىي شەخس توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**مۇھەممەت ئۇسمان**

1999 - يىل مارت، ئاۋات

# مۇندەرىجە


ھېكمەتلىك زات ........ 1
خوجا بەختىنىڭ ئۆلۈمى ........ 10
خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى ........ 13
يوقاپ تېپىلغان چۈش ........ 22
ئەجەل يەتكەن ۋەزىر ........ 29
نۇشىرۋان ئادىلنىڭ تەختكە چىققانلىقى ........ 31
نۇشىرۋاننىڭ ئادالەت زەنجىرى ........ 41
ۋەيران بولغان شەھەر ........ 48
قاباھەتلىك چۈش ........ 52
خوجا ئەمىرنىڭ قىلمىشلىرى ........ 60
نۇشىرۋان پەرزەنتلىرىنىڭ يەمەنگە سەپەر قىلغانلىقى ........ 71
نۇشىرۋاننىڭ تەختتىن ئايرىلغانلىقى ........ 82
نۇشىرۋانغا پەرزەنتلىرىدىن خۇش خەۋەر يەتكەنلىكى ........ 92
ئەبۇلئەلىنىڭ پەيزىئاۋات جاڭگىلىدا قاپلان ئۆلتۈرگەنلىكى ........ 98
لەگلەكنىڭ ئەرزى ........ 102
نۇشىرۋاننىڭ ئەبۇلئەلى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ........ 106
ئەبۇلئەلىنىڭ مېھرىنىگارغا ئاشىق بولغانلىقى ........ 112
نۇشىرۋاننىڭ ئەبۇلئەلىنى يوقاتماقچى بولغانلىقى ........ 119
نۇشىرۋانغا ھىندىستاندىن ئەلچى كەلگەنلىكى ........ 126
لەندىھۇرنىڭ پەيدا بولغانلىقى ........ 129
نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقى ........ 134

نۇشىرۋاننىڭ مېھرىنىگار بىلەن ئەبۇلغا پۇرسەت بېرىپ شىكارغا
كەتكەنلىكى .............................................. 136
نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستاننى ئېلىپ، لەندىھۇرنى ئەل قىلغانلىقى ...... 145
گۇستىھەمنىڭ ئەبۇلغا زەھەر بېرىپ، نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا قېچىپ
كەتكەنلىكى .............................................. 162
نۇشىرۋاننىڭ قىزنى ۋەدە قىلىپ لەشكەر كەلتۈرگەنلىكى ......... 165
گۇستىھەمنىڭ مۇغىلات پادىشاھىنى كەلتۈرگەنلىكى ............... 174
چىن پادىشاھى ئەھمەدى ئارسلاننىڭ نۇشىرۋاندىن خۇن تەلەپ
قىلغانلىقى .............................................. 177
نۇشىرۋاننىڭ دارغا ئېسىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ............... 181
نۇشىرۋاننىڭ خوجا ئەمرىنى تۇتقىلى 40 ھەييارنى ئەۋەتكەنلىكى ... 186
نۇشىرۋاننىڭ شەددات قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ، يەنە مەدايىنغا پادىشاھ
بولغانلىقى .............................................. 196
نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ..................... 198

AWT

# ھېكمەتلىك زات

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئىران پادىشاھى كەيقۇباد دەۋرىدە كۇفى شەھىرىدە جاماس ھاكىم ئىسىملىك بىر زات ئۆتكەن ئىدى. ئۇ ئىلىم - ھېكمەتتە شۇنداق كامالغا يەتكەن ئىدىكى، 1000 يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى، بولۇۋاتقان ئىشلارنى، 1000 يىل كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى ئىلىم - ھېكمەت ئارقىلىق بىلەتتى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست چىقاتتى، ئۇنىڭ باراۋىرىدە ھېچكىم يوق ئىدى.

جاماس ھاكىم بىر كۈنى «مەن كۆپ ئىلىم ئۆگەندىم، ئەمدى بىلگەنلىرىمدىن بىر كىتاب يېزىپ قالدۇراي، كېيىنكىلەر ئۇنىڭدىن ياخشىلىق، ئادالەت ۋە ئەمىنلىك ئۈچۈن پايدىلانغاي» دەپ ئويلاپ، بىر كىتاب يازدى، كىتابقا «جاماسنامە» دەپ نام قويدى.

ئۇ يېشى 400 گە يەتكەندە، بىر كۈنى «جاماسنامە»نى ئېچىپ، ئۇستۇرلاپىنى يۈگۈرتۈپ قارىغان ئىدى، بىر چايانىنىڭ نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلدى. «مەندىكى بۇ ئىلىم - ھېكمەتلەر بىر قۇرتنىڭ نەشتىرى بىلەن تۈگەيدىكەن. ئەمدى بىر ئىلاج قىلىپ، تىرىك قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي» دەپ ئويلىدى - دە، يوپۇرماقتىن بىر ئات ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىپ، ئۇلۇغ بىر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ تۇردى. بىراق بىلمىدىكى، بىر چايان ئاشۇ يوپۇرماق ئاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. بىر كەمدە چايان نەشتەر ئۇردى، جاماس ھاكىم

شۇئان ھوشىدىن كەتتى. بۇنى كۆرۈپ خىزمەتكارلار ئۇنى دەريادىن ئې-
لىپ چىقىپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. جاماس ھاكىم ئۆزىنىڭ تىرىك
قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خوجا بەخت ئىسىملىك ئوغلىنى چا-
قىرىپ:

— ئى ئوغلۇم، ھەرقانچە قىلسامۇ ئىلىم - ھېكمەتتىن سەن بەھرە
ئالالمىدىڭ. ئەمدى مېنىڭ ئۆمرۈم ئاخىرىغا يەتتى. مەندىن كېيىن
قالغاندا پۇل - مالنىڭ قەدرىنى بىل، قولۇڭدا پۇل بولمىسا، خارلىقتا قا-
لىسەن. يەنە بىر نەسىھىتىم شۇكى، ئاتا ئازار، ئانا بىزار بىلەن ھەمدوست
بولما، ئەھلى ئىلىم ۋە ئەھلى پەزىلەت بىلەن يېقىن ئۆتكىن، چاقىرمىغان
يەرگە بارمىغىن، نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ يۈرمە-
گىن. يامانلارغا، سىنالمىغانلارغا سىرىڭنى بەرمىگىن ۋە دەرد تۆكمىگىن،
سىرىڭنى قۇل - دېدەك، نادان دوست، رەقىبلىرىڭدىن پىنھان تۇتقىن.
ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەتسىز قىلمىغىن، ھەر ئىشتا ئۆزۈڭنىڭ پايدىسى
ئۈچۈن ئۆزگىنى زىيانغا ئىتتىرمىگىن، كىشىنىڭ زىيىنىنى ئۆزۈمنىڭ زى-
يىنى دەپ بىلگىن، — دېدى.

نەزم

ياخشىنىڭ ئاياغىنىڭ ئاستىدا ئۆلسەڭ ئار ئەمەس،
تۇتىيا تاج بەرسە يامان، ياخشىغا لازىم ئەمەس.
ئۆلگىچە ياخشى بىلەن ئۈلپەت بولۇپ بول ھەمنەپەس،
ياخشىلاردىن ھېچقاچان ھەرگىز كۆڭۈل ئازار يېمەس.
ياخشى بولمايدۇ يامان، ئۇرساڭ بېشىغا مىڭ تاياق،
ياخشىغا پەندۇنەسىھەت ئەيلىمەك لازىم ئەمەس.
ئىچ سىرىڭنى پۇختا ساقلا، بىلمىگەي نائەھلىلەر،
سۆزلىمە ھەرگىز يامانغا، ئىشنىش لايىق ئەمەس.
ئېيتما دەردىڭنى يامانغا ئەھلى دەردمەنلەر بىلىپ،

ئەھلى يامان دەرد سالۇرلەر ئۆزى دەردمەندىن ئەمەس .
ئاڭلىغىن ، يەتمەس نەسىھەتتىن ساڭا زىنھار زىيان ،
گۈلنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالغىن ، گۈلمۇ تىكەنسىز ئەمەس .
ھەر كىشى ئەگەشسە ساڭا ، بار ئۇنىڭدا بىر غەرەز ،
دوست تۇتۇشتا تاللىماسلىق ئەسلا دانالىق ئەمەس .
بولما غاپىل ھەرقاچان ، قىلساڭ پۇشايمان پايدا يوق ،
ئاچ قىلىپ تۆككەندە ياش ساڭا خىزىر ھازىر ئەمەس .

ئاندىن كېلىننى چاقىرىپ :

— ئى بالام ، بۇ ئوغلۇمدىن ئۈمىدىم ھاسىل بولمىدى ، مۇراد گۈلۈم بۇنىڭدىن ئېچىلمىدى ، ئەمما سىزدىن بىر نەۋرەم دۇنياغا كېلىدۇ ، مېنىڭ چىرىغىمنى شۇ يورۇتىدۇ ، ۋۇجۇدۇم ئۇنىڭ بىلەن پاكلىنىدۇ . بۇ « جاماسنامە » كىتابىمنى ھېچ كىشىگە كۆرسەتمەي ئوبدان ساقلاپ ، نەۋرەم كامالىغا يەتكەندە بەرگەيسىز . نەۋرەم ئۇشبۇ كىتابتىكى ئىلىم - ھېكمەتلەردىن پايدىلىنىپ ، مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا ، ئىلىم - بىلىملىرىمگە ۋارىسلىق قىلسۇن ، — دەپ كىتابنى كېلىنىگە بەردى ، ئاندىن ، — مەندىن ئۇ نەۋرەمگە سالام دېگەيسىز ، — دەپلا ئالەمدىن كەتتى .

خوجا بەخت ئاتىسىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى بېرىپ بولۇپلا ، ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنىمۇ كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىدى ، بىر قىسىم ھۈرۈن - ھارام تاماقلارنى ، پەسكەش - بەتخۇيلارنى ، ھاراقكەش - چۈپرەندىلەرنى ، ئاتا ئازار ، ئانا بىزارلارنى ئەتراپىغا يىغىپ ، شۇلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى . خوتۇنى ھەرقانچە مەنئى قىلىپ باققان بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا قىلچە كار قىلمىدى . ئاخىر بىرىنچى يىلى ئۆي - بىساتىنى تۈگەتتى ، ئىككىنچى يىلى مال - ۋارانلىرىنى تۈگەتتى ، ئۈچىنچى يىلى قولىدا ھېچ نەرسىسى قالماي پۈتۈنلەي خارابلاشتى ، نامراتچىلىقتا غەرق بولۇپ ، ھالى خارابلاشتى . پۇلى بار چاغدىكى دولا قاقار ئاغىنىلىرىنىڭ

ھېچبىرسى نەزەر سالمىدى ، بەلكى ئۇنىڭ ھالىنى مازاق قىلىپ لەنەت ئوقۇشتى .

بىر كۈنى خوجا بەخت ئۆز ھالىغا يىغلاپ ئولتۇراتتى ، ئىلگىرىكى ھەمكەسىپلىرىدىن ئۈچ كىشى : بىرى شاراب ، بىرى كاۋاپ ، بىرى راۋاب كۆتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى . بۇلارنى كۆرگەن خوجا بەخت ئۈمىد بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلغان ئىدى ، ئۇلار قاراپمۇ قويماي : « يوقال تىلەمچى ! » دېگىنىچە كېتىشۋەردى . خوجا بەخت ئىزا تارتقىنىدىن يىغلاپ كەتتى ، قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ئۇنىڭ ھالى قالمىغان ئىدى . بۇنى بىلگەن بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى خوجا بەخت ، ئۇلار پالانى يەردىكى بوزىخانىغا بوزا ئىچكىلى ماڭدى ، سىزمۇ بارسىڭىز ، ئاشقان - تاشقان يېمەكلىكلەرنى يەپ ، بىرەر قېتىم بولسىمۇ تويۇۋالسىز ئەمەسمۇ ، — دېدى .

نەزم

ئى كۆڭۈل ، دۇنيا ئۈچۈن ھەر يەردە سەرسان بولمىغىن ،
بىر قېتىم تويماق ئۈچۈن كوچىدا رەسۋا بولمىغىن .
قولدا بارنى پۇختا ساقلا ، قىلمىغىن خەقتىن تەمە ،
بۈگۈنى بۇزۇپ - چېچىپ ، تاڭلا پۇشايمان قىلمىغىن .
بەرسە ئىتمۇ ئەگىشۇر ، بۇنداق كىشى چىن دوست ئەمەس ،
ئۆزۈڭنى بىل ، ئۆزگەڭنى قوي ، « ھە » دېسە ئالدانمىغىن .
قولدا بەش پۇل بولمىسا ، يېقىنلىرىڭمۇ ياتلىشار ،
تەلمۈرۈپ كىشى قولىغا زارۇھەيران بولمىغىن .
دولا قاقىان دوست ئەمەس ، بىر كۈن سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈر ،
ئەگىشىپ ئۇ دوستلىرىڭغا چاك - توزاندا قالمىغىن .
ئەجىر قىلماي كەلسە دۇنيا ، قەدرىگە يەتمەس كىشى ،
بارۇيوقنى تۈگىتىپ ئاچ ۋە يالىڭاچ قالمىغىن .

خوجا بەخت ماقۇل كۆرۈپ ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ

بـوزىخانىغا كىردى . ئۇلار كۆرۈپ : « بۇ هارام تاماق نەدىن كەلدى » دەپ تـىللاپ ئۇنى قوغلاپ چىقاردى . بوزىخانىدىكىلەردىن بىرسى ئۇنى ئوبدان بىلەتتى . ئۇ دېدىكى :

— بـۇنـى خـورلىماڭلار . بۇ يىگىت جاماس هاكىمنىڭ ئوغلىدۇر ، ئاتىسىدىن قالغاننى بۇزۇپ ـ چېچىپ يوقىتىپ ، هالا مۇشۇ كۈنگە قالدى ، ئوچاققا ئوت قالاپ بەرسۇن .

شـۇنـىڭ بـىـلـەن خـوجا بەختنى ئوت قالىغىلى قويۇشتى . خوجا بـەخـت بولسا ، ئاتىسىنىڭ دۆلىتىدە ئەمگەك قىلىپ باقمىغان ئىدى ، شۇڭا ئوت قـالاشنى نەدىن بىلسۇن . ئۇ بىر باغ ئوتۇننى شۇ پېتى ئوچاققا تىققان ئىـدى ، قـازان قـايناپ تېشىپ كەتتى ، ئوچاقنىڭ چالمىسى ئېرىپ ، قازان ئۆرۈلـدى ، شـورپـا ئوتـقـا ، كـۈلـگە تۆكۈلۈپ ، بوزىخانا ئىس ـ تۈتەككە توشۇپ كەتتى . شۇ ۋەجدىن بوزىخانىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى .

خـوجـا بـەخـت ئىزا ـ ئاهانەت بىلەن ئۇ يەردىن چىقىپ ، يىغلا ـ يىغلا ئۆيىگە كەلدى . بۇ هالنى كۆرگەن خوتۇنى دېدىكى :

— ئى خـوجـا بـەخـت ، ئاتاڭ جاماس هاكىم ئۇلۇغ كىشى ئىدى ، ئۇنىڭ نەسىھىتىگە كىرمىدىڭ ، شۇ تۈپەيلى بۇگۈنكى كۈنگە قالدىڭ .

ماقال

ئاتىسىنىڭ يېيىشى كالا گۆشى — دەندان ،
بالىسىنىڭ يېيىشى چامغۇر توغرىغان يومدان .

ئۇنىڭ خوتۇنى مۇنداق مەسلىهەت بەردى :

— ئەر كـىـشـىـگـە ئوغرىلىق قىلماق ئەيىب ، باشقىسى يوللۇقتۇر ، بازارغا كىرىپ مەدىكارچىلىق قىلسىڭىز .

خـوجـا بـەخت بۇ مەسلىهەتنى قوبۇل كۆرۈپ ، ئەتىسى تۆت كوچا ئېغىزىغا بېرىپ مەدىكارچىلارنىڭ قاتارىدا تۇردى . هەممە مەدىكارلار بىر ـ ئـىـكـكـىـدىن ئېلىپ كېتىلدى ، ئەمما خوجا بەختكە هېچكىم خېرىدار چىقـ

مىدى . ئاخىر چۈشكىچە ساقلاپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى . ئەتىسى يەنە باردى ، 10 كۈنگىچە كۈندە بېرىپ مەدىكارلار ئارىسىدا تۇردى ، ھېچكىم ئىشلەتمىدى . ئۇن بىرىنچى كۈنى يەنە بارغان ئىدى ، سالاپەتلىك بىر كىشى كېلىپ :

— ھەي يىگىت ، قەيەردىن كەلدىڭ ؟ كىمنىڭ ئەۋلادى بولىسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— جاماس ھاكىمنىڭ ئوغلى ئىدىم ، ئاتامنىڭ سۆزىگە كىرمەي ، دەپىنە - دۇنيالىرىمنى تۆگىتىپ مۇشۇ ھالغا قالدىم . مەدىكارچىلىققا چىقسام ھېچكىم ئىشلەتمىدى ، — دەپ كەچۈرمىشلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى خوجا بەخت .

ھېلىقى كىشى جاماس ھاكىمنىڭ دوستى ئىدى .

— ئى ئوغلۇم ، رەھمەت سىزگە . ياخشى ئىشنى كەسىپ قىلىپسىز ، ئىشلەپ يېگەن نومۇس ئەمەس . مەن دۇكان يىغقان ئىدىم ، ماللىرىمنى ئاپىرىپ بېرىڭ ، — دەپ باشلاپ ماڭدى .

بۇ ئادەمنىڭ ماللىرىنى كۈندە 10 ئادەم كۆتۈرۈپ ئاپىراتتى ، بۇ نۆۋەت خوجا بەخت ئۆزى يالغۇز ئاپىرىپ ، 10 كىشىلىك ئىش ھەققى ئالدى . پۇللىرىغا گۆش - ياغ سېتىۋېلىپ ئۆيىگە قايتتى .

شۇنىڭدىن باشلاپ خوجا بەخت كۈندە مەدىكار بازىرىغا باردى ، پۇل تاپقانسېرى مەدىكارلار ئارىسىدا ئىززەت - ئابرۇيى ئېشىپ ، ھەممىسى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى . پۇل ئۇنىڭغا يەنە مەنسەپمۇ ئاتا قىلدى ، يەنى مەدىكار بازىرىدىكى مەدىكارلارغا ساھىبتەدبىر بولدى . مەدىكارلار خوجا بەختنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان بولدى . ھەي پۇل ...

نەزم

قۇلنى قۇلدار قىلغان پۇل ،
سەتنى كۆن - ئاي قىلغان پۇل .

قولدىن يىراق كەتكەندە ،
شاھنى گاداي قىلغان پۇل .
گاھى ئابرۇي ئاشۇرۇپ ،
ئامبالغا دوست قىلغان پۇل .
قىلسا تاۋاپ ھەرەمنى ،
ئاللاغا دوست قىلغان پۇل .

ئەلقىسسە : خوجا بەخت ھالى كۆندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ ، خۇشال - خۇرام ئۆتتى . ئەمگەكنىڭ جاپاسىنى تارتسىمۇ ، كىشىلەردىن دەشنام يېمىدى ، ئاچ - يالىڭاچ قالمىدى . مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئۇ چۈش كۆردى . چۈشىدە يوغان بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك ، تاشنىڭ ئەتراپىدىن 40 بۇلاق قايناپ چىقىپ ھەر تەرەپكە ئېقىۋاتقۇدەك . خوجا بەخت شۇئان ھاياجان بىلەن ئويغاندى . خوتۇنى ئۇنىڭدىن :

— ئى خوجا بەخت ، نېمىدىن شۇنچە پەرىشان بولىسىز ؟ — دەپ سورىدى . خوجا بەخت كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ، خوتۇنى يەنە ، — بىرەر مۆتىۋەر كىشىنى تېپىپ ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ ، — دەپ توققۇز نان قىلىپ بەردى .

خوجا بەخت ناننى كۆتۈرۈپ بېرىپ بىر زاھىتنى تاپتى ۋە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلغان ئىدى ، زاھىت :

— بۇ چۈشىڭىزنى بىر كىمگە ئېيتتىڭىزمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— خوتۇنۇمغا ئېيتتىم ، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا بەخت .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى زاھىت ، — ناھايىتى خاتا قىلىپسىز . ھېلىھەم بولسىمۇ بېرىپ 40 كۈنگىچە ئۆيدىن چىقماڭ ، شۇنداق قىلمىسىڭىز خەتەرلىكتۇر ، ئاندىن سىزگە غايىبانە خەزىنە يولۇقىدۇ ، كېيىنكى ئۆمرىڭىزدە مال - دۇنيادىن بىغەم بولىسىز .

خوجا بەخت زاھىتتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلدى . زاھىت دېگەن گەپلەرنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىپ بولۇپ ، مۇنداق دېدى :

— ئى خوتۇن ، بۇگۈندىن باشلاپ 40 كۈنگىچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيمەن ، ماڭا ئايرىم بىر ئۆيگە كىگىز سېلىپ بەرگەيسەن . مېنى ئىزدىگۈچىلەر بولسا ، 40 كۈن بولمىغۇچە يوق دەپ ، مەن بىلەن ھەرگىز كۆرۈشتۈرمىگىن .

خوتۇنى ئايرىم بىر ئۆيگە بىسات سېلىپ بەردى . خوجا بەخت شۇ ئۆيدە ئولتۇردى ، تالا - تۈزگە چىقمىدى ، تاماقنىمۇ خوتۇنى ئەكىرىپ بەردى . خوتۇنى تاماق ئېلىپ كىرگەندە ، ئېزىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ھەر كۈنى تامغا بىر سىزىق سىزىپ قويىاتتى . مۇشۇ تەرىقىدە 38 كۈن ئۆتـ كەندە ، تامدىكى سىزىقمۇ 38 گە يەتكەن ئىدى ، خوجا بەختىنىڭ خوتۇنى 40 كۈننى تولدۇرۇشقا ئالدىراپ ، خوجا بەخت ھاجەتكە چىقىپ كەتـ كەندە ، تامغا سىزىقتىن يەنە ئىككىنى سىزىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . كېيىن خوتۇنى تائام ئېلىپ كىرىپ :

— ئى خوجا بەخت ، مانا بۇ سىزىق 40 بولۇپتۇ ، كۈنگىمۇ 40 بولدى دېگەن گەپ ، ئەتىدىن باشلاپ بۇ ئۆيدىن چىقسىڭىز بولىدۇ ، — دېدى .

خوجا بەخت ساناپ باققان ئىدى ، دېگەندەكلا سىزىق 40 بولۇپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، خوتۇنىنىڭ مىكرى بىلەن « 40 كۈن بولدى » دەپ ھېـ سابلاپ ، 39 كۈندە قايتىپ چىقىپ ، ئەتىسى يەنە مەدىكار بازىرىغا بېرىپ تۇردى . بىر كەمدە بازاردا قاچ - قاچ ئاۋازى پەيدا بولدى . خوجا بەخت كۆردىكى ، ئارغىماققا مىنگەن ، بېشىغا مىسىر دوپپىسى كىيگەن ، ئۈچىسىغا تەتىللا سەرپاي كىيگەن ، قوڭغۇر يۈزلۈك ، سېرىق ساقال ، كۆك كۆز ، پاكار بىر ئەرەب تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ تۇردى . 10 قۇل پىيادە كېـ لىپ خىزمىتىگە تەييار تۇرغان ئىدى ، ھېلىقى كىشى :

— جاكارچىلار بارمۇ ؟ چاقىرىڭلار ! — دېدى . جاكارچىلار پەيدا بولدى .

— ئۇقتۇرۇڭلاركى ، مەدايىندا پادىشاھ كەيقۇباد ئىمارەت سالدۇرماقچى ، مەدىكارچىلار بۇ يەردىن بېرىپ مەدىكار ئىشلىسە ، بىر پۇل

ئورنىغا 10 پۇل ئىش ھەققى بېرىلىدۇ ، — دېدى ھېلىقى كىشى .

بۇنى ئاڭلاپ تامام مەدىكارلار يىغىلدى . ھېلىقى ئادەم پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ئەلقىش ئىدى . ئۇنىڭ بەشىرىسى شۇنداق يىرگىنچلىك ئىدىكى ، ئەپتىدىن زالىملىق ، ھارامزادىلىك بىلىنىپ تۇراتتى . خوجا بەخت ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى . ئەلقىش :

— سەن ماڭا پاسىبان بولغىن ، — دېدى . خوجا بەخت ماقۇل بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ئەتىسى جىمى ھامماللار بىلەن قوشۇلۇپ ئەلقىش بىلەن بىللە مەدايىنغا كەلدى .

# خوجا بەختنىڭ ئۆلۈمى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، بىر كۈنى پادىشاھ كەيقۇباد ئەمىرلىرىگە:

— ئى ئەمىرلەر، بۇ ئىمارەتلەر كونىراپ كېتىپتۇ. ھەممىڭلار يېڭىدىن ئىمارەت سېلىڭلار، — دېدى. ئەمىرلەر ئىمارەت سېلىشقا يەر ئىگىلەشتى. ئەمما، ئەلقىش ۋەزىر بۇ چاغدا يوق ئىدى، ئۇ پەيدا بولغاندا يەر قالمىغان ئىدى.

— ئى خوجا بەخت، ماڭا يەر قالماپتۇ، ئىمارەتنى قەيەرگە سالسام بولار؟

— بۇ يەرنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر دۆڭلۈك بار، ئۇ يەر ئىمارەت سېلىشقا بەك باب كېلىدۇ، — دېدى خوجا بەخت. ئەلقىش:

— ئۇ ئېگىز دۆڭنى قانداق قىلىمەن؟ كۈھنقاپنىڭ دېۋىلىرىنى ئەكەلسەممۇ تۈزلىيەلمەس، — دېدى. خوجا بەخت:

— ئەگەر سىزدە غەيرەت بولسا، ئۇ دۆڭنى تۈزلەش ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى.

خوجا بەختنىڭ سۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان ئەلقىش:

— بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇردۇم. ساڭا بېرىدىغان سىمكارغا قوشۇپ سەرپاي، ئات بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى. خوجا بەخت:

— ئۇنداق بولسا، ماڭا كەتمەن ئەكېلىپ بېرىڭلار، — دېدى. بىر كەتمەننى ئەكېلىشكەن ئىدى، ئۇنى كىچىك دەپ ياراتمىدى، يەنە بىرنى ئەكېلىشتى، ئۇنىمۇ ياراتمىدى. ئاخىر ئەلقىش:

— ساڭا قانداق كەتمەن كېرەك ؟ — دەپ سورىدى .

— تۆت كوچا ئېغىزىدا — دېدى خوجا بەخت ، — بىر كەتمەن ئېسسىقلىق تۇرىدۇ ، شۇنى كەلتۈرۈڭلار ، — ئۇ كەتمەننى 1000 يىل مۇقەددەم بىر كىشى ئىشلەتكەن ئىكەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ھېچكىم تەۋرىتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، كۆرگەزمە قىلىپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرۇش مەقسىتىدە شۇ يەرگە ئېسىپ قويۇشقان ئىكەن .

ئەلقىش ۋەزىر ئۇنى ھارۋىغا بېسىپ خوجا بەختكە ئەكەلدۈرۈپ بەردى .

خوجا بەخت شۇ ئىشلىگىنىچە دەلمۇدەل 80 كۈن بولغاندا ئىش تاماملاندى . ئاخىرقى كۈنلەردە چالا ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى ، ھاجەت قىلغۇسى كەلدى . ھاجەتتىن كېيىن بىر دانە چالمىنى قومۇرماقچى بولۇۋىدى ، قومۇرۇلمىدى . ھاجەتنى تۆگىتىپ پاك بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى چالمىنىڭ قومۇرۇلماسلىق سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن تۇتۇپ بىر كۆچىگەن ئىدى ، قولىغا بىر تۆگمەن تېشى ئۇرۇندى . ئۇنى يۆتكەپ قارىسا ، ئاستىدىن بىر قۇدۇق نامايان بولدى . قۇدۇق ئاستىغا چۈشكەن ئىدى ، 18 پەلەمپەيدىن كېيىن ئاستىغا يەتتى . ئۇنىڭ ئىچىدە 40 ئېغىزلىق يوغان ئۆي ، ھەربىر ئۆيدە تورۇسى بىلەن تەڭ ئالتۇن - كۈمۈش ، جاۋاھىراتلار تۇرۇپتۇ .

بۇ بايلىقلارنى كۆرگەن خوجا بەخت « بۇ ئەلقىش ۋەزىرنىڭ ھەققىدۇر ، بېرىپ مەلۇم قىلسام ، مېنىڭ ئەجرىمنىمۇ بېرەر » دەپ ئويلاپ ، ئەلقىشنى باشلاپ كېلىپ قۇدۇقتىكى خەزىنىنى كۆرسەتتى . ئەلقىش خەزىنىنى كۆرۈپ ، خوجا بەختنى ئالداپ : « بۇنىڭدا سېنىڭمۇ ھەققىڭ بار ، ھەر قايسىسىدىن خالىغىنىڭچە ئېلىۋال » دەپ ، ئۇنى مال - دۇنياغا قىزىقتۇردى . خوجا بەخت پەشلىرىگە ھەر قايسىسىدىن ئالغىلى تۇرغاندا ئەلقىش ئۇنىڭغا تىغ سالدى . خوجا بەخت يىقىلدى .

— ئى ۋەزىر ، مەن سىزگە نېمە قىلدىم ؟ مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرىسىز ؟ — دەپ سورىدى خوجا بەخت .

— ھەي بەخت ، ئەگەر سەن ھايات بولساڭ ، بۇ ئىشنى كىشىگە ئېيتىپ قويىسەن - دە ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەيقۇباد شاھقا ئاڭلانسا ، بۇ خەزىنە ماڭا قالمايدۇ . شۇڭا ، سېنى ئۆلتۈرمىسەم بولمايدۇ ، — دەپ كۆكسىگە مىنىپ ئولتۇردى . خوجا بەخت ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ كار قىلمىدى . خوجا بەخت ئاخىر :

— ئى ۋەزىر ، مېنى ئۆلتۈرسىڭىزمۇ ئۆلتۈرۈڭ ، ئەمما كۇفى شەھىرىدە خوتۇنۇم ھامىلدار قالغان ئىدى ، ئۇنى ئۆلتۈرمىگەيسىز ، — دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇردى . ئەلقىش دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ ، جەسىتىنى قارا كىگىزگە يۆگەپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كۆمۈۋەتتى . ئۆزى قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە ئىمارەت سالدۇرۇپ ئولتۇردى . خەزىنىنىڭ ئىشكىنى ئۆيىنىڭ ئىچىگە كەلتۈردى . ئەلقىشنىڭ شىباھىڭ ھەيبار دەپ بىر ھەيبارى بار ئىدى . ئەلقىش ئۇنىڭغا گەپ ئۆگىتىپ ، 500 تەڭگە پۇل بىلەن خوجا بەختنىڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى .

خوجا بەختنىڭ خوتۇنى « خوجا بەخت كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى ، ئەجەب كەلمىدى » دەپ ئويلاپ ئولتۇراتتى . شۇ ئەسنادا بىركىم ئىشىك قاقتى . ئىشىكنى ئېچىۋىدى ، ئۆزگىچە كىيىنگەن بىر كىشى كىرىپ كەلدى . سالامدىن كېيىن :

— بەختنىڭ خوتۇنى بولامسىز ؟ — دەپ سورىدى . خوتۇن :

— شۇنداق ، — دەپ جاۋاب بەردى .

— خوجا بەخت بىر كىشىگە 1000 تەڭگىگە بىر يىللىق چاكار بولۇپ مەدايىندىن كېتىپ قالدى . مېڭىش ئالدىدا بۇ 500 تەڭگىنى مەندىن سىزگە ئەۋەتتى ، قالغان 500 تەڭگىنى ئۆزۈم بارغاندا ئېلىپ بارىمەن دەپ ئېلىپ كەتتى ، — دەپ پۇلنى بېرىپلا ئۇ كىشى كېتىپ قالدى . خوتۇن «ئېرىم بىر كىشىگە چاكار ئىشلەۋاتىدۇ » دەپ بىلىپ ، ھېلىقى پۇلنى خەجلەپ يۈرۈۋەردى .

# خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى

خوجا بەخت كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغدى. خوتۇن ئوغلىغا قاراپ:

— ئاتاڭ بولغان بولسا، قولۇم - قوشنىلار مۇبارەكلەپ كىرگەن بولاتتى، مانا ئەمدى ئىككىمىز غېرىبسىنىپ ئولتۇردۇق، — دەپ تۇرغان- نىڭ ئۇستىگە بىر كىم ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى.

— خوجا بەختنىڭ خوتۇنى سىز بولامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئادەم. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى ناھايىتى كاتتا ئىدى.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى خوجا بەختنىڭ خوتۇنى. ھېلىقى مويسىپىت كىشى يەنە:

— جاماس ھاكىمنىڭ نەۋرىسى تۇغۇلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تۇغۇلدى، — جاۋاب بەردى ئايال. ئاندىن ھېلىقى كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— مەن جاماس ھاكىمنىڭ شاگىرتى بولىمەن. ئىسمىم بېلناس ھاكىمدۇر. جاماس ھاكىم ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بۇرۇن: «ئى بېلناس، مېنىڭ كېلىنىمدىن مۇشۇ يىل، مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈن، مۇشۇ سائەتتە نەۋرەم ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇ چاغدا كېلىنىم تەڭلىك تارتىدۇ. مۇنۇ 1000 تەڭگە پۇلنى كېلىنىمگە بېرىپ قويغىن، نەۋرەمگە سەرپ ئەتكەي» دەپ ماڭا بۇ پۇلنى بەرگەن ئىدى. تارىخنامىگە قارىسام، ۋاقىت توشۇپ ئوغۇل

دۇنيـاغـا كـەپـتـۇ ، شۇڭا بۇ پۇلنى ئېلىپ كەلدىم ، — دەپ پۇلنى بىرىپلا چىقىپ كەتتى .
مـەزلۇمەنىڭ قولىغا پۇل كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەھەللە كوي ، تو-نۇش - بـىـلـىـشـلـەر ئاش - نـان ئېـتـىـپ مۇبارەكلەپ كىرىشتى . خوجا بەختىنىڭ ئايالى كەلگەنلەرنى ئوبدان مېھمان قىلىپ ئۇزاتتى .
ئۈچىنچى كۈنى شۇنداق سالاپەتلىك ، يۈزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇ-رىدىغان يەنە بىر كىشى ھال سوراپ كىرىپ كەلدى .
— مەن جاماس ھاكىمنىڭ شاگىرتى خالىقۇش بولىمەن ، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى ئۇ ئادەم ، — جاماس ھاكىم ماڭا ۋەسىيەت قال-دۇرۇپ : «بۇ ئاي ، بۇ كۈن ، مۇشۇ سائەتتە مېنىڭ نەۋرەم ئۈچ كۈنلۈك بولىدۇ . نەۋرەمگە ئابۇزەرجەمھۇر دەپ ئات قويغايسىز . مېنىڭ مۇراد گۈلۈم ئاشۇ نـەۋرەم بىلەن ئېچىلۇر » دېگەن ئىدى ، — دېدى ۋە قۇرئە سالغان ئىدى ، بالىنىڭ جاھاندا تەڭداشسىز ئالىم بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ قولىدىن ئاجايىپ ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆردى . ئاندىن ئايالغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ ، بوۋاقتىن ئوبدان خەۋەر ئېلىشنى تاپىلاپ چىقىپ كەتتى .
بـالا تېز ياشقا كىرىپ تۆت ئاي ، تۆت كۈنلۈك بولغاندا مەكتەپكە باردى . ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ساۋاتىنى چىقىرىپ بولدى ، ئاندىن مەدرىسەگە كىردى ۋە پاتلا ھەممە ساۋاقداشلىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى . نۇرغۇن بىلىم ئۆگەندى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، مەدرىسەدە ساۋاقداشلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتاتتى ، ئۇلار ئارىسىدىكى يۇقىرى تەبىقىدىن بولغان بىر ئەربابنىڭ ئوغلى جەمھۇرغا :
— سىز سەندەك ئاتىسىز ، ھارامدىن بولغان بىلەن شېرىك ئۆگەن-سەك قانداق بولىدۇ ؟ ئاۋۋال نەسەبىڭنى ئىسپاتلاپ ، ئاندىن قېشىمىزغا كەل ، — دېدى . بۇ گەپتىن جەمھۇر قاتتىق خورلۇق ھېس قىلىپ ، شۇ ئىزا بىلەن مەدرىسەدىن چىقىپ ، ئانىسىنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئانىسىدىن : « مېنىڭ ئاتام زادى كىم ؟ » دەپ سوراپ تۇرۇۋالدى . ئانا ئوغلىنىڭ

يىغىسىغا چىدىماي ، بوۋىسى جاماس ھاكىم ، ئانىسى خوجا بەختلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . ئوغۇل ئانىسىدىن :

— بوۋامدىن ماڭا ھېچنېمە قالمىغانمۇ ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، ئانىسى :

— نۇرغۇن مال - دۇنيا ، خەزىنە قالغان ئىدى ، ھەممىنى ئاتاڭ بۇزۇپ - چېچىپ يوقىتىپ بولدى . قۇچاق - قۇچاق كىتابلار بار ئىدى ، ئۇلارنىمۇ سېتىپ يەپ بولدى ، — دېدى . بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ئوغۇل :

— كىتابلىرىدىن ھېچنېمە قالمىدىمۇ ؟ دەپ سوئال قويغان ئىدى ، ئانا :

— ھەممە كىتابنى ئېلىپ بولۇپ ، بىرلا كىتاب قالغاندا ، شۇنچە ھەپىلەشكەن بولسىمۇ ، كىتابنىڭ ئۈستىدە بىر چار يىلان يېتىۋېلىپ ، قوزغالماي تۇرۇۋالدى . پەقەت ئاشۇ بىرلا كىتاب يىلان ئاستىدا ساقلىنىپ قالدى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

بۇنى ئاڭلاپ جەمھۇر دەرھال قوپۇپ سۆكچەككە شوتا قويۇپ قارىغان ئىدى ، بىر چار يىلان كىتابنى چەمبىرەك بولۇپ بېسىپ يېتىپتۇ . جەمھۇرنىڭ قارىشى بىلەن يىلان ياتقان يېرىدىن ئاستا قوزغىلىپ كىتاب ئۈستىدىن چۈشۈپ ، تۆكلۈكتىن چىقىپ غايىب بولدى . ئاندىن بىردىنلا : « ئى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ، ئامانەتنى تاپشۇرۇپ ئالغايسىز » دېگەن ھەيۋەتلىك سادا كەلدى . بۇ ھالدىن ھەيران بولغان خوجا ئابۇزەر جەمھۇر كىتابنى ئېلىپ چۈشتى ۋە ئۆيگە كىرىپ مۇتالىئە قىلىشقا باشلىدى . ئۇ كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرۇپ گاھ كۈلسە ، گاھ يىغلايتتى . بۇنىڭ سەۋەبىنى جاماس ھاكىم كىتابقا يازغان ئىدى . بىر قاراشتا ئاتىسىنىڭ بىر خەزىنىدە ئېتىكى توشقۇچە ئالتۇننى ئېلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ كۈلسە ، بىر قاراشتا ئەلقىش ۋەزىر ئاتىسىنى بوغۇزلاپ خەزىنە ئىچىگە كۆمۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ زار - زار يىغلايتتى .

شۇ كۈنلەردىن باشلاپ ئابۇزەرجەمھۇرنىڭ گېلىدىن تائام

ئۆتمىدى. «جاماسنامە»نى مۇتالىئە قىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى، يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئەلقىش ۋەزىردىن ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىتابنى قولتۇقلاپ مەدايىنغا بارماقچى بولدى. ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ:

— ئى ئوغلۇم، سىزگە ھامىلدار ۋاقتىمدا ئاتىڭىزدىن ئايرىلدىم، ئەمدى سىزنى بار دەپ يۈرسەم، سىز كەتسىڭىز مەندىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ كەتمىگەيسىز، — دەپ تۇرۇۋالدى. جەمھۇر يەنە بىر قېتىم قۇرئە سالغان ئىدى، ئۇنىڭدا بىر ناۋاي، بىر كاۋاپچى، بىر ئاشپەزنىڭ پادىشاھ خەزىنىسىگە خىيانەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئايان بولدى. بۇنى بىلگەن جەمھۇر ئالدى بىلەن ناۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئى ئۇستام، ھەر كۈنى بىر جۈپ نان بەرسىڭىز، ئۇنىڭ پۇلىنى تاپقاندا بەرسەم، — دېيىشى ھامان، ناۋاي بىر سىقىم توپا ئېلىپ جەمھۇرنىڭ يۈزىگە چاچتى ۋە: «يوقال كۆزۈمدىن!» دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي ناۋاي، — دېدى جەمھۇر، — سىرىڭنى ئاشكارىلىسام، بېشىڭغا ئۆلۈم كەلسە قانداق قىلىسەن؟

— مەن نېمە گۇناھ قىپتىمەن؟ — دېدى ناۋاي.

— سەن پادىشاھنىڭ ئامبارچىسى بىلەن بىرلىشىپ ئامباردىن ئاشلىق ئوغرىلاپ نان قىلىپ ساتتىڭ، تاپقان پۇلنى غوجىدار بىلەن ئۈلۈشەلمەي، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ ئېغىلغا كۆمۈۋەتتىڭ. بۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

بۇ گەپ بىلەن ناۋاي دۈككىنىدىن چۈشۈپ جەمھۇرنى ئۆيىگە باشلىدى، يىغلاپ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ:

— ئى يىگىت، سەن دېگەن ئىشلارنىڭ مەندىن ئۆتكىنى راست، لېكىن بۇ ئىشلارنى سىر تۇتقايسەن، سەن دېگەن ناننى ئۆيۈڭگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى.

جەمھۇر ئۇ يەردىن چىقىپ، كاۋاپچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭغا

سالام قىلغاندىن كېيىن:

— ئى كاۋاپچى ئۇستام، ماڭا ھەر كۈنى بىر تەخسە كاۋاپ بەرگىن، پۇلنى تاپقاندا بېرىمەن، — دېگەن ئىدى، كاۋاپچى بىر پىيالە قىزىق چاينى جەمھۇرنىڭ يۈزىگە چاچتى.

— ھەي ئوغرى، — دېدى جەمھۇر، — سەن پادىشاھنىڭ قويچىسى بىلەن بىرلىشىپ پاقلانلارنى كاۋاپ قىلىپ سېتىپ، پۇل توپلاپ، ئاخىر پۇلنى بۆلۈشەلمەي، قويچىنى ئۆلتۈرۈپ تونۇرنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتتىڭ. بۇنى ئاشكارىلىسام قانداق قىلىسەن؟ ...

كاۋاپچى بىلدىكى، بۇ يىگىتنىڭ دېگەنلىرى راست گەپ ئىدى، شۇڭا ئۇ ھەيران بولۇپ، جەمھۇرنىڭ يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئۆزرە ئېيتىقلىق تۇردى ۋە: «ھەر كۈنى بىر تەخسە كاۋاپ بىلەن ئىككى نانىنى ئۆيۈڭگە ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرەي، سىرىمنى پىنھان تۇتساڭ» دەپ يالۋۇردى. شۇنداق قىلىپ، كاۋاپ بىلەن نانىنى كاۋاپچى ئۆزى كۆتۈرۈپ جەمھۇرنىڭ ئۆيىگە بىللە كەلدى.

جەمھۇر بۇ نېمەتلەرنى ئانىسىغا بېرىپ:

— ئى مېھرىبان ۋالىدە، بۇنىڭدىن كېيىنكى يېمەكلىكلەرنى بۇلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ھەققىنى ئۆزۈم بېرىمەن. مەن ئەمدى ئەلقىشنى تېپىپ ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، — دەپ، ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ، «جاماسنامە»نى قوينىغا سېلىپ مەداين تەرەپكە راۋان بولدى. كۆپ يوللارنى بېسىپ، مەنزىل - ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىر مەداين شەھەرىگە يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە: ئەمدىكى گەپنى ئەلقىشتىن ئىشتەمەك كېرەك.

خوجا جەمھۇر يولغا چىققان كېچىسى ئەلقىش شۇنداق بىر چۈش كۆردىكى، چۈشىدە كۇفى ۋىلايىتىدىن بىر يورۇق يۇلتۇز پەيدا بولۇپ پۈتۈن ئىقلىمنى يورۇتۇۋاتقۇدەك. ئۇ يۇلتۇز مەداين تەرەپكە مېڭىپتۇ، ھەممە يۇلتۇز ئۇنىڭ نۇرىدىن زەربە يەپ، نۇرسىزلىنىپ كەينىگە چېكىنگىلى تۇرۇپتۇ. ھېلىقى يۇلتۇز بولسا شۇ ماڭغىنىچە مەداينغا يېتىپ

كېلىپ ، ئەلقىش ۋەزىر يۇلتۇزنىڭ گەردىنىگە شۇنداق شوخلۇق بىلەن مىنىۋاپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭ بۇرنىنى تېشىپ بۇيلا ئۆتكۈزۈۋاپتۇ .

ئەلقىش ۋەزىر بۇ چۈشىدىن شۇنداق قورقتىكى ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن چۈش تەبىر كىتابىنى ئېلىپ قارىغان ئىدى ، كۆردىكى ، كۇفىدىن مەدايىن شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن مەدىكارلارغا ساھىبتەدبىر بولۇپ كەلگەن ، كېيىن ئىمارەت سېلىش داۋا- مىدا خەزىنە ئۇچراپ قېلىپ ، بىر قۇل بىلەن قوشۇپ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن خوجا بەختنىڭ ئوغلى دۇنياغا كېلىپ چوڭ بولۇپتۇ . ئۇ ، ئاتىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇقۇپتۇ . ئاتا پىراقى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ ، ئا- تىسىنىڭ كۇشەندىسىدىن ئىنتقام ئالغىلى يولغا چىقىپتۇ .

بۇنى بىلىپ ئەلقىش كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولۇپ ، قورقۇنچتىن ئىزتىراپقا چۈشتى . ئۇنىڭ بەختىيار دەپ بىر قۇلى بار ئىدى ، بۇ قۇل ئەلقىشنىڭ قىزىغا ئاشىق ئىدى ، ئەلقىش بۇنى بىلەتتى . تالاي قې- تىم « قىزىمنى بېرىمەن » دەپ ئۇنى گوللاپ ، ئېغىر خىزمەتلەرگە بۇيرۇغان ئىدى . بۈگۈن ئۇنى چاقىرىپ :

— ئى بەختىيار ، « دەرۋازا ئاب »تىن چىق . چۈش ۋاقتى بىلەن پالانى يەرگە بارساڭ ، 12 ياشلىق بىر ئوغۇل يېتىپ كېلىدۇ . سەن ئۇنى ئالداپ ئۆيۈڭگە باشلاپ ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈپ ، يۈرىكىنى ئەكېلىپ بەرسەڭ ، بۇ نۆۋەت قىزىمنى جەزمەن ساڭا بېرىمەن ، — دېدى .

قۇل ئەلقىشنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن دېگەن يەرگە بارغان ئىدى ، بىر ئوغۇل يېتىپ كەلدى . ئۇنىڭ سۈپىتى ئەلقىشنىڭ دېگىنى بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى . بەختىيار بېرىپ ئۇ ئوغۇلغا سالام بەجا كەلتۈردى ۋە : « قەيەردىن كەلدىڭىز ؟ قەيەرگە بارىسىز ؟ » دەپ سورىدى . ئوغۇل ئۆزىنىڭ كۇفى ۋىلايىتىدىن كەلگەنلىكىنى ، ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى . بەختىيار :

— يىراقتىن كەپسىز ، پېقىرنىڭ بېغىغا بېرىپ مېۋە ـ چېۋىلىرىمگە ئېغىز تېگىپ كەتكەيسىز ، — دەپ چىڭ تۇتتى . ئوغۇل ماقۇل بولۇپ ،

بەختىيار بىلەن بىللە باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، بەختىيار باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچماق بولۇپ كىلتانىغا ① قول ئۇزاتقان ئىدى، ئوغۇل تو-سۇپ:

— ئى باغۋەن، تۈنۈگۈن چۈش ۋاقتىدا بىر يىلاننى ئۆلتۈرگەن ئىكەنسىز، ئۇنىڭ جۈپتى سىزدىن ئۆچ ئالماق كويىدا كىلتاندا يېتىپتۇ، قول سالسىڭىز سىزنى چېقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.

بەختىيار قارىغان ئىدى، دېگەندەك كىلتاندا بىر يىلان ياتقۇدەك. ئۇ يىلاننى دەرھال ئۆلتۈرۈپ جەمھۇرنى باغقا باشلاپ، چىمەندە ئولتۇر-غۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى مېۋە تەرگىلى كەتتى. چىمەنلىكنىڭ ئالدىغا زەپەر تېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قوي باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. جەمھۇر قوينى يېشىپ زەپەرلىككە قويۇپ بەردى. ئاندىن:

— ئى باغۋەن، قوي زەپەرنى بىر پۇللۇق قىلىۋەتتى، — دەپ چاقىردى. باغۋەن قوينى باغلىۋېتىپ يەنە كەتتى. ئۇ مېۋە تەرگىلى باش-لىغاندا، جەمھۇر قوينى يەنە قويۇۋېتىپ، باغۋەننى چاقىردى. باغۋەن كېلىپ قوينى باغلاپ قويۇپ يەنە كەتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئۇدا تۆت قېتىم تەكرارلانغان ئىدى، قولىنىڭ قوللۇقى تۇتتى-دە، دەرغەزەپ بولۇپ كېلىپ قوينى كەتمەندە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. بۇ ھالنى كۆرگەن جەمھۇر:

— ئى باغۋەن، بىكارلا ئىككى جانغا زامىن بولدىڭىز، — دېدى، بەختىيار سورىدىكى:

— قانداق ئىككى جان؟

— سىز ئۆلتۈرگەن بۇ قوينىڭ قورسىقىدا بىر قارا باش ئاق پاقلان بار ئىدى.

بەختىيار قوينىڭ قورسىقىنى ياردى، جەمھۇرنىڭ دېگىنىدەك ئۇ-نىڭ قورسىقىدىن بىر قارا باش ئاق پاقلان چىقتى. بەختىيار ئويلىدىكى «بۇ بالىنىڭ ئىلمى غايىبتىن خەۋرى بار ئىكەن. بۇنىڭدەك دانىشمەننى

---

① كىلتان — لوك، بۇرۇنقى ئىشىك قۇلۇپى.

ئۆلتۈرسەم قانداق بولار ؟ ئەمما ، ئەلقىش ئۇنىڭ يۈرىكىنى تەلەپ قىلغان تۇرسا ، ئۆلتۈرمىسەم يۈرەكنى نەدىن تاپىمەن ؟ » ئۇ جەمھۇرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ باغلىدى . جەمھۇر دېدىكى :

— ئى باغۋەن ، مېنى ئۆلتۈرسەڭ مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن ، ئۆلتۈرمىسەڭ مۇرادىڭغا يېتىسەن . مېنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرسەن ؟

— سېنىڭ يۈرىكىڭ ئەلقىش ۋەزىرگە لازىمدۇر ، — دېدى بەختىيار قۇل .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى جەمھۇر ، — شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئوڭ تەرەپكە قارىساڭ ، بىر مەزلۇم بىر ئاق پاقلاننى تۇتۇپ تۇرىدۇ . ئاشۇ پاقلاننى ئېلىپ كېلىپ ، ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى ئېلىپ بارغىن .

بەختىيار كۈلۈپ كېتىپ :

— مەن سېنى ئەپلاتون سۈپەت كۆرگەن ئىدىم . ئەمدى بىلدىمكى ، سەن ئۇنداق ئەمەسكەنسەن . ئەلقىش ۋەزىر بۇنىڭدىن 1000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە 1000 يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى بىلىدىغان تۇرسا ، قوي بىلەن ئادەم يۈرىكىنى ئايرىيالماسمۇ ؟ — دېگەن ئىدى . جەمھۇر جاۋاب بېرىپ :

— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ راست . ئەمما ، بۇ مەزلۇمنىڭ بىر قويى بار ئىدى ، ئۆزى ھەم ھامىلىدار ئىدى . بىر كۈنى قويىمۇ تۇغدى ، ئۆزىمۇ تۇغدى . ئەمما ، مەزلۇمنىڭ بالىسى ئۆلۈپ كەتتى ، قوزىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ قالدى . بۇ مەزلۇم بالىسىنىڭ سۈتىنى توختىتالماي ، قوزىغا ئېمىتىپ چوڭ قىلغان ، شۇ سەۋەبتىن ئەلقىش ئۇنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ، — دېدى .

بەختىيار جەمھۇر كۆرسەتكەن يەرگە بارغان ئىدى ، دېگەندەك بىر مەزلۇم بىر پاقلاننى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ . بەختىيار ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ ، يۈرىكىنى ئەلقىشنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدى . ئەلقىش پۇراپ بېقىپ ، ئادەم ھىدى كەلگەچكە ، شۈئان چايناپ يېۋەتتى . بەختىيار قايتىپ بېغىغا كەلدى . جەمھۇر ئۇنىڭ كەيپىگە قاراپ ، خاپا ئىكەنلىكىنى

بىلدى ـ دە ، سورىدى :

— ئەلقىش ۋەدىسىدە تۇرۇپ قىزىنى بەردىمۇ ؟

— ياق ، — جاۋاب بەردى بەختىيار .

— ئۇنداق بولسا مېنى پىنھان جايدا ساقلىغىن . پادىشاھ 40 كۈندىن كېيىن بىر چۈش كۆرىدۇ ، ئۇ چۈشكە مەندىن ئۆزگە ھېچكىم تەبىر بېرەلمەيدۇ . شۇ كۈنى مۇرادىڭغا يەتكۈزىمەن ، — دېدى جەمھۇر .

شۇنداق قىلىپ ، باغۋەن بىر گەمە راسلىدى . جەمھۇر گەمىگە كىرىپ ، ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولدى .

# يوقاپ تىپىلغان چۈش

پادىشاھ كەيقۇباد بىر كۈنى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرىدىكى، قورقۇپ شۇئان ئويغىنىپ كەتتى. ئەمما، ئويغانغاندا كۆرگەن چۈشنى ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ئەتىسى سەلتەنەت تەختىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، جىمىكى پادىشاھان، شەھرىيان ۋە گەردەن - كۈشانلار سالامغا كەلدى، پادىشاھنىڭ يەنە 12 مىڭ ھۆكۈماسى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىلىم - ھېكمەت بابىدا بەنەزەر ئىدى. پادىشاھ سۆز باشلاپ:

— ئى ھۆكۈمالار، مەن بىر چۈش كۆرۈپ ئۇنتۇلۇپ قالدىم. ئاشۇ چۈشۈمنى تاپقايسىلەر، — دېدى.

ئەلقىش باشلىق ۋەزىرلەر ئەبۇدىيەت جايىغا كېلىپ دېدىكى:

— ئى پادىشاھىئالەم پاناھ، سىز چۈشىڭىزنى ئېيتسىڭىز، بىز ئاندىن ئۇنىڭغا تەبىر ئېيتمايمىزمۇ؟ بىلمىگەن چۈشكە قانداق تەبىر ئېيتقىلى بولسۇن؟ ...

پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئى تۇزكورلار، يوقالغان چۈشنى تاپالمىساڭلار، ئەمدى سىلەرنىڭ ماڭا نېمە كېرىكىڭلار؟ — دەپ ھەممىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. ئەلقىش باشلىق ھۆكۈمالار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ 40 كۈنلۈك مۆھلەت ئالدى. ئاندىن تامام ھۆكۈمالار ئەلقىشنىڭكىگە يىغىلىپ، يوقالغان چۈشكە تەبىر ئىزدەشتى، ئەمما ھەرقانچە مۇلاھىزە قىلىپمۇ چۈشنى زادىلا تاپالمىدى. ئاخىر ھەممىلىرى ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتاپ ئۆيلىرىگە يېنىشتى.

ئەلقىش: « قانداقلا بولمىسۇن بۇ 12 مىڭ ھۆكۈما بىلەن ئۆلۈمدىن

قۇتۇلۇشۇم كېرەك » دەپ ئويلاپ، قۇلى بەختىيارنى ئېلىپ بىر خالىي يەرگە باردى. ئاندىن قولىغا قىلىچنى ئالدى - دە، سورىدى:

— ھەي قۇل، سەندىن بىر سۆز سورايمەن، راستىنى دېمىسەڭ ئۆلتۈرىمەن. ھېلىقى كۈنى بىر ئوغۇلنى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكىنى كەلتۈرگەن ئىدىڭ، گۇمانىم باركى، ئۇ تىرىك بولسا كېرەك، راست گەپنى قىل.

قۇل جىم تۇردى، ئەمما ئۇ ھەر كېچىسى جەمھۇر بىلەن بىللە ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن: « ئى بەختىيار، يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئەلقىش قولىغا تىغ ئېلىپ تۇرۇپ سەندىن مېنى سورايدۇ. مېنى بار دېگەيسەن » دېگەن ئىدى. ئەلقىش بولسا پادىشاھنىڭ چۈشنى جەمھۇرنىڭ تاپالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاۋۋال جەمھۇرغا پادىشاھنىڭ چۈشىنى تاپقۇزۇپ ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن جەمھۇرغا قول سالماقچى بولغان ئىدى. شۇڭا، جەمھۇرنى تاپماق ئۈچۈن بەختىيارنى سوراق قىلدى. بۇ چاغدا جەمھۇر گەمىدىن چىقىپ ئەلقىشنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى، بەختىيار ئېغىز ئاچقۇچە، ئەلقىشنىڭ ئالدىغا جەمھۇر ئۆزى كەلدى. ئەلقىش جەمھۇر بىلەن كۆرۈشۈپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە كۆپ تەكەللۇپلاردىن كېيىن، ئەرز قىلدى:

— ئى ھېكمەت يېگانىسى ۋە زامان ھاكىمى، پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ، كۆرگەن چۈشىنى ئۇنتۇپتۇ. بۇ چۈشنى تېپىشقا بىز 12 مىڭ ھۆكۇما ئاجىز كەلدۇق، ھەممىمىز ئۆلۈمگە بۇيرۇلدۇق. بۇ چۈشنى سىز تاپالارسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە تاپىمەن، — جاۋاب بەردى جەمھۇر.

ئەلقىش بۇ جاۋابتىن شۇنداق خۇش بولدىكى، جەمھۇرنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ كەتتى. ئاندىن:

— سىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن بېرىپ پادىشاھقا خەۋەر- گىمىزنى يەتكۈزەي، سىزنى ئىززىتىڭىز بىلەن ئېلىپ بارسۇن، — دەپ تۇراتتى، پادىشاھنىڭ يېنىدىن ياساۋۇللار كېلىپ، ئەلقىش باشلىق جىمى

ھۆكۈمالارنى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ ئۇلاردىن:

— ئى ھۆكۈمالار، چۈشۈمنى تېپىپ تەبىر بېرەلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. ھەممەيلەن جىم تۇرۇشتى. ئەلقىش ۋەزىر ئېغىز ئېچىپ:

— ئى پادىشائالەم، سىزگە مەلۇمدۇركى، ياش ۋاقتىمدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ يۈرگەندە، بۇنداق ئىشلاردىن خەۋەردار ئىدىم، ئەمدى قېرىپ قالدىم، قېرىلىقنىڭ ئاۋۋالقى شەرتى ئۇنتۇغاقلىقتۇر. مېنىڭ بىر شاگىرتىم بار ئىدى، سىزنىڭ چۈشىڭىزنى شۇ تېپىپ بېرەلەيدۇ ھەم تەبىر بېرەلەيدۇ، — دېگەن ئىدى، پادىشاھ غەزىپىدىن يېنىپ، خاس يا-
ساۋۇللىرىدىن ئىككىسىگە:

— سىلەر بېرىپ ئەلقىش دېگەن ھېلىقى شاگىرتنى كەلتۈرۈڭلار، — دېدى. ياساۋۇللار ئەلقىشنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— ئەلقىشنىڭ شاگىرتى قايسىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مانا مەن، — دېدى جەمھۇر.

ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزدى. جەمھۇر خۇشياقمى-
غان ھالدا جاۋاب قايتۇرغان ئىدى، ياساۋۇللاردىن بىرى تاياقنىڭ ئۇچىنى جەمھۇرغا تەڭلەپ:

— تېز بول! — دەپ زورلۇق قىلدى. جەمھۇر ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ياساۋۇلغا ھۈرگەن ئىدى، تاياق ياساۋۇلنىڭ قولىغا تۇتىشىپ قالدى. قولىمۇ دېۋەيلىگەن پېتى قېتىپ قالدى. يەنە بىرى كېلىپ جەمھۇرنىڭ باش - كۆزلىرىگە تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىۋىدى، ئۇنىڭ قولىنىمۇ تاياقتا چاپلاشتۇرۇپ قاتۇرۇپ قويدى. بۇ ئىككى ياساۋۇل قوللىرىدىكى تاياق بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىشاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىلدى. كۆڭلىدە «ياساۋۇللارنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغىنىدىن قارىغاندا، مېنىڭ يوقالغان چۈشۈمنى تاپالايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ مىنىدىغان ئېتىنى خاس ئادىمىدىن ئەۋەتىپ، جەمھۇرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. جەمھۇر «ئاتقا مىنمەيمەن» دەپ كەلگىلى ئۇنىمىدى. تۆگە ئەۋەتكەن

ئىدى ، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى . بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ غەزەپلىنىپ :

— ئات ئەۋەتسەم كەلمىسە ، تۆگە ئەۋەتسەم كەلمىسە ، قېچىر ئەۋەتسەم كەلمىسە ، ئۇنىڭ كەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىكەن ؟ دەرھال بىلىپ كېلىڭلار ، — دەپ يەنە ئادەم ئەۋەتتى . ئۇلار بېرىپ پادىشاھنىڭ يارلىقىنى جىددىي يەتكۈزدى . جەمھۇر جاۋاب بېرىپ :

— مېنى ئەلقىش ۋەزىر كۆتۈرۈپ ئاپارمىسا ھەرگىز بارمايمەن ، — دېدى .

ياساۋۇللار كېلىپ جەمھۇرنىڭ دېگەنلىرىنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى . پادىشاھ ئەلقىشكە قاراپ :

— ئى ئەلقىش ، بارغىن . نېمە دېسە تەخىر قىلماي شۇنى قىلىپ بەرگىن . ئۇ كېلىپ چۈشۈمگە تەبىر بېرەلىسە ، ئاندىن سەن ئۆلۈمدىن خالاس بولىسەن ، — دېدى .

ئەلقىش جەمھۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناھايىتى بىچارىلىك بىلەن ئۇنى تەكلىپ قىلدى . جەمھۇر دېدىكى :

— ئەگەر سەن مېنى ئېلىپ بارماقچى بولساڭ ، پادىشاھنىڭ يارلىقى بويىچە تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇرغىن .

ئەلقىش نائىلاج ئىككى قولىنى تايىنىپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇردى . ئۇچىسىغا ئېگەر توقۇلدى . ئاندىن ئۆزەڭگە بېكىتتى ، ئاغزىغا يۈگەن سالدى ، قول - پۇتلىرىغا ناھال قېقىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا مىندى - دە ، قامچىدا بولۇشىغا ئۇرۇپ ئوردىغا كەلدى . پادىشاھ بۇ خە-ۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپ بىلەن :

— ئاۋۋال چۈشۈمنى تېپىپ تەبىر بېرىپ باقسۇن ، تاپالمىسا ، تەبىر بېرەلمىسە ، ئاندىن ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلاي ، — دېدى . پا-دىشاھ شۇنداق دەپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە جەمھۇر كىرىپ ، پادىشاھنىڭ ھەمدىگە ئېغىز ئاچتى .

پادىشاھ جەمھۇرغا بېقىپ ھەيران قالدى ۋە :

— ئى ئالىم ، ئۆز ئورنىڭىزنى تېپىپ ئولتۇرۇڭ ، — دېدى . جەم-

ھۇر شۇنداق قارىغان ئىدى ، پادىشاھنىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ئەلقىش ۋەزىرنىڭ ئورنى خالىي تۇرۇپتۇ ، بىرىپ شۇ يەردە ئولتۇردى . بۇ ئىش ئەمىرلەرگە ھار كېلىپ : « بۇ بالا بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى » دېيىشىپ ، غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى . پادىشاھ ئەمىرلىرىگە :

— بىر دەم تەخىر قىلىڭلار ، ئەگەر كۆرگەن چۈشۈمنى تېپىپ تەبىر بېرەلمىسە ، بۇ قوپاللىقى ئۈچۈن ئۇنى جاھان سەھىپىسىدىن يوق قىلىمەن ، — دەپ جەمھۇرغا يۈزلەندى :

— ئى ئوغۇل ، مەن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈم ، قورقۇپ كۆزۈمنى ئاچتىم . شۇ قورقۇنچتا نېمە چۈش كۆرگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالدىم . مېنىڭ كۆرگىنىم قانداق چۈش ؟ ئۇنىڭ تەبىرى نېمە ؟ ماڭا دەپ بەرگىن .

— بۇ چۈشىڭىزدە ، — دېدى جەمھۇر سۆز باشلاپ ، — ئالدىڭىزغا داستىخان سېلىنىپ ، توققۇز قاچىدا ئالىي نېمەتلەر كەلتۈرۈلدى ، ئۇلاردىن بىر قاچىدىكى نېمەتنى دىلىڭىز بەكرەك تارتتى . سىز ئۇنى زوق بىلەن ئالدىڭىزغا تارتىپ راسا ئىشتىھا بىلەن يەي دەپ تۇرغىنىڭىزدا ، يېنىڭىزدىن بىر قارا ئىت چىقىپ ئېشىڭىزغا چاڭ سالدى ، — جەمھۇرنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ، پادىشاھ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى - دە :

— ئى ھۆكۈمالىرىم ، دەل تاپتى . مېنىڭ يىتتۈرگەن چۈشۈم شۇ ئىدى ، — دېدى ، ئاندىن جەمھۇرغا ، — سىز چۈشۈمنى تاپتىڭىز ، ئەمدى تەبىرىنى ئېيتىپ بېرىڭ ، — دېدى .

— ئى پادىشاھىئالەم ، — دېدى جەمھۇر ، — ئەگەر ئۆلۈم گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز ئېيتاي .

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۈم ، ئېيت .

— ئى پادىشاھىئالەم ، سىزنىڭ توققۇز مەھرىمىڭىز بار ئىكەن ، ئۇلاردىن بىرسىنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىكەنسىز . ئۇ مەھرەم بىر ھەبەش قۇلغا ئاشىق ئىكەن . سىز ساداقەتمەن دەپ سانىغان ئۇ مەھرەم ئاشۇ

ھەبەش قۇل بىلەن ئىشرەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قوينىڭىزغا كىرىدىكەن. بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى مانا شۇ.

نەزم

مۇنداق دېگەن باشتىن ئۆتكەن دانا، ئاقىل ۋە شاھ ئەجەم:
«لەنەت ئاڭا گەرچە گۈزەل، ياخشى خوتۇن بولسىمۇ ھەم».

ئولتۇرغانلار ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. پادىشاھنىڭ پۇت-قولىدىن مادار قاچتى ۋە خىجالەتتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدىكى:

— ئى ئادەم، گەپنى دېدىڭ، ئەمدى تېپىپ بەر.

— ئۇنداق بولسا، بۇ توققۇز مەھرىمىڭىزنى تامام خىزمەتكارلىرى بىلەن باغقا كىرىشكە بۇيرۇغايسىز، باغدىن بىر-بىرلەپ چىقىپ، ئېرىقتىن ئاتلىسۇن، — دېدى جەمھۇر.

پادىشاھ بۇ توققۇز مەھرىمىگە «خىزمەتكارلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئايرىپ قويماي باغقا كىرسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. ئۇلار باغقا ماڭدى. باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر ئېرىق بار ئىدى. جەمھۇر ئېرىقنىڭ كۆۋرۈكىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇلارنى: «بىر-بىرلەپ ئاتلاپ ئۆتۈڭلار» دەپ بۇيرۇدى. باغقا كىرگەنلەر شۇ بويىچە بىر-بىرلەپ ئاتلاپ ئۆتتى، كىشى قالمىدى. جەمھۇر ھەيران بولۇپ تۇراتتى، ھەممىدىن كېيىن بىر مەزلۇم كېلىپ ئۆتتى. جەمھۇر:

— بۇنى تۇتۇپ دەرھال يالىڭاچلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇ مەزلۇمنى يالىڭاچلىغان ئىدى، پادىشاھنىڭ ھەبەش قۇلى ئىكەن. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پادىشاھ ھەيران بولدى، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ۋە گويا يەتتىنچى ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك يىقىلدى. بىردەمدىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ يارلىق قىلدى:

— بۇ توققۇز مەھرەم خىزمەتكار، بالا-ۋاقىلىرى بىلەن قوشۇپ

ھالاك قىلىنسۇن !

نەزم

خوتۇن بىلەن ئەجدىھا كۆمۈلگىنى خوپ ،<br>
جاھاندىن بۇ ئىككىسى يوق بولغىنى خوپ .

شۇئان جاللاتلار ھازىر بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلدى .



# ئەجەل يەتكەن ۋەزىر

پادىشاھ كەيقۇباد كۆڭلى يېرىم بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا جەمھۇر ئەرز قىلىپ :

— ئى پادىشاھئالەم پاناھ ، داد ! ... — دېدى ، پادىشاھ دەرھال :

— ئى ئالىم ، نېمە بولدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— كىمكى سىزنىڭ خىيانەتچىڭىز بولسا ، مېنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىن خۇن دەۋايىم بار ، — دېدى جەمھۇر . پادىشاھ سورىدى :

— ئۇ كىمدۇر ؟

— ئەلقىش ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ ، خەزىنە ئاستىغا كۆمۈۋېتىپتۇ . ئۇ خەزىنە بولسا سىزنىڭ ھەققىڭىزدۇر . مەن ئۇنىڭدىن ئاتامنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىمەن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ خىيالغا پاتتى ۋە :

— ئى خوجا ، گېپىڭ راستمۇ ؟ — دېدى .

— قېنى مەن بىلەن بېرىڭ ، سىزگە مانا مەن ئۆزۈم كۆرسىتىمەن .

كەيقۇباد ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەلقىشنىڭ ئۆيىگە كەلدى . جەمھۇر ئۇنى خەزىنىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىرىپ ، بىر ئالتۇن تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئىككى جەسەتنى ئالدى . بۇ ئىككى جەسەتنىڭ بىرى ئەلقىشنىڭ قۇلىنىڭ جەستى ئىدى ، يەنە بىرى جەمھۇرنىڭ دادىسى خوجا بەختىنىڭ جەستى ئىدى . جەمھۇر دادىسىنى كۆرۈپ تونۇدى ۋە جەسەتنى كۆتۈرۈپ ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ :

— ئى پادىشاھىئالەم ، مانا بۇ مېنىڭ ئاتامدۇر ، يەنە بىرسى بولسا ئەلقىشنىڭ قۇلىنىڭ جەستى ، — دېيىشى بىلەن تەڭ ، پادىشاھ ئەلقىشنى ئۆلتۈرۈپ پارچىلاپ ، ھەربىر پارچىسىنى بىر دەرۋازىغا ئاستۇردى ، خەزىنىنى بولسا ئۆزى تەسەررۇپ قىلدى ، ئاندىن جىمى شاھان ، شەھىرىيانلارنى جەم قىلىپ ، خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنى ئەلقىشنىڭ ئورنىغا ۋەزىر ئەزەم قىلىپ تەيىنلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن جەمھۇرنى كېچە - كۈندۈز ئۆز يېنىدىن ئايرىمىدى . جەمھۇر مەملىكەت ئىشىغا ئارام بېرىپ ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ رۇخستى بىلەن كۇفى شەھىرىگە كەلدى . تامام شەھەر خەلقى ئالدىغا چىقىپ ئۇنى كاتتا ھۆرمەت بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى . جەمھۇر ئانىسى بىلەن تېپىشىپ ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ ، ئاتىسىنىڭ جەستىنى بوۋىسى جاماس ھاكىمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى . ئاتا - بوۋىسىنىڭ نەزىر - چىراغلىرىنى ئوبدان بەرگەندىن كېيىن ، شەھەرنىڭ ئۆلىما ، پازىل ، سىپاھ ۋە خەلقنى يىغىپ چاي بەردى . ئانىسىغا كۆپلىگەن پۇل ، دېدەك - خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپ بېرىپ ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا قايتتى .



# نۇشىرۋان ئادىلنىڭ تەختكە چىققانلىقى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، كۇنلەرنىڭ بىر كۈنى كەيقۇباد ئۆلۈم ئەندىشىسى قىلىپ، « بۇ تاج - تەختنىڭ بەربات بولماسلىقىنىڭ ئىلاجىنى قىلغايمەن » دەپ ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ كاۋۇس كامرانى، مىرزىبان شاھ خۇراسانى دەيدىغان ئىككى ئوغلى بار ئىدى. بىر كۈنى كەيقۇباد:

— ئى دانىشمەن، قۇرئە سالغىن، بۇ تاج - تەختنى ئىككى ئوغلۇمنىڭ قايسىسىغا بەرسەم ئالەم ئاۋات بولۇر؟ — دېدى.

خوجا بۇ ئىككى ئوغۇلنىڭ كەلگۈسىگە قۇرئە سېلىپ كۆرۈپ دېدىكى:

— ئى پادىشاھئالەم، بۇ ئىككى ئوغلىڭىزدىن ئۈمىد گۈلى ئېچىلمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كەيقۇبادنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

— بۇنىڭ نېمە ئىلاجى بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

خوجا ئىقلىملارغا قۇرئە تاشلىدى. كۆردىكى، رۇم پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالسا، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلىدىكەن. ئاشۇ پەرزەنتنىڭ بەركاتىدىن بۇ ئالەم نېمەتلەر بىلەن پاراۋان، ئادالەت بىلەن مەشھۇر بولىدىكەن. كەيقۇباد بۇنى ئاڭلاپ شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدىلا سوۋغا - سالام ھازىرلاپ، 20 مىڭ لەشكەر قوشۇپ، رۇم پادىشاھىغا ئەلچى ئەۋەتتى. رۇم پادىشاھى كەيقۇبادنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، قىزىنى كەيقۇبادقا لايىق جابدۇتۇپ، سىپەرخاب رۇمى دېگەن ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ

شاھ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. پادىشاھ ئۇ نازىنىننى نىكاھىغا ئېلىپ، كامىدىل ھاسىل قىلدى. بۇ خانىش نۇشىرۋانغا ھامىلدار بولدى.

كەيقۇباد بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كېچە - كۈندۈز بارگاھىدا مەجلىس قىلىپ، جەمشىت جامىنى ئىشقا سالدى. مۇشۇنداق خۇشال يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە شادلىق سورۇنى قۇرۇپ، خوجىنى ساقىي قىلىپ، بىر جام شارابنى قولىغا ئېلىپ تۇرغاندا، « مەلىكەم تۇغدى » دەپ خەۋەر كەلدى. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن ئاجايىپ خۇشال بولۇپ، قولىدىكى مەي تولدۇرۇلغان جامنى خوجىغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— ئى دانا، دەرھال پەرزەنتىمگە ياخشى ئات قويۇپ بولۇپ، بۇ جامدىكى مەينى سۈمۈرۈۋەتكىن، — دەپ بۇيرۇدى.

— شاھزادىنىڭ ئىسمى نۇشىرۋان بولسۇن، — دەپلا شاھ تۇتقان شارابنى كۆتۈرۈۋەتتى خوجا. سورۇندا ئولتۇرغانلار خوجىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە تەھسىن قىلىشتى. ئاندىن پادىشاھ بېرىپ نۇشىرۋاننى كۆرۈپ مۇبارەكلىدى.

نۇشىرۋان كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تۆت ياشقا كىرگەندە پادىشاھ كەيقۇباد كېسەل بولۇپ كۈندىن - كۈنگە دەردى زىيادە بولدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلىپ پىشدادى، كىيانى، ئەشكانى، ساسانىلارنى جەم قىلىپ، ئۈچ ئوغلىنى ھەم كەلتۈرۈپ، چوڭ ئوغلى كاۋۇس كامرانىغا 80 مىڭ لەشكەر بىلەن 700 شەھەرنى بېرىپ، كابۇلنى پايتەخت قىلىپ، شۇ يەرگە ئەۋەتتى. ئوتتۇرانچى ئوغلى مىرزىبان شاھقا 80 مىڭ لەشكەر بېرىپ ھىسارغا ئەۋەتتى. تاج - تەختنى كەنجى ئوغلى نۇشىرۋانغا بەردى. ئاندىن ئولتۇرغان ئەمىرلەرگە بېقىپ:

— ئى خىش - ئەقرىبالىرىم، پۇقرالىرىم، مەن ئالەمدىن كېتىمەن. بۇ پەرزەنتىمنى ئوبدان ئاسرىغايسىلەر. ئىككىنچى سۆزۈم خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ ھۆكۈمىدىن زىنھار چىقمىغايسىلەر، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى. ئاندىن نۇشىرۋاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، خوجا

جەمـھۇرنى كۆرسىتىپ :

ــــ بۇ سىـنىڭ ئاتاڭدۇر . ھەرگىز سۆزىدىن چىقمىغىن ، ــــ دەپ ۋەسـىـيـتىنى تامام قىلدى ـ دە ، پەردە ئىچىگە كىرىپ ئالەمدىن ئۆتتى . پـادىـشاھنىڭ نەزىر ـ چىرىغىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ، خوجا جەمھۇر نۇشىرۋانغا بېقىپ :

ــــ ئوغـلـۇم ، مـەن سـىـزنى ئۈچ ئىشقا مەجبۇرىي سالىمەن ، مالال بـولـماي قـىـلغايسىز ، ــــ دېدى . بۇنى جىمى ئەمىرلەر قوبۇل قىلدى . شۇ كـۈنـدىـن بـاشلاپ نـۇشـىرۋاننى چۆلگە ئاپىرىپ 70 كۈنگىچە مال باققىلى قـويـدى . ئاندىن يەنە 70 كۈنگىچە زىندانغا سالدى . ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 70 كـۈن ئات يـېـتـىـلگۈچى قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كەلتۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى .

ئالىمنىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ئەمىرلەر ھەيران بولۇپ :

ــــ ئى دانـا ھاكـىم ، پادىشاھ تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن مەجبۇ- رىـي قـىـلـدۇرغـان بـۇ ئۈچ ئـىـشـنـىـڭ خاسىيتى نېمە ؟ بۇنىڭدىن بىزنى ۋاقىپلاندۇرغان بولسىڭىز ، ــــ دەپ سوراشتى .

ئابۇزەر ھاكىم نۇشىرۋانغا قاراپ تۇرۇپ :

ــــ ئى جـاھان پـانـاھ ، مەن سىزگە نەچچە ئاي نۇرغۇن جاپالارنى سـالـدىـم . بـۇنـىـڭـدىـن سـىـزگە كۆپ مەنپەئەتلەر يېتىدۇ . خەلقمۇ ئارام ئالالايـدۇ . ئەمـدى سـىـز پادىشاھ بولدىڭىز . بىلىڭكى ، سىز بىرىنچى قېتىم 70 كـۈن چـۆل ـ جـەزىـرىـدە مـال باقتىڭىز ، گۆش يېمەك ئاسان بولغان بـىـلـەن ، قـويـنى ئوتتىن ـ ئوتقا يۆتكەپ ، بوران ـ چاپقۇن ، ئىسسىق ـ سـوغـۇقـتـىـن سـاقلاپ ، يىرتقۇچ بۆرىدىن قوغداپ ھالىدىن خەۋەر ئالسا ، جـەبـىـر ـ جـاپادىن قورقماي كۆيۈنسە ، ئۇ قويلار ئوبدان سەمرىيدۇ ، ئاي- ـنـىيدۇ . پۇقرامۇ خۇددى قويغا ئوخشايدۇ . ئۇنى غاجاپ گۆشتەك يېمەكچى بـولـسـىـڭىز ، ھەممىسى ھالاك بولىدۇ ، سىزمۇ كېرەكسىز قويچىغا ئايلىنىپ قالىسىز . خەلقنى قويغا مىسال قىلسىڭىز ، قويچىدەك ئۇنىڭغا كۆيۈنگەيسىز ، قـوي سـەمـرىـسـە سـىـزمۇ نەپكە ئىگە بولالايسىز . سىزنى 70 كۈن زىندانغا

سالدىم. ئەمدى زىنداننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، بىر كۈننىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى، زىنداندا قانداق ئادەمنىڭ ياتىدىغانلىقىنى، ھەق ياتقان، ناھەق ياتقانلارنىڭ ھالىنى، ئازاب - زۇلۇملارنىڭ تەمىنى بىلدىڭىز. ھازىر سىز پادىشاھ بولدىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن خالىغانچە زىندانغا بۇيرۇيدىغان، ناھەق جازالايدىغان، ھەقىقەتنى پەرق ئېتەلمەيدىغان، كىشىنىڭ ھالىغا يەتمەيدىغان، نامۇۋاپىق چارە كۆرىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولالايسىز. سىزنى 70 كۈن ئات يېتىلىگۈچى قىلدىم، يول يۈرسىڭىز ئاستا يۈرگەيسىز. خەلقنى چاڭ - توزاندا قويۇپ تەكەببۇرلۇق قىلمىغايسىز. پۇقرالار دەرد - ئەھۋالىنى دېيەلمەيدىغان ھالەتتىن قورققايسىز. مەن سىزنى ئات چاپتۇرۇپ پۇقرالارنى دەپسەندە قىلىشتىن ساقلانغاي، ئات يېتىلەش ئارقىلىق بەگلەرنىڭ مىجەز - خۇلقىنى بىلىۋالسۇن دېدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئالىمنىڭ تەدبىرىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى. نۇشىرۋان ئاتىسى كەيقۇبادتىن قالغان تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى، ئالىمنىڭ نەسىھىتىنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ سۆزىدىن چىقماي، جاھان ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى.

شۇنداق قىلىپ، نۇشىرۋان ئابۇزەر ھاكىمنىڭ سۆزىدىن چىقمىدى. خوجىنى ئۆز ئاتىسى ئورنىدا كۆردى. پۇقرالار ئارام تېپىپ، زۇلۇم - ستەمدىن خالىي ئۆتتى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، زالىم ئەلقىش ۋەزىر ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىزىنى خوجا ئابۇزەر ھاكىم ئەلقىشنىڭ قولى بەختىيارغا نىكاھلاپ بەرگەن ئىدى، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، ئۇنىڭ ئېتى بەختەك قويۇلدى. بەختەك ئىلىم - ھېكمەتتە بوۋىسى ئەلقىشتىن ئېشىپ كەتتى. ئۇ نۇشىرۋان ئوقۇغان مەكتەپتە ئوقۇيتتى. دەرستىن چۈشكەندە، نۇشىرۋاننى بۇتخانىغا ئېلىپ باراتتى، مەكتەپتە نۇشىرۋاننىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ نۇشىرۋاننىڭ كۆڭلىنى رام قىلىۋالغان ئىدى. خوجا بۇنىڭدىن خەۋەرسىز

ئىدى . بەختەكمۇ چوڭ بولدى . بۇ چاغدا 12 مىڭ ھۆكۈما بەختەكنىڭ بوۋىسى ئەلقىشنىڭ ماتىمىنى تۇتاتتى . ئۇلار بەختەكنىڭ بۇنداق پەم - پاراستىنى كۆرۈپ ، ئۇنى شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپ :

— ئى شەھرىيار ئالەم ، بۇ يىگىت ئەلقىشنىڭ قىزىنىڭ ئوغلىدۇر . بوۋىسى بارچىمىزگە سەردار ئىدى . بۇنى پەرۋىش قىلسىڭىز ، — دەپ ئىلتىماس قىلدى . پادىشاھنىڭ كۆڭلىدىمۇ شۇنداق پىلان بار ئىدى ، شۇڭا بەختەكنى دەرھال سول قول ۋەزىر قىلدى .

بۇنى كۆرگەن خوجىنىڭ يۈرەكلىرى سىرقىراپ ، كۆزلىرىدىن ياش راۋان بولدى . چۈنكى ، ئۇ بۇنىڭدىن كۆپ شۇملۇقلار كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى .

نەزم

دۈشمىنىم ئۆلدى دەپ بولما بىخەستە ،
يىلاننى ئۆلتۈرسەڭ تۇخۇمى قالار .
تۆرىلىپ بىر كۈنى ياخشى پۇرسەتتە ،
تۇيۇقسىز ۋاقتىڭدا نەشتەرنى ئۇرار .

شۇنداق قىلىپ ، خوجا نۇشىرۋاننىڭ ئوڭ قول تەرىپىدىن ، بەختەك سول قول تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى . بەختەك نۇشىرۋاننى بۇتخانىغا باشلاپ ئاپىرىپ ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىنىدىن تەلىم بېرەتتى ۋە :

— ئى پادىشاھ ، جاھانگىرلىك زۇلۇم - جاپاسىز ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ . خالايىق سەندىن قورقمىسا ، يوللارنى قاراقچىلار ئىگىلەيدۇ ، ئۆتەڭلەر ۋەيران بولىدۇ ، دۈشمەنلىرىڭ تاج - تەختىڭگە قەست قىلىدۇ . جاھانغا خوجا بولىمەن دېسەڭ ، زالىم بولۇشۇڭ كېرەك ، — دەيتتى . بۇ ئىككىسى ھەر قېتىم بۇتخانىدىن يېنىپ خوجىنىڭ قېشىغا كېلەتتى . خوجا نۇشىرۋاننىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىلەتتى ، لېكىن ئۇنى تۈزەشقا ھېچ ئىلاج قىلالمايتتى .

خوجا نۇشىرۋاننى ئادالەتكە دالالەت قىلاتتى. نۇشىرۋان بەختەكنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى، ئەمما قىلمايتتى. خوجىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، نېمە دېسە شۇنى قىلاتتى. لېكىن، خوجىنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى قوبۇل قىلمايتتى. شۇنداق قىلىپ، بەختەك كۇپرى قىلدى، زالىم قىلالمىدى؛ خوجا ئادىل قىلدى، مۇسۇلمان قىلالمىدى.

نۇشىرۋان ئۆيلەنمىگەن ئىدى، خوجا ئۇنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سېلىپ بېقىپ، ئىقلىم پادىشاھلىرى ئارىسىدىن چىن پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭدىن نۇشىرۋان ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولدى. ئوغۇللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمىنى ھورمىز، يەنە بىرىنىڭكىنى پەركوز قويدى. قىزىنىڭ ئىسمى مەلىكە نىگار بولدى. پادىشاھ نۇشىرۋان خوجىنىڭ سۆزىدىن زىنھار چىقماي، مەملىكەتنى ئادىللىق بىلەن باشقۇردى. بۇنىڭدىن بەختەك نارازى بولۇپ، پادىشاھنى ئۆزىنىڭ سۆزىگە كىرگۈزەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى خوجىدىن كۆردى، خوجىنى يوقاتسام، نۇشىرۋان مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، خوجىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ چىقتى.

بىر كۈنى بەختەك ئىككى ئادەمنى خالىي جايغا ئاپىرىپ:

— ھەي يوقسۇللار، مەن سىلەرنى باي قىلاي، بىر شەرتىم بار، قوبۇل قىلساڭلار، — دېدى. ئۇلار قوبۇل كۆردى. ئاندىن بەختەك يەنە، — ئۇنداق بولسا، سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن سوقۇشۇپ، باش - كۆزۈڭلارنى يېرىڭلار، ئاندىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ داد ئېيتىپ، بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنى: «بۇ مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، سىز ئۇنىڭدىن قىساسىمنى ئېلىپ بەرگەيسىز» دەڭلار. شۇ چاغدا پادىشاھ بىرىڭلارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ ماڭغاندا: «ئى پادىشاھ، مېنىڭ ئۈچ ھۈنىرىم بار ئىدى، ئۇلارنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ» دەڭلار. پادىشاھ: «نېمە ھۈنىرىڭ بار؟» دەپ سورىسا، «بىرىنچىسى، تەقلىي روھنى ① بىلىمەن، ئىككىنچىسى 70 خىل تىلنى بىلىمەن، ئۈچىنچىسى

---

① تەقلىي روھ — روھنى بىر تەندىن ئىككىنچى بىر تەنگە يۆتكەش.

ئالتۇننى تېرىپ ئۇندۇرەلەيمەن » دەڭلار . ئۇنىڭدىن كېيىنكى گەپنى مەن ئۆزۈم تۇگەللەيمەن ، — دەپ ئۆگىتىپ ، ئۇلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ، بەختەك ئارقىسىدىن باردى . پادىشاھ مەجلىس ئۇستىدە ئولتۇراتتى ، قۇلىقىغا دەۋاگەرلەرنىڭ ئاۋازى يەتتى - دە ، دەرھال ئۇلارنى كەلتۇرۇپ :

— نىمە دەۋايىڭلار بار ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، ئۇلاردىن بىرى ياشلىرىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ ، يېنىدىكى بىرىنى كۆرسىتىپ :

— بۇ ئادەم ئاتامنى ئۆلتۇرۇۋەتتى ، — دېدى . پادىشاھ يەنە بىرىدىن سورىغان ئىدى ، ئۇ :

— راست ئۆلتۇرۇۋەتتىم ، — دېدى .

نۇشىرۋان ھەممە ئىشنى يېنىدىكى ئالىم ئابۇزەر ھاكىمدىن سورىماي قىلمايتتى ، ئۇنىڭغا قارىغان ئىدى ، ئابۇزەر ھاكىم ئۇنى ئۆلۇمگە بۇيرۇدى . شۇئان بەختەك ئورنىدىن تۇرۇپ دېدىكى :

— ئى جاھان پاناھ پادىشاھ ، سەن بولساڭ ئادىل شاھدۇرسەن . ئادىللىق نامىڭ 72 مىللەتنى ئۆزىگە تارتىپ ، ھەممىسى سېنىڭ ئادالىتىڭنىڭ ئاستىغا جەم بولدى . ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۇچۇن ، دەرد - ھالىنى ساڭا ئۇقتۇرالماي ، ئادالىتىڭدىن بەھرە ئالالمىدى . ساڭا ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىر كىشى لازىم . بۇ قاتىلنى ئۆلتۇرۇشتىن بۇرۇن ، ئۇنىڭ بىلىدىغان تىللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش زۆرۈردۇر . ئۇ نۇرغۇن تىلنى بىلىدۇ .

بۇ گەپ پادىشاھقا ماقۇل كەلدى - دە ، سورىدى :

— شۇنچە تىلنى ئۆگىنىش كىمنىڭ قولىدىن كەلگەي ؟

— جاھان ئالىمى ئابۇزەر ھاكىم كۆپلىگەن مەزھەپنىڭ تىلىنى بىلىدۇ ، بىلمىگەن جايلىرىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىۋېلىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئاساندۇر ، — دېدى بەختەك .

نۇشىرۋان ئالىمغا قاراپ :

— ئۆگىنەلەرسىزمۇ ؟ — دېدى . ئابۇزەر ھاكىم ھېلىقى ئىككى

ئادەم ماجىراسىنىڭ يالغانلىقىنى ، ئۆز تىلىدىن باشقا تىلنى بىلمەيدىغانلىقىنى ، بەختەك قەستەن ھىيلىگەرلىك قىلىپ جامائەت ئالدىدا ئۆزىنى رەسۋا قىلماقچى بولغانلىقىنى ، قىسقىسى ، بۇ بىر سۇيىقەست ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . ئەمما ، ئۆگىنەلمەيمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، ئۇ نائىلاج : « ئۆگىنەلەيمەن » دېدى . شۇنداق قىلىپ ، « قاتىل » ئابۇزەر ھاكىمغا تاپشۇرۇلدى . ئابۇزەر ھاكىم ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ :

— قېنى قايسى تىللارنى بىلىسەن ؟ ماڭا ئۆگەتكىن ، — دېدى .

ئۇ ئادەم دېدىكى :

— مېنىڭ دادام ناھايىتى دۇنيادار كىشى ئىدى . پۇلنى خالىغانچە سەرپ قىلىپ ، يەپ ـ ئىچىپ ، ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم . ئەگەر سەن مېنىڭدىن ئۆگەنمەكچى بولساڭ ، مېنى 40 كۈنگىچە كۆڭلۈمدىكىدەك كۈتكىن ، بۇيرۇقلىرىمغا زىنھار خىلاپلىق قىلماي ھەممىنى بەجا كەلتۈرگىن . بۇنىڭغا كۆنسەڭ ئاندىن ئۆگىتىپ قويىمەن .

— دېگىنىڭدەك بولسۇن ، — دېدى ئابۇزەر ھاكىم .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى ئۇ ئادەم ، — 40 كۈنگىچە كۈندە بىر قوزىنىڭ كاۋىپىنى ، بىر خۇمرا شاراب ، توققۇز نەپەر خۇش ئاۋاز ھاپىز ، كۈندۈزى بىر قىز ، كېچىسى بىر قىز كەلتۈرگىن . بۇلار بىلەن كۆڭلۈمنى خۇش قىلىۋالاي ، ئاندىن ئۆگىتىمەن .

ئابۇزەر ھاكىم ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ بەردى . 40 كۈنمۇ توشتى . ئابۇزەر ھاكىم ئېيتتىكى :

— ھەي ئادەم ، دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىنى قىلىپ بەردىم ، 40 كۈنمۇ توشتى . ئەمدى ھۈنىرىڭنى ئۆگەت .

بۇ ئادەم يىغلاپ ، ئۆزىنى ئابۇزەر ھاكىمنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەختەكنىڭ ئۆگەتكەنلىكىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلدى . ئابۇزەر ھاكىم بۇ ئادەمگە خىراجەت بېرىپ ، يەنە بىر شەھەرگە قوغلىۋەتتى . ئەمما ، نۇشىرۋان بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز ئىدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە نۇشىرۋان شىكارغا چىقىپ قايتىپ كېلىۋاتقان

ئىدى ، بىر ۋەيرانىلىقتا يولۇقۇپ قالدى . ۋەيرانە تاملارغا نۇرغۇن جانىۋارلار قونۇۋالغان ئىدى . بۇلار غوۋغا قىلىشىپ ، توپ ـ توپ بولۇپ غەزەپ بىلەن سوقۇشۇۋاتاتتى . پادىشاھ بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ :

— بۇ قانداق جانىۋار ؟ بۇلارنىڭ جېدەل قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ ئۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدۇ ؟ — دەپ سورىدى . بەختەك شۇئان :

— ئى جاھان شاھى ، بۇ جانىۋار چۇغۇندەك دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ ماكانى ۋەيرانىلىقتۇر . ئۇلار قەيەرنى ماكان قىلسا ، شۇ يەر ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ . بۇلارنىڭ تىلىنى ئابۇزەر ھاكىم ئوبدان بىلىدۇ ، — دېدى .

نۇشىرۋان دېدىكى :

— ئى ئابۇزەر ھاكىم ، بۇ جانىۋارلار نېمە دەيدۇ ؟

ئابۇزەر ھاكىمنىڭ كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى ، بىلمەيمەن دېيىشنىڭ ئىلاجى يوق ئىدى . شۇڭا ئۇ ، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ :

— مەن يېقىنراق بېرىپ ئاڭلاپ باقاي ، — دەپ بىر تامنىڭ تۈۋىگە باردى . بىردەم ئويلانغان ئىدى ، كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى ـ دە ، دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى شاھىم ، ئوڭ تەرەپتە ئولتۇرغان چۇغۇندەكلەرنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن . سولدىكى چۇغۇندەكلەرنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن . قىز تەرەپ تويلۇق ئۈچۈن ئوغۇل تەرەپكە : « 10 ۋەيرانىلىق بەرسەڭلار » دېدى . ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپنىڭ دۆتلۈكىگە قاتتىق غەزەپلىنىپ : «ھېلىغۇ 10 ۋەيرانىلىقكەن ، نۇشىرۋانغا بەختەك ۋەزىرلا بولسا ، ئۇنىڭ مەملىكىتى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ . ساڭا 10 ئەمەس ، 100 ۋەيرانىلىق بېرەي » دەيدۇ ، — دېدى .

نۇشىرۋان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ « بەختەكنىڭ كاساپىتىدىن مەملىكەت خاراب بولىدىغان بولسا ، مەن قانداقمۇ ئادىل پادىشاھ بولغان بولىمەن ؟ بەختەكنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلمىسام بولمىغۇدەك » دەپ

ئويلاپ ، شۇئان 40 كالتەك ئۇرغۇزۇپ ، خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئابۇزەر ھاكىمغا ئېلىپ بەردى ، بەختەكنى گۇناھكار قىلدى . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئاتا نەسەبىنى ئەستە تۇتۇپ ، ئابۇزەر ھاكىمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆردى . ئۈچ ئىشتا ئادىل بولدى .

بىرىنچىسى چۆل - جەزىرىدە قوي باققان كۈنلىرىنى ئۇنتۇمىدى . يېلىك - يالىڭاچ ، يالاڭ ئاياغ ، ئاچ - توق ھالدا چۆللەردە تىكەن دەسسەپ ، تۇرمۇش قايغۇسىدا جاپا تارتقان غەمكىن بىچارىلەرنىڭ سىيىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى . پۈتۈن خەزىنىنى يوقسۇزلارغا ئاتاپ ، خەلقنى باي قىلدى .

ئىككىنچىسى گۇناھكارنى زىندانغا بۇيرۇشتا ئېھتىيات قىلدى ، زىندانىنى ئۆزى يوقلاپ تۇردى ، گۇناھكارلارنى ئاچ قويمىدى ۋە قىينىمىدى . زىنداندىكى بىر كۈننى بىر يىل دەپ ھېسابلىدى ، ھەق - ناھەقكە كۆڭۈل بولدى ، كىشىنىڭ سۆزىگە تەھقىق قىلمىغۇچە ئىشەنمىدى ، يامان يولغا ماڭمىدى .

ئۈچىنچىسى ئالىملارنى ئىززەتلىدى ، يامانلارنى يېنىغا يولاتمىدى ، پۇقرالار بىلەن باراۋەر ئۆتتى ، داغدۇغا قىلمىدى . ئۇنىڭ دەۋرىدە قوي بىلەن بۆرە بىر يەردە ياشىدى . كەپتەر بىلەن لاچىن بىر ئۇۋىدا كۆپەيدى . دىن ، مەزھەپ ، مىللەت ئايرىلمىدى ، ھەممە ئادەم ئىنسان دەپ قارالدى . نۇشىرۋان پەقەت ھەقىقەتنى ، ئادالەتنى ياقلىدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ نامى « ئادىل » دەپ دۇنياغا مەشھۇر بولدى . نۇشىرۋان بۇتپەرەس ئىدى ، لېكىن ئادىل دېگەن نامنى ھەممىگە مەشھۇر قىلدى .

بىر كۈنى ئابۇزەر ھاكىمنى چاقىرىپ :

— سىز مېنى ئۈچ ئىشقا مەجبۇرلىغاندا « بۇنىڭدىن سىزگە كۆپ مەنپەئەت يېتىدۇ » دېگەن ئىدىڭىز . دۇنيادا ئادەملەر ئارزۇ قىلىدىغان «ئادىل » دېگەن نامنى ئالدىم . ئەگەر ئۈچ ئىشنى قىلىپ كۆرمىگەن بولسام ، خەلقنىڭ ھالىنى بىلمەس ئىدىم ، بۇنىڭدەك ئۇلۇغ شان - شەرەپ ماڭا مەنسۇپ بولماس ئىدى ، — دېدى .

# نۇشىرۋاننىڭ ئادالەت زەنجىرى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەگەشتۈر-مەي كوچىغا چىقىپ پۇقرالار بىلەن ئارىلىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى. پۇقراچە ياسىنىپ ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى بىلدۈرمەيتتى. بۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ ھال - كۈنىنى بىلمەكچى بولاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى يالغۇز شەھەرگە كىرىپ، ناھايىتى ئاۋات بىر بازارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقاندا، بىر ئاتلىق كىشى شۇنداق تېز كې-لىپ، 70 ياش ئەتراپىدىكى بىر بوۋاينى سوقۇۋەتتى. بىچارە بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئاجىز ئىدى. ئۆملەپ يۈرۈپ ئاران تەستە ئورنىدىن تۇرۇۋ-ىدى، ھېلىقى ئاتلىق كىشى ئاتتىن چۈشۈپ، بوۋاينىڭ باش - كۆزىگە قامچىدا بىرقانچىنى ئۇرۇۋەتتى. بۇ ئۇرغۇچى ئوردا كىشىلىرىدىن بولۇپ، نۇشىرۋاننى كۆرمىگەن ئىدى. ئارقىدىنلا بوۋاينى سۆرەپ:

— ماڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىمەن. سەن مېنىڭ يولۇمنى توسۇپ ئىشىمدىن قويدۇڭ، — دەپ تەھدىت قىلىۋىدى، بىرنەچچە ئادەم بۇ ئاتلىق كىشىگە بولۇشۇپ:

— سەن بۇ كىشىگە كاشىلا بولۇپ ئىشىدىن قويدۇڭ، خۇشال كېتىۋاتقان كىشىنى خاپا قىلىپ كۆڭلىنى چىگدىڭ. بۇنىڭ ئۈچۈن پا-دىشاھ سېنى جازالايدۇ، — دېدى. بىچارە بوۋاي ئاتلىق كىشىدىن گۇناھىنى تىلىدى. ھېلىقىلار ئارىلاشقان بولۇپ ئايرىپ قويدى. بوۋاي قۇتۇلغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، مىڭلارچە رەھمەت بىلەن كېتىپ قالدى.

نۇشىرۋان بۇ ئادالەتسىزلىكنى كۆرۈپ، شۇئان ئوردىغا ياندى.

تەخت سەلتەنىتىدە بوۋاينىڭ ئەرزىنى كۆتۈپ ئولتۇردى ، لېكىن بوۋاي كەلمىدى . بۈگۈن كېلەر ، ئەتە كېلەر دەپ بىر ئايغىچە ساقلىدى . ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن ، بىر كۈنى يەنە شۇ كوچىغا باردى . ھېلىقى كۈنى بوۋاينىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالغان ئىدى ، ئىزدەپ ئۆيىگە باردى . بوۋاي تېخىچە ساقىيالمىغان ئىدى . نۇشىرۋان كېسەلنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ئىدى ، بوۋاي ھېلىقى كۈنى يۈز بەرگەن ئەھۋالنى ئەينەن بايان قىلىپ ، تاياق زەربىسىدىن ھازىرغىچە ئوڭلىنالمىغانلىقىنى ئېيتتى . نۇشىرۋان :

— نېمە ئۈچۈن ئەرز قىلمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، بوۋاي جاۋاب بېرىپ :

— ئى ئوغلۇم ، مەن ئەرز قىلىپ باردىم ، لېكىن ياساۋۇللار دەرۋازىدىن كىرگۈزمىدى . پادىشاھ ئادىل بولغان بىلەن ، بىز ئۈنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلمىگەندىن كېيىن پادىشاھقىمۇ ، بىزگىمۇ نېمە ئىلاج ؟ ئەگەر پادىشاھىمىز بىلىدىغان بولسا ، مەن بۇنداق كۈنگە قالماس ئىدىم ، — دەپ زار - زار يىغلاپ كەتتى .

پادىشاھ ئويلىدىكى ، مەن ئادىل بولغان بىلەن ، خەلقىم بىلەن كۆرۈشەلمەيدىكەنمەن . ئادالەتسىزلىك تېخى بار ئىكەن ، بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلمىسام بولمىغۇدەك .

پادىشاھنىڭ بېشى قېتىپ ، ئابۇزەر ھاكىمنى چاقىرىپ كۆڭلىدىكىنى بايان قىلدى ۋە قانداق قىلىشنى سورىدى . ئابۇزەر ھاكىم :

— ئى ئالەم پاناھ شاھ ، ھايات ناھايىتى قىسقىدۇر ، بىر كۈن پادىشاھقىمۇ ، گادايغىمۇ ، يىغلىغانغىمۇ ، كۈلگەنگىمۇ ئوخشاش ئۆتىدۇ ، ئۆمۈر بەرىبىر ئاخىرلىشىدۇ ، مەنسەپ ، مال - دۇنيا جانغا ئەسقاتمايدۇ . ئەجەل توشقاندا ھەممە ئادەم ئوخشاشلا ئۆلىدۇ ، قايتا كەلمەيدۇ . مۇشۇنچىلىك قىسقا ئۆمۈرگە پادىشاھلار خەزىنە توپلايدۇ ، تۈمەنلىگەن ئادەمنى قىيناپ ، يىغلىتىپ ، ئاچ - زار ، يېلىڭ - يالىڭاچ قويۇپ ، توپلىغان خەزىنىسى ئەمدىلا ھۇدۇتىغا يېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاي دې-

گەندە ، ئەجەل جانىنى ئالدۇ ، خەزىنە كېپىنكىلەرگە قالدۇ . كېپىنكىلەر بولسا قان چاچقاندەك بۇزۇپ - چېچىپ تۆكتىدۇ . پۇل - دۇنيا توپلىغۇچىلار ، ئەمەلدارلار يېيىمەي - ئىچمەي يىغدۇ ، بىر كۈنى ئۆلدۇ ، راھەتىنى خوتۇنىنىڭ كېپىنكى ئېرى كۆرىدۇ . سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز ھەقتۇر . ئادىل بولاي دېسىڭىز زالىم بولماڭ ، خەلقنىڭ دادىغا يېتىڭ . تىلىسىز ، تىللىق جانلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىمدىل بولۇڭ . ئۆمرىڭىزنى ياخشىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئالەمدە ياخشى نام قالدۇرۇڭ ، ياخشى نام تۈگىمەس خەزىنىدۇر . مەن سىزگە شۇنداق بىر ئادالەت زەنجىرى ئورنىتىپ بېرەيكى ، ھەممە ئادەم چوڭ - كىچىك ، باي - كەمبەغەل دېمەستىن سىز بىلەن بىمالال سۆزلىشەلەيدىغان بولسۇن ، ھەتتا جان - جانىۋارلارمۇ سىزنىڭ ئادالەت نۇرىڭىزدىن بەھرە ئالالايدىغان بولسۇن . بۇنىڭ بىلەن جاھاندىن ياخشى نامىڭىز ئۆچمەي ، ئالەم ئەھلى ياخشى نام بىلەن سىزنى ياد ئېتىدۇ ، — دېدى . نۇشىرۋان شاھ بۇنىڭدىن شۇنداق خۇشال بولۇپ ، بۇ ئىشنىڭ رىغبىتىنى ئابۇزەر ھاكىمغا تاپشۇردى . ئابۇزەر ھاكىم چىقىپ ئىلمى ھېكمەت بىلەن ئالتۇندىن شۇنداق بىر زەنجىر بەرپا قىلدىكى ، ئۇ يەر يۈزىدىن 360 گەز كۆتۈرۈلۈپ ئاپئاپتەك روشەن نۇر چېچىپ تۇراتتى . بىر ئۇچى ئوردا دەرۋازىسىدىن يىراق جايدىكى ئات يېتىلگۈچىلەر دەرۋازىسىدا ، بىر ئۇچى ئوردا تۈگۈلۈكىدىن كىرگۈزۈلۈپ تەخت ئۈستىدە گويا ھەسەن - ھۈسەندەك تۇراتتى . ھەرقانداق ئادەمنىڭ دادى بولسا كېلىپ زەنجىرنى تۇتسا ، ئۇنىڭ ساداسى بىۋاستە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كىرەتتى . ئابۇزەر نەسىھەت قىلىپ :

— ئى ئالەم پاناھ شاھ ، سىز بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولالمىغانلار كېلىپ بۇ زەنجىرنى تۇتسا ، قۇلىقىڭىزغا شۇئان ئاۋاز يېتىدۇ ، شۇ زامان ئۆزىڭىز چىقىپ ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىڭ ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز ، جاھان خەلقى سىزگە قايىل بولۇپ ، ئىتائىتىڭىزگە بويسۇنغۇسىدۇر ، سىزمۇ ھەم جاھاننى ئىلكىڭىزگە كىرگۈزەلەيسىز ، — دېدى .

پادىشاھ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ ، ئابۇزەر نېمە دېگەن بولسا

شۇنداق قىلدى. ئەرزى بار كىشىلەر كېلىپ زەنجىرنى تۇتاتتى. ئۇنىڭدىن چىققان سادا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى. بۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلىشالمىدى. كەلگەنلەرنى پادىشاھ ئۆزى قوبۇل قىلىپ، دادىخاھقا كەلگۈچىلەر يىغلاپ كەلگەن بولسا، خۇشال قايتاتتى، ئادەملەر بىر-بىرنى بوزەك قىلىدىغان، قاقشىتىدىغان ئىشلار تۈگىدى، زالىملار زۇلۇم سالالمىدى. خەلق ئىناق، تۇرمۇش باياشات، كۆڭلى خاتىرجەم ئۆتتى، مەملىكەتتە ئادالەتسىزلىك قالمىدى. پات پۇرسەتتە زەنجىرى ئادالەتنىڭ داڭقى ئالەمگە تارقاپ، پادىشاھنىڭ ئادىللىقى مەشھۇر بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى، نۇشىرۋان ئادىل مەجلىس ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىدى، ئالتۇن زەنجىر ئارقىلىق قۇلىقىغا بىر سادا كەلدىكى، توختىمىدى. نۇشىرۋان بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ مەجلىس ئەھلىنى ئېلىپ زەنجىرنىڭ قېشىغا باردى. بىر ئورۇق ئېشەك زەنجىرگە سۈركىلىپ لىڭشىتقىلى تۇرۇپتۇ. نۇشىرۋان بۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئېشەك نېمە ئۈچۈن كەلگەندۇ؟ يا ئۇنىڭ مەقسىتىني بىلگىلى بولمىسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق» دەپ ئېشەككە نەزەر سالغان ئىدى، ئېشەكنىڭ پۇتىنى يۆتكىگۈدەكمۇ ھالى قالماپتۇ. ئورۇقلاپ، دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ. نۇشىرۋان بۇنىڭدىن بىلدىكى، ئېشەكنى ئىگىسى ئېغىر ئىشلارغا سېلىپ، ياخشى باقماي، قېرىغاندا ھەيدىۋېتىپتۇ. نۇشىرۋان شۇئان پەرمان قىلىپ:

— ئېشەكنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ كېلىڭلار! — دەپ ئىككى ياساۋۇلنى ئەۋەتتى. ئۇلار ئېشەكنى ھەيدەپ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىدى، ئېشەك بېرىپ بىر سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ياساۋۇللار كىرىپ سودىگەردىن:

— بۇ ئېشەك كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ، — دېدى سودىگەر. ياساۋۇللار:

— سېنى پادىشاھ چاقىرىدۇ، — دەپ ئۇنى ئوردىغا ئېلىپ باردى. پادىشاھ سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— سەن نېمە ئادەم ؟
— مەن سودىگەر .
— بۇ ئېشەك كىمنىڭ ؟
— مېنىڭ .
— نېمە ئۈچۈن باقمىدىڭ ؟
— قېرىپ كەتتى ، باقمىغان ئىدىم .
— دۈمبىسى نېمىدەپ يېغىر بولدى ؟
— مەن ئىشلەتكەن ئىدىم .
— ئۇ ساڭا نەچچە يىل ئىشلىدى ؟
— 30 يىل .
— نېمە ئۈچۈن شۇنچە يېغىر قىلىۋەتتىڭ ؟
— بۇ ئېشەك ياش ۋاقتىدا مەن باي ئەمەس ئىدىم ، ئېغىر - يېنىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ئېشەك بىلەن قىلاتتىم . ھاردىم - تالدىم دېمەي ماڭدى ، يېغىر ئازابىغىمۇ چىدىدى . مۇشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ پۇل تاپتىم ، ئەمدى ئېشەك قېرىدى ، ئورنىغا ياش ئات ، قېچىر سېتىۋالدىم . ئېشەكنىڭ كېرىكى قالمىغانلىقى ئۈچۈن جېنىڭنى باق دەپ ھەيدىۋەتتىم .
— ئەمدى ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالساڭ بولماسمىدى ؟
— ئورۇن ۋە ئوقۇر يوق ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئات ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىدىم .
نۇشىرۋان ئادىل سودىگەرنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەندى - دە :
— ياشلىقىدا ئىشلىتىپ ، قېرىغاندا ھەيدىۋېتىپ ، مۇشۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلساڭ بولامدۇ ؟ بۈگۈندىن باشلاپ 40 كۈن ئىچىدە ئېشەكنى سەمرىتىپ ، يېغىرلىرىنى ساقايتىپ ئېلىپ كېلىسەن . ئەگەر سەمرىتەلمىسەڭ ئېشەكنىڭ كۈنىنى سەن كۆرىسەن ! — دەپ ھەيدەپ چىقاردى .
شۇ كۈندىن باشلاپ سودىگەر ئېشەكنى قوناق ، بېدە بېرىپ

باقتى، ئېشەك كۈندىن ـ كۈنگە سەمرىشكە باشلىدى. 20 كۈن بولغاندا ھاڭراپ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىشقا باشلىدى، ھەربىر ھاڭرىسا يەر ـ زېمىن تىترەپ كېتەتتى. 40 كۈن بولغاندا يېغىرلىرىمۇ ساقىيىپ، سېمىزلىكتىن ئىككى ياشلىق تەخەيدەك بولۇپ كەتتى. ئىككى ئادەم بولمىسا سۇغارغىلىمۇ ئاپارغىلى بولمايتتى. ئېشەكنىڭ ھەيۋىسىدىن سودىگەرنىڭ ئات ـ قېچىرلىرىمۇ تىترەپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى. سودىگەر ئېشەكنى ئېلىپ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. نۇشىرۋان كۆردىكى، ئېشەك سەمرىپ ئويناقلاپ تۇرۇپتۇ، جامائەت كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. نۇشىرۋان:

— ئى سودىگەر، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى.

— مەندىن زالىملىق ئۆتۈپتۇ، — دېدى سودىگەر، — ئۆزۈم ئوبدان باقماي، يېڭىنى كۆرۈپ كونىسىدىن ۋاز كېچىپتىمەن، كۆرگەن كۈنلىرىمنى ئۇنتۇپ ياخشىلىق قىلغۇچىغا ۋاپاسىزلىق قىپتىمەن، — سودىگەر ئۆزىنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا مىڭلاپ ئەپسۇسلار ئېيتتى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىدا «چارۋىنى ئوبدان باقماي تاشلىۋەتسىمۇ گۇناھ بولىدىكەن» دەيدىغان گەپ تارقىلىپ، ھەممە ئادەم ئات ـ ئۇلاغ، مال ـ چارۋىلىرىنى ئوبدان باقىدىغان بولدى، چارۋىلار سەمرىگەنسېرى كۆپەيدى.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى شىكار ئۈستىدە نۇشىرۋان ئادىل ئۈچۈن بىر ياۋا قۇشنى كاۋاپ قىلىشتى، تۇز يوق ئىدى. بىر غۇلام تۇز ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ماڭغان ئىدى، نۇشىرۋان ئۇنىڭغا تاپىلاپ: «تۇزنى ئۆز باھاسى بويىچە سېتىۋال. كېيىن بۇ ئىش رەسمىيەتكە ئايلىنىپ، يېزىنى خاراب قىلمىسۇن» دېدى. كىشىلەر: «بۇنچىلىك نەرسىدىن قانچىلىك زىيان يېتەر؟» دەپ سورىغان ئىدى، نۇشىرۋان دېدىكى: «ئەڭ بۇرۇن جاھان يارالغاندا زۇلۇمنىڭ ئاساسى كىچىككىنە ئىدى، ئەمما كېيىن دۇنياغا كەلگەن ھەربىر كىشى ئاز ـ ئازدىن كۆپەيتكەچ، مانا مۇشۇ دەرىجىگە يەتتى».

ئېشەك دەۋاسى بىلەن تۇز ھەققىدىكى ئىشلار ئالەمگە پۇر كەتتى.

ئەمەلدارلار خەلققە خالىغانچە باج ـ سېلىق سالمايدىغان بولدى، خەلق تۇرمۇشى باياشات ئۆتتى. نۇشىرۋاننىڭ «ئادىل» دېگەن نامى جاھاندا تېخىمۇ مەشھۇر بولدى. ئالەم خەلقى ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە دوست تۇتتى. نۇرغۇن مەملىكەت ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئىتائىتىگە كىردى.

# ۋەيران بولغان شەھەر

رىۋايەتچىلەرنىڭ تارىخنامىلىرىدە رىۋايەت قىلىنىشىچە ، نۇشىرۋاننىڭ ئادالىتى ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ ، نامى « نۇشىرۋان ئادىل » دەپ ئاتالدى . پۈتۈن ئەلدە ئادالەت ئورنىتىلىپ ، خەلق خاتىرجەم ياشىدى . زۇلۇم - زۇلمەت ، ناھەقچىلىك تۈگەپ ، دادخاھقا كېلىدىغان دەۋاگەرلەرمۇ ئازىيىپ كەتتى . پادىشاھ بۇنىڭدىن خۇشال ، خاتىرجەم بولدى . كۆپ ۋاقتىنى مۇنەججىملەردىن تەلىم ئېلىش ، ئىلىم - ھېكمەت مۇتالىئە قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، يىراق ۋىلايەتلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپالمىدى ، كۆڭلىدە ھەممە شەھەر - ۋىلايەتلەر ئوخشاشتۇر دەپ بىلدى . خوجا ئابۇزەر ھاكىم بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولالماي ، نۇشىرۋان ئادىلغا مەملىكەتنى تەكشۈرۈپ چىقىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ، ۋاقتىدا كىشى ئەۋەتمەي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى . ئاخىر خوجىنىڭ ئىچى پۇشۇپ ، بىرقانچە كۈن ئۆيدىن چىقمىدى . پادىشاھ قارىسا خوجا كۆرۈنمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ « نېمە ئىش بولغاندۇ ، بىلىپ كېلەي » دەپ خوجىنى كۆرگىلى كەلدى . قارىسا خوجا كېسەل بولۇپ يېتىپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭدىن بىر قۇر ھال سوراپ بولۇپ :

— ئى خوجا ، سىز تېۋىپقا بىھاجەت ، جىمى دورىلارنى بىلىسىز ، تېۋىپلىقتىن خەۋەردار تۇرۇقلۇق ، نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ كېسىلىگە ئىلاج قىلالمىدىڭىز ؟ — دېدى .

— مېنىڭ كېسىلىمگە ۋەيرانىلىق ، خارابىلىكنىڭ چالمىسى شىپا قىلاتتى . ئىككى ۋەيرانىلىققا بېرىپ ، ھەربىرىدىن بىر تالدىن چالما

ئەكەلسەم بولاتتى ، — دېدى ۋەزىر .

پادىشاھ شۇئان ئىككى كىشىنى ۋەيرانىلىققا ئىككى تال چالما ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بۇلار شۇ كەتكىنىچە ئەسكى تام تاپالماي ، ئۈچ ئاي بولغاندا ئىككى چالمىنى ئېلىپ كەلدى . خوجا بۇ چالمىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى . پادىشاھ خوجىنىڭ بىردىنلا ساقىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى .

— ئى خوجا ، قانداق قىلىپ ساقايدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .

خوجا جاۋاب بېرىپ :

— ئى ئالەم پاناھ شاھ ، سىز پادىشاھ ، مەن ۋەزىر بولۇپ ، سىزنىڭ قەدىمىڭىز بەركاتىدىن ۋە ئەدلى - ئادالىتىڭىز شاراپىتىدىن جاھان ئاۋات بولدى ، ياخشى نامىڭىز جاھانغا مەشھۇر بولدى . ئەمما ، مەملىكەتتە يامان ئىشلار يەنە بارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم . بۇگۈن بۇ گۇمانىم يېشىلدى ، شۇڭا ساقىيىپ قالدىم ، — دېدى . پادىشاھ خوجىنىڭ بۇنداق پەم - پاراستىگە تەھسىن ئوقۇدى . ئاندىن :

— بۇ ئىككى تال چالمىنى ئەكەلگەن جاي نېمە سەۋەبتىن ۋەيران بولۇپتۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، — دېدى خوجا ، — مەغرىب تەرەپتە بىر شەھەر ، مەشرىق تەرەپتە بىر شەھەر ۋەيران بولۇپتۇ . مەغرىب تەرەپتىكى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇش سەۋەبى : چىن مەملىكىتى پادىشاھىنىڭ بەھرامگۇر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار . ئۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىزنىڭ قېرىندىشىدۇر . ئۇ ئادەم شۇنداق زالىم ئىكەنكى ، خالىغان ۋاقىتىدا پۇقرالارنى ئاياغ - ئاستى قىلىدۇ ، خالىغان ۋاقىتىدا پۇل - ماللىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ . ئۇنىڭ زۇلمىدىن خەلقنىڭ ھالى خاراب ، يۇرتى ۋەيران بولۇپ كەتتى . ئۇ ئاتىسىنىڭ سۆزىگىمۇ كىرمەيدۇ . ئۇ زالىمنى خاقانى چىنمۇ باشقۇرالمىدى . خوتۇنىڭىز بىلەن قېرىنداش بولغاچقا ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى .

مەشرىق تەرەپتىكى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇشىغا كەلسەك ، بۇ

شەھەردە ناھايىتى باي بىر سودىگەر بولۇپ، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېچقانداق تۇغقىنى بولمىغاچقا، مال - دۇنيالىرىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى سىزنىڭ زەنجىرى ئادالىتىڭىزنىڭ خىسلىتىدىن بىر - بىرىنى بوزەك قىلىدىغان، بىر - بىرىگە زۇلۇم سالىدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى ئالىدىغان يامان ئىشلاردىن خالىي ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى كىشىنىڭ ھەققىدىن ۋە ئامانىتىدىن ئىنتايىن قورقىدۇ. سودىگەر ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئامانىتىدىن قورقۇپ بۇ شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ، يەنە بىر يەرنى ماكان قىلدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، بۇ شەھەر ۋەيران بولدى. دېمەك، بۇ شەھەرلەرنىڭ بىرى ئادالەتسىزلىكتىن، بىرى ئادىللىقتىن ۋەيران بولدى.

نۇشىرۋان ئادىل بۇنى ئاڭلاپ، خوجىنىڭ ھېكمەت - كارامەتلىرىگە تەھسىن ئوقۇدى. شۇ زامان كىشى بۇيرۇپ سودىگەرنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بەردى. پۈتۈن شەھەر خەلقىگە نۇرغۇن ئىنئاملار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا رەھمەت ئېيتتى. شەھەردىن كۆچۈپ تارتقان زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىپ، ۋەيران بولغان ئانا شەھىرىنى يېڭىدىن ياساپ بەردى.

ئاتىسىنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ، پادىشاھنىڭ نامىنى سېتىپ، خەلقنى قاقشاتقان، مەملىكەتنى ۋەيران قىلغان بەھرامگۆرنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن «ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار» دەپ 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن رۇستەمنىڭ نەۋرىسى گۇستىھەمنى ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە: گۇستىھەم 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا سەردار بولۇپ بەھرامنى تۇتۇپ، لەشكىرىنى ئەسىر قىلىپ، تارقاپ كەتكەن خەلقنى ئۆز شەھىرىگە ياندۇرۇپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەپەرگە راۋان بولدى. ئۇلار نەچچە مەنزىل - ئۆتەڭلەردىن ئۆتۈپ بەھرامنىڭ شىكارگاھىغا يېتىپ كېلىپ بىر بوستانلىققا چۈشتى. بۇلارنىڭ بەھرامنى تۇتۇش نىيىتىنىڭ بارلىقى بەھرامغا يەتتى. بەھرام ئۆزىنىڭ خىللانغان

300 دىلاۋىرىنى① ئېلىپ، سۇبھى ۋاقتى بىلەن كېلىپ گۇستىھەم خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان پەيتتە تۆت تەرەپتىن قورشاپ، گۇستىھەمنى پۈتۈن قوشۇنى بىلەن قارشىلىقسىز ئەسىر ئالدى. سىپاھلار پىيادە بولۇپ، ياراغلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، قىلىچلىرىنى تاشلاپ، بەھرامنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇللۇق بەجا كەلتۈردى. بەھرامنىڭ چاھارپايلىرى تولا ئىدى، ھەممىدىن يىلقىسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئەسىرلەرنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئۆزىگە سىپاھ قىلىپ، گۇستىھەمنى يىلقىسى بار جايغا ئېلىپ باردى. گۇستىھەم رۇستەمنىڭ نەۋرىسى بولغاچقا، پالۋان ۋە تەدبىرلىك ئىدى. بىرنەچچە ئېغىز ياخشى سۆز بىلەن بەھرامنى خۇش قىلدى. بەھرام ئۇنىڭدىن:

— سىز قايسى خىزمەتنى تەلەپ قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— يىلقىڭىزنى بېقىپ، سىزنى قىمىز بىلەن خۇش قىلسام دەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گۇستىھەم.

بەھرام ئۇنى نەچچە مىڭ لەشكىرى بىلەن يىلقىسى يايلايدىغان يايلاقتا قويۇپ، ئۆزى بارگاھىغا ياندى. شۇنداق قىلىپ، گۇستىھەم توققۇز يىل بەھرامنىڭ يىلقىسىنى باقتى.

---

① دىلاۋىر — باتۇر دېگەن مەنىدە.

# قاباھەتلىك چۈش

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، نۇشىرۋان ئادىل زالىم ۋەزىر بەختەكنى دۇمبالاپ، ئۇنىڭ ھوقۇقلىرىنى خوجا ئابۇزەر جەمھۇرغا ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن، مەملىكىتىگە ئادالەت ئۇرۇقى چېچىلىپ، خەلقپەرۋەرلىك ئەۋج ئالدى. نۇشىرۋان گاھى شىكار قىلىپ، گاھى زىياپەت سورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ تازا خاتىرجەم يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى شۇنداق دەھشەتلىك بىر چۈش كۆردىكى، چۈشىدە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپ تۇرغان ئىدى، شەھىرى خەيبەر تەرەپتىن بىر ئوت پەيدا بولدى. بۇ ئوت ھە دەپ ئۇلغىيىپ، جاڭگال، تاغلارنى كۆيدۈرۈپ مەدايىن تەرەپكە يۈزلەندى. نۇشىرۋان ئادىل كۆڭلىدە «ئوت شەھەرگە كىرمەس» دەپ قاراپ تۇرغان ئىدى، ئوت شەھەر يېنىغا كېلىپ سېپىلغا تۇتاشتى ۋە شەھەرنى كۆيدۈرۈپ بارغانسېرى ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىدى، ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. نۇشىرۋان ئادىل قورقۇنچتىن ئوردىغا كىرىپ تەختىگە چىقىۋالدى. ئوت ئۇنىڭ تەختىگىمۇ تۇتاشتى، ئاندىن نۇشىرۋان ئادىلغىمۇ تۇتاشقىلى تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن بىر پارچە ئاق بۇلۇت، ئىككى پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، شىددەتلىك يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوت ئۆچتى. نۇشىرۋان شۇئان ئويغىنىپ، كۆرگەن چۈشىنىڭ دەھشىتىدىن شۇنداق قورقتىكى، كۆزىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىر خاس قۇلى بار ئىدى. كېچىدە ئۇ قۇلغا ئىككى ساندۇق جاۋاھىراتنى كۆتۈرتۈپ خوجىنىڭ يېنىغا كەلدى. خوجا بۇ چاغدا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل ئىدى. قۇل كىرىپ پا-

دىشاھىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بەردى . خوجا دەرھال چىقىپ ، پادىشاھنى تائەتخانىسىغا باشلاپ كىردى . ئاندىن سورىدىكى :

— ئى شەھرىيار ئالەم ، كېچىدە يول يۈرمەكلىك خەتەردۇر . نېمە چوڭ ئىش يۈز بەردى ؟

نۇشىرۋان ئادىلدىن تېخىچە چۈشىنىڭ قورقۇنچىسى كەتمىگەن ئىدى . شۇڭا ، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ كۆرگەن چۈشىنى باشتىن - ئاخىر بايان قىلدى ، ئاندىن :

— ئى خوجا ، بۇ چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بەرگىن ، — دەپ تەلەپ قىلدى . خوجا دېدىكى :

— كۆرگەن چۈشىڭىزنىڭ تەبىرى شۇكى ، شەھىرى خەيبەردىن ئەلقەمە ئاتلىق بىرسى پەيدا بولۇپ ، تامام شەھەرلىرىڭىزنى ئالۇر . ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلسىڭىز ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش يۈز بېرۇر . سىز قاچىسىز ، ئۇ تاج - تەختىڭىز ۋە دەپىنە - دۇنيالىرىڭىزنى ئېلىپ ، شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپ ، خەيبەرگە بارغاندا ، مەككە تەرەپتىن ئۈچ يىگىت پەيدا بولۇپ ، ئەلقەمەنى ئۆلتۈرۈپ ، تاج - تەختىڭىزنى سىزگە تاپشۇرغاي ، سىز ئاندىن بەرقارار بولغايسىز .

نۇشىرۋان ئادىل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ پەرىشان بولۇپ ، بۇنىڭ تەدبىرىنى سورىدى . خوجا چۈشنى مۇنداق شەرھلىدى :

— مەككە تەرەپتىن ئۈچ پارچە بۇلۇت پەيدا بولۇپ ، ئوتنى ئۆچۈردى دېدىڭىز . دېمەك ، مەككە تەرەپتە ئۈچ ئوغۇل دۇنياغا كېلىپ ئەلقەمەنى ئۆلتۈرۈپ ، تاج - تەختىڭىزنى بەرقارار قىلۇر . ئۇ ئۈچ ئوغۇل تېخى تۇغۇلمىدى . ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ، بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كۆپ پۇل بېرىپ ، ئۇلارنى خۇشال قىلغايسىز ، ئاندىن ئۇ بالىلارنى ئۆزىڭىزگە بالا قىلىۋالغايسىز . بۇ ئوغۇللارنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن شەھەردىن ئالىدىغان باج - خىراجنى توختاتقايسىز .

— ئى ئاتا ئورنىدا قالغان ئاتام ، — دېدى نۇشىرۋان ، — سىز ئۇ تۇغۇلىدىغان ئۈچ ئوغۇلنى پىنھان بىرىپ تېپىپ ، ماڭا پەرزەنت قىلىپ

بەرگەن بولسىڭىز ، ئۆزىڭىز ھەم ئاتا بولسىڭىز .

نۇشىرۋان خوجىغا يەنە بەش ئالمىنى قوشۇپ مەككە تەرەپكە ئەۋەتتى . خوجا ھەمراھلىرى بىلەن مەككىگە كەلدى . بۇ شەھەرمۇ نۇشىرۋان ئادىلغا باج ـ خىراج تۆلەيدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرسى ئىدى . شەھەرنىڭ رەئىسى « ۋەزىر كەپتۇ » دەپ خوجىنىڭ ئالدىغا چىقتى . خوجىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن مەككە رەئىسى : « بۈگۈندىن باشلاپ ئۈچ كۈن ئىچىدە تۇغۇلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ پەرزەنتى پادىشاھقا پەرزەنت بولغۇسىدۇر . ئاتا ـ ئانىسى ۋە بۇ مەملىكەتمۇ ئۇل پەرزەنتلەرنىڭ شاراپىتىدىن شاد ـ خۇرام بولغاي » دەپ جاكارلىدى . بۇ خەۋەر بىردەمدىلا شەھەرگە مەشھۇر بولدى . شۇ كېچىسى مەككە رەئىسىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى . رەئىس بالىسىنى كۆتۈرۈپ خوجىنىڭ ئالدىغا كىردى ، خوجا بالىنى قولىغا ئېلىپ « ئەبۇلئەلى » دەپ ئات قويدى . ئىككىنچى كۈنى رەئىسنىڭ مۇبەشىرە ئىسىملىك قۇلىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى . خوجا بۇ ئوغۇلغا « خوجا مۇقبىل ۋاپادار » دەپ ئات قويدى . ئاتىسىغا نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بەردى . مەزكۇر قۇل پۇل ـ ماللارنى ئالغاندىن كېيىن ، شۇ سائەتتە ئېسىل كىيىم ـ سەرپايلارنى كىيىپ ، ئاتقا مىنىپ بازارغا چىقتى . مەككە رەئىسىنىڭ ئەمىيە دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر قۇلى بار ئىدى . ئۇ تۆگە باقاتتى . دوستى مۇبەشىرەنىڭ ئېسىل سەرپايلارنى كىيىپ ، ئات مىنىۋالغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىيە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ھەي ئاداش ، بۇ ئات ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى نەدىن تاپتىڭ ؟ — دەپ سورىدى . مۇبەشىرە :

— مېنىڭ ئوغلۇم پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىلغا پەرزەنت بولدى ، مەن ھەم پەرزەنتىمنىڭ ئاتىسىدۇرمەن . بۇنچە ئابرۇي تاپقان بولسامۇ سەن يەنىلا ماڭا دوستدۇرسەن ، — دەپ ئۇنى بىرقامچا ئۇردى . ئەمىيەنىڭ بېشى يېرىلىپ كەتتى ، مۇبەشىرە بولسا يولىغا ماڭدى . ئەمىيە بىرسىدىن :

— مۇبەشىرە بۇ دۆلەتكە قانداق ئېرىشىپتۇ ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، ئۇ كىشى مۇنداق جاۋاب بەردى :

— بۈگۈن ئۈچىنچى كۈندۇر. تاكى ئاخشامغىچە ھەرقانداق كىشىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغسا، ئۇ كىشى ئاشۇنداق دۆلەتكە ئېرىشىدۇ.

ئەمىيەنىڭ خوتۇنى يەتتە ئايلىق ھامىلدار ئىدى. ئۇ بېشىنىڭ قېنىنى ئاقتۇرغان ھالدا ئۆيىگە كەلدى. خوتۇنى ئېرىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى. ئەمىيە يۈز بەرگەن ئەھۋالنى بايان قىلىپ بولۇپ دېدىكى:

— بالىنىڭ ئاي - كۈنى توشمىسىمۇ چالا تۇغقىن. بالىنى ئېلىپ بېرىپ مۇبەشىرەدىن ئىنتىقامىمنى ئالغايمەن!

ئېرى شۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاچقا، خوتۇنى خاپا بولۇپ: «يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن كەل!» دەپ بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ يۈزىگە چاچقان ئىدى، قولىنىڭ قەھرى تۇتۇپ «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تۇغسەن» دەپ، خوتۇنىنىڭ قورسىقىغا بىر پەشۋا تەپتى، شۇئان ئايالىنىڭ بويىدىن ئاجرىدى. ئەمىيە قورقۇپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىدى - دە، خوجىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. خوجا: «ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ۋاقىت تۈگەيلا دەپ قالدى، بىر پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ھېچبىر ئەسەر يوق. بۇ قانداق بولغىنى؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۇراتتى. ئەمىيە بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئۆيىگە يېنىپ كېلىپ خوتۇنىدىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— بالا سالامەت تۇغۇلدى، ئېمىپ ھېلىلا ئۇخلاپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى خوتۇنى. ئەمىيە بالىنى ئېلىپ يۈگۈرگەن پېتى خوجىنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. ئۇ گاھ بالىغا نەزەر سالسا، گاھ ئىشىكتىن مارايتتى. خوجا ئىشىكتىن چىقىپ بالىنى قولىغا ئالدى ھەم ئۇنىڭغا «ئەمرى» دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار كۈلۈشكەن ئىدى، خوجا ئۇلارغا:

— سىلەر كۈلمەڭلار، بۇ بالا شۇنداق ئادەم بولۇپ چىقىدۇكى، ئۇنىڭغا مەغرىب بىلەن مەشرىقنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كۈنلۈك يول بولۇر، 72 تىلنى بىلۇر، 72 سۈرەتتە ئۆزگىرۇر، جەڭ قىلماي شەھەر ئالۇر، ھازىر مەسخىرە قىلىپ كۈلگىنىڭلار ئۈچۈن چوڭ بولغاندا سىلەرگە ئىزا

قىلىۋر ، — دېدى ۋە ئەمىيگىمۇ نۇرغۇن پۇل ـ مال بەردى . خوجا ئۈچ ئوغۇلغا ئىنىكئانا تەيىنلىمەكچى بولۇپ تۇراتتى ، ئىشكتىن بىر مەزلۇم سالام بىلەن كىرىپ كەلدى . ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ :

— مەن يەمەندىن كەلدىم ، چۈشۈمگە : « ئى مەزلۇم ، تېز بارغىن ، ئۈچ پالۋان دۇنياغا كەلدى ، سەن ئۇلارنى ئېمىتىپ چوڭ قىلساڭ ، دۇنيا ۋە ئاخىرىتىڭ مەئمۇر بولغۇسىدۇر » دەپ بېشارەت بولدى . شۇ ۋەجدىن كەلدىم ، — دېدى . خوجا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئۇتۇپ ، بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى . ئەمما ، باللار ئۇنى ئەممىدى . ئاخىر بۇ مەزلۇم ئەبۇلئەلىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى تىقىپ تۇرۇپ :

— هەي شۇم ، سېنى هازىر ئۆلتۈرمىسەم ، كەلگۈسىدە پادىشاھ ئەلقەمەنى ئۆلتۈرۇپ نۇشىرۋاننىڭ تەختىنى نۇشىرۋاننىڭ قولىغا ئاپىرىپ بېرىسەن ، — دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن گېلىنى شۇنداق سىقىشىغا ، بالا ئەمچەك توپچىسىنى بىر چىشلىگەن ئىدى ، خوتۇن پايلىماي چىرقىراپ كەتتى . شۇئان باشقىلار يۈگۈرۈپ كىرىپ كۆردىكى ، خوتۇن قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ . ئەتراپتىكىلەر بۇ ئىشنىڭ تەكتىنى بىلەلمەي خوجا ئابۇزەر جەمهۇرنىڭ ئالدىغا كىرىپ سورىغان ئىدى ، خوجا كۈلۈپ قويدى .

خەيبەر شەهىرىنىڭ هاكىمى ئەلقەمە ئىسىملىك چوقۇر بىر كىشى ئىدى . بۇ ئادەم نۇشىرۋان ئادىلنى ئاغدۇرۇۋېتىش نىيىتىدە يۈرەتتى . بىر كۈنى ئۇ شۇنداق بىر چۈش كۆردىكى ، مەككە تەرەپتىن چىققان ئاپتاپ ئالەمنى يورۇتۇپ ، مېۋىلەرنى پىشۇرۇپ ، دەريالارنى قايىنىتىپ ، خەيبەرنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇدەك . بۇ چۈشنىڭ دەهشىتىدىن قورقۇپ ئويغىنىپ كەتكەن ئەلقەمە بىلقىس ئىسىملىك ۋەزىرىنى هۇزۇرىغا كەلتۈرۈپ ، چۈشىنىڭ تەبىرىنى سورىدى . بىلقىس تەبىر بېرىپ مۇنداق دېدى :

— بەربەر تۇپرىقىدىن بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ، ئىككى هەمراهى بىلەن كېلىدۇ . سەن نۇشىرۋاننىڭ شەهىرىگە بېرىپ ، نۇشىرۋاننى شەهەردىن قوغلاپ چىقىرىپ تاج ـ تەختىنى قولۇڭغا ئېلىپ قايتىپ

كەلگۈچە، سېنى ئۆلتۈرۈپ تاج - تەختنى ئىگىسىگە ياندۇرۇپ بەرگەي، — ئەلقىمە بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنىڭ تەدبىرىنى سورىغان ئىدى، بىلقىس بىر مەككار مەزلۇمنى تېپىپ، ئۇنىڭغا گەپ ئۆگىتىپ، ئەبۇلئەلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىش خۇسۇسىدا مەسلىھەت بەردى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. بۇ مەككار خوتۇن دەل ئەبۇلئەلى ئەمچىكىنى چىشلەپ ئۆلتۈرگەن خوتۇن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، باللار توققۇز كۈنگىچە ئەمگىلى ئۇنىماي ئۆزلىرىنىڭ بارمىقىنى ئەمدى. ئونىنچى كۈنى يەنە بىر مەزلۇم سالام بىلەن كىرىپ كەلدى:

— مەن تۇل خوتۇن ئىدىم، — دېدى ئۇ خوتۇن، — چۈشۈمگە: «سەن بېرىپ نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرىنى بېقىپ بەرگىن» دەپ بېشارەت بولدى، شۇڭا كەلدىم.

بۇ مەزلۇم ئېمىتكەن ئىدى، باللارنىڭ ھەممىسى ئېمىپ بولۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. خوجا ئابۇزەر جەمھۇر كۆڭلى تىنىپ، باللارنى مەككە رەئىسىگە تاپشۇرۇپ، ئۆزى نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا قايتماقچى بولدى. باللارنى ئېمىتىپ باققۇچى مەزلۇمنىڭ ئېتى ئادىيە بانۇ ئىدى. ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ:

— بۇ باللاردىن ئەمرىنى باقماق بەك قىيىندۇر. ھەر ئىش كەلسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ، ئېھتىيات قىلغىن ، — دەپ تاپىلاپ قويۇپ، مەدايىنغا راۋان بولدى.

ئادىيە بانۇ بۇ باللارنى كېچە - كۈندۈز ئېھتىيات بىلەن باقتى. ئۇلاردىن خوجا ئەمرىگە ھەممىدىن بۇرۇن ئىككى چىش چىقتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ تارتىپ قوياتتى. بىر كۈنى ئادىيە بانۇ خوجا ئەمرىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ بۆشۈككە يۆلەنگەن پېتى كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. خوجا ئەمرى ئانىسىنىڭ ئىككى تال تۈگمىسىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، ياستۇقنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى. بۇ تۈگمە ئادىيە بانۇغا ئانىسىدىن قالغان بولۇپ، بىباھا بۇيۇم ھېسابلىناتتى. ئادىيە بانۇ

ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، مەيدىسى ئېچىلىپ قالدى. قارىسا ئىككى تال تۈگمىسى يوق. بۇنىڭدىن ھەيران بولۇپ، «تۈگمىلىرىم بايىلا بار ئىدى، بىردەمدىلا نەگە غايىب بولغاندۇ، ئېھتىمال ئەمرى يوقاتتى بولغاي، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ باقاي» دەپ ئويلاپ، ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ھەي قوزام، تۈگمىلىرىمنى كۆردۈڭمۇ؟ — ئادىيە بانۇ شۇنداق دېيىشىگىلا ئەمرى قىرقىراپ يىغلاپ كۆكىرىپ «ئۆلۈپ» قالدى. ئادىيە بانۇ قورقۇپ ئادەم چاقىردى. كىرگەنلەر كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختىغانلىقىنى بىلىشتى. ئۇلار «ئەمرى ئۆلۈپتۇ» دېيىشتى. ئەمرى ئۈچ كۈن شۇنداق ياتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى مەككە رەئىسىگە مەلۇم قىلدى. رەئىس كېلىپ قارىسا ئەمرى ئۆلگەن. خوجا جەمھۇر نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا مېڭىش ئالدىدا، ئەمرىنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى مەككە رەئىسىگە دەپ قويۇپ ماڭغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەمرىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى، ئاندىن قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ:

— ئاناڭنى يىغلاتمىغىن، — دەپ ئادىيە بانۇغا بەردى. ئادىيە بانۇ:

— ئى بالام، مېنىڭ تۈگمەمنى سەن ئالمىدىڭ، مەن چاقچاق قىلىپ قويىدۇم. كۆزۈڭنى ئاچ. ئەگەر مەن قورقۇپ ئۆلۈۋالسام، سېنى ئېمىتىدىغان ئادەم يوق، — دېگەن ئىدى، ئەمرى شۇئان كۆزىنى ئاچتى، ئادىيە بانۇ شۇ كۈندىن تارتىپ ئەمرىنىڭ قەستىگە چۈشتى.

بىر كۈنى چۈش ۋاقتى ئىدى، ئۇنى ئېمىتىپ بولۇپ بۆشۈككە بۆلەپ قويۇپ، ئۆزى پىنھان جايدا ماراپ ئولتۇردى. ئەمرى بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىنى بۆشۈكتىن تارتىپ چىقاردى ـ دە، ياستۇق ئاستىدىن تۈگمىلەرنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئانىسى ھەيران بولۇپ، تۈگمىلەرنى تېرىۋالدى.

خوجا ئەمرى ئۇخلاپ قالسا، ئەبۇلئەلى بىلەن مۇقبىل يىغلىماي ياتاتتى، ئەمرى ئويغاق بولسا، ئۇ ئىككىسى يىغلاپ ھەرگىز ياتالمايتتى.

ئادىيە بانۇ بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ ئەبۇلئەلى بىلەن مۇقبىلنى بىر تەرەپتە ، ئەمرىنى يالغۇز بىر تەرەپتە قويۇپ ، ئۆزى ئوتتۇرىغا كىرىپ ئۇخلىغان بولۇپ ياتقان ئىدى ، ئەمرى بۆشۈكتىن قولىنى ئاستا سۇغۇرۇپ ئېلىپ ، ئۇ ئىككىسىنىڭ يۈزىنى تاتىلاپ يىغلىتىۋېتىپ ، ئاندىن قولىنى بۆشۈككە تىقىپ يېتىۋالدى . ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ بالىلارنى تۆت ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بەردى .



# خوجا ئەمرىنىڭ قىلمىشلىرى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، نۇشىرۋاننىڭ بىقىۋالغان بۇ ئۈچ ئوغلى ئۈچ خىل مىجەزدە ئىدى. بۇلاردىن ئەمرىنىڭ قىلىقلىرى تولىمۇ غەيرىي ئىدى. ئۇلار تۆت ياشقا كىرگەندە، مەكتەپكە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەبۇلئەلى بىلەن خوجا مۇقبىل ۋاپادار مەكتەپتىن ئايرىلماي ساۋاقلارنى ياخشى ئۆگەندى. خوجا ئەمرى بولسا گاھى كېلىپ، گاھى كەلمەي، كەلگەن كۈنلىرىمۇ ئۆگەنمەي ئويۇن بىلەن مەشغۇل بولاتتى. موللا بۇنىڭدىن ناھايىتى بىزار بولۇپ، ئاخىر تاقەت قىلالماي ئۇنى ئۇردى. خوجا ئەمرى شۇ يەردىلا «خەپ، سېنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام» دەپ كۆڭلىدە ئەھدە قىلدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ موللىنىڭ قەستىگە چۈشتى.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى موللىنىڭ خوتۇنى كىر يۇيۇپ، مەكتەپ باللىرى قۇشناچىمغا سۇ توشۇپ بېرىۋاتاتتى. كۆپ يېرىم بولغاندا خوجا ئەمرى موللىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ:

— ۋاي موللا ! ... قۇشناچىمنىڭ ئاشنىسى بار ئىكەن، مەن كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ئادەم قېچىپ بېرىپ كۆپكە كىرىۋالدى، — دېدى.

بۇ دەھشەتلىك خەۋەرنى ئاڭلىغان موللا بىتاقەت بولۇپ، يۈگۈر-گەن پېتى ئۆيىگە كەلدى. سۇ قاچىلايدىغان كۆپ تاشقىرىقى ئۆيدە ئىدى. موللا كەلگەن پېتى كۆپكە قارىغان ئىدى، كۆپتىن ئۆزىنىڭ ئەك-سىنى كۆردى - دە، غەزىپى ئۆرلەپ، ئىككى قولى ۋە بېلىنىڭ ئۇستى تەرىپىگىچە كۆپكە تىقىپ، سۇنى ئاختۇرغىلى تۇرغان ئىدى. خوجا

ئەمرى ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ ، موللىنى پۇتىدىن كۆتۈرۈپ كۆپكە تىقىۋەتتى . موللا كۆپكە تىقىلىپ سۇغا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلدى . خوجا ئەمرى موللىنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىرىپ :

— ۋاي قۇشناچىم ! .... موللىنىڭ پۇتى كۆپتە ساڭگىلاقلىق تۇرىدۇ ، — دەپ تىۋۋلىدى . ئۇ مەزلۇم چىقىپ موللىنىڭ جىنى چىقىپ بولغانلىقىنى كۆردى . بىچارە خوتۇن ئېرىنى كۆپتىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن پۇتلىرىدىن تارتىپ تۇرغان ئىدى ، بۇنى كۆرگەن ئەمرى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن :

— ۋاي جامائەت ! .... قۇشناچىم موللىنى كۆپكە تىقىۋەتتى ، — دەپ تىۋۋلىغىلى تۇردى . قۇشناچىم موللىنى ئەمرىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلدى . بۇ مەزلۇم ناھەقتىن ـ ناھەق قاتىل دېگەن ئاتاققا قېلىشتىن قورقۇپ :

— ۋاي جېنىم ئوغلۇم ، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىپ بەرسەم ، مېنى رەسۋا قىلمىسىڭىز ، — دەپ يالۋۇرغان ئىدى ، خوجا ئەمرى ئاران جىم بولدى . شۇنداق قىلىپ ، قۇشناچىم ئەمرىدىن ئاران قۇتۇلۇپ ، ئېرىنى ئۆزى كۆمۈۋالدى .

ئەلقىسسە : موللا ئۆلگەندىن كېيىن ، بۇ ئۈچ بالىنى يەنە بىر موللىنىڭ قېشىغا ئاپاردى . بۇ موللىنىڭ ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئەبۇلـ ئەلى بىلەن مۇقبىل دەرسنى شۇنداق ياخشى ئۆگەندىكى ، ھەممە ساۋاقداشلىرىدىن ئىلگىرى تۇردى ، ئەمما خوجا ئەمرى زادىلا ئۆگەنمەـ دى ، موللىنىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلىمىدى ، ئۇ ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيتتى . ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا موللا چىداپ بولالماي ، « ئەدەپ بېرىپ قويمىسام ياخشى ئوقۇماي ، ئوبدان ئۆگىنىۋاتقان باللارنىمۇ كاردىن چىقىرىدىكەن » دەپ ئويلاپ ئىككى تاياق ئۇردى .

خوجا ئەمرى ئىزادىن تاتىرىپ كەتتى ھەم شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆڭلىدە « خەپ موللا ، سېنى ئۆلتۈرمەي قويمايمەن » دەپ ئەھدە قىلدى .

بىر كۈنى، ئۇ بازارغا كىرىپ ئەتتارلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىڭنە ئالىمەن دەپ بىرمۇنچە يىڭنىنى ئوغرىلاپ مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنى موللا ئولتۇرىدىغان يەرگە قۇلىقىنى تۆۋەن، ئۇچىنى ئۈستۈن قىلىپ تىكلەپ سانجىپ قويدى. ئۈستىگە موللىنىڭ جايىنامىزىنى سېلىپ قويدى. ئۆزى ئەتىگەندە ئەبۇلئەلى بىلەن مۇقبىلنى ئېلىپ مەكتەپكە كەلدى.

— موللا ئولتۇرىدىغان يەرگە ھەرگىز دەسسەپ سالماڭلار، — دېدى ئۇ ئەبۇلئەلى بىلەن مۇقبىلغا. شۇ گەپلەر ئۈستىگە موللا كىرىپ كەلدى - دە، ئورنىدا ئولتۇرۇپلا « ۋاي ! » دەپ يىقىلدى، يېنىغا يىڭنە كىردى، بۇ يانغا يىقىلدى، يىڭنە كىردى. موللا پايلىماي يۇملانغان ئىدى. يىڭنىلەر بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىگە كىرىپ، يۇملىغانسېرى يىڭنىلەر تېخىمۇ چىڭ سانجىلىپ غايىب بولدى. شۇ چاغدا خوجا ئەمرى موللىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. موللىنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ بىچارە ھالىتىنى ۋە چىدىغۇسىز نالە - زارىنى كۆرۈپ:

— ۋاي موللا، نېمە بولا ؟ چاپسان ئېيتىپ بەرسىلە، — دەپ سەۋەبىنى سورىدى. موللا جاۋاب بېرىپ:

— نېمە بولغىنىمنى بىلمەيمەن. دەرھال يالىڭاچلىغىن، — دېدى.

قۇشناچىم موللىنى يالىڭاچلىغان ئىدى، تامام بەدىنىدىن يىڭنىنىڭ قۇلىقى چىقىپ تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— ۋاي موللا، قورقمىسىلا، بەدەنلىرىگە يىڭنە قۇلىقى چىقىپ قاپتۇ، — دېدى.

— نېمە دېدىڭلا خوتۇن ؟ — سورىدى موللا، — مېنىڭ بىلىشىمچە، ئادەمگە چېچەك، قىزىل ، سوغان، قىچىشقاق چىقاتتى، بۇ كەمگىچە ئادەم تېنىگە يىڭنە قۇلىقى چىقىپتۇ دەپ ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن. بۇنىڭ ئىلاجىنى قانداق قىلارمىز ؟

خوجا ئەمرى مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغان ئىدى. شۇئان:

— ۋاي موللا، بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلماق ئاساندۇر، موچىن بىلەن

يۇلۇۋەتسىلا ئاغرىق تۇگەيدۇ ، — دەپ ئىككى موچىننى چىقىرىپ ، بىرسىنى ئۆزى تۇتتى ، بىرسىنى قۇشناچىمغا بەردى . ئىككىسى يىڭنىنى ئالىمىز دەپ موللىنىڭ گۆشلىرىنى موچىندا قىسىپ تارتىپ بەدىنىنى زېدە قىلىۋەتتى . بۇ جاراھەتلەر ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا سىيىسىپ ، بىچارە موللا ئازاب بىلەن ئۆلدى . موللىنىڭ خوتۇنى بۇ ئىشنى خوجا ئەمرىنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ مەككە رەئىسىگە ئەرز قىلدى . رەئىس قۇشناچىمغا :

— بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس ، نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ پەرزەنتى ، — دەپ ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئالتۇن - تىللا بېرىپ رازى قىلدى . ئاندىن ئۇ بالىلارنى ئۇچىنچى موللىغا ئاپىرىپ بەردى .

خوجا ئەمرى مەكتەپكە كىرگەندىن باشلاپ ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيتتى ، ئەبۇلئەلى بىلەن مۇقبىل بولسا قېتىرقىنىپ ئۆگەندى . موللا ياخشى سۆز قىلىپ باقتى ، نەسىھەت قىلىپ باقتى ، قاتتىق گەپ قىلىپمۇ باقتى ، ئەمما خوجا ئەمرى يامان ئىشتىن قول ئۈزمىدى . ئاخىر گەپ ئاڭلىتالماي موللا ئۇنى ئىككى تاياق ئۇرغان ئىدى ، خوجا ئەمرى كۆڭلىدە « بۇ موللىنىمۇ ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام » دەپ ئەھدە قىلدى .

بىرقانچە كۈن ئۆتتى . مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ ، موللىنىڭ سۇ كۈپىنى توشتۇراتتى . بىر كۈنى قۇدۇقتىن سۇ تارتىش نۆۋىتى خوجا ئەمرى بىلەن يەنە بىرقانچە ساۋاقداشقا كەلدى . خوجا ئەمرى سوغىنىڭ بېغىنى بوش قىلىپ قويۇپ سۇ تارتقان ئىدى ، سوغا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى . خوجا ئەمرى شۇئان موللىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ :

— ۋاي موللا ، سوغا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى ، — دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى . موللا يۈگۈرۈپ قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ، ئېگىنلىرىنى سېلىپ تاشلاپ ، قۇدۇققا چۈشتى . ئارغامچىنى سوغىغا باغلاپ ، ئۆزى سوغىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ بالىلارغا : « ئارغامچىنى تارتىڭلار » دەپ توۋلىدى . خوجا ئەمرى بالىلارغا :

— ھەممىڭلار مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭلار ، ئارغامچىنى كۈچەپ

تـارتـىڭلار . مەن « هاي ـ هاي » دەپ بىر چاۋاك ئۇرىمەن ، سىلەرمۇ ئىلـ-گـىرى ـ كـېيىن بولماستىن تەڭلا چاۋاك ئۇرىسىلەر ، بۇ بىر قائىدىدۇر . هەرگىز بۇزماڭلار ، ـــ دېدى .

بـالـىلار قـوبۇل قىلدى . شۇنداق قىلىپ ، ئارغامچىنى تارتىپ موللا قـۇدۇقنىڭ تەڭ يېرىمىغا كەلگەندە خوجا ئەمرى « هاي ـ هاي » دەپ بىر چـاۋاك ئۇرغـان ئـىدى ، بـالـىلارنـىـڭ هەممىسى ئارغامچىنى قويۇپ بېرىپ چـاۋاك ئۇردى . مـوللا قـۇدۇقـنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ، بېشى پاتقاققا پېتىپ جـېـنـى چـىـقتى . بۇ خەۋەر موللىنىڭ خوتۇنىغا يەتتى . قۇشناچىم مەككە رەئىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى . مەككە رەئىسى قۇشناچىمغا ئۆزرە ئېيتىپ :

ـــ بـۇ بـالا مـېنىڭ ئەمەس ، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ بالىسىدۇر . مەن ئۇنـىـڭ قـول ئاستىدىدۇرمەن ، ـــ دەپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ رازى قىلىپ ياندۇردى .

ئەبـۇلئەلـى بـىلەن خوجا مۇقبىلنىڭ ساۋاتى چىقىپ بولدى ، ئەمما خـوجا ئەمرى بولسا تېخىچە ساۋاتسىز ئىدى . بۇ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئىشى مەككە رەئىسىگە تاپشۇرۇلغان بولغاچقا ، مەككە رەئىسى بۇ بالىلاردىن كـۆپ ئەنـسـىـرەپ ، تۆتىنچى موللىغا بەردى . بۇ موللا بالىلارنى ناهايىتى ئېـهـتىيات بىلەن ئوقۇتاتتى ، ئەمما خوجا ئەمرىنى مەكتەپتە تاپالمىدى . ئۇ ئويـنـاپ زىـنـهار ئوقۇغىلى ئۇنىمىدى . ئاخىر بىر كۈنى ئۇنى تېپىپ پالاققا بـېـسـىپ راسا سوققان ئىدى ، ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ، بۇ موللىنىڭمۇ قەستىگە چۈشتى .

بـىـر كـۈنـى مـەكتەپتىن قايتقاندا خوجا ئەمرى ئەبۇلئەلى ، مۇقبىل بـاشـلىق ساۋاقداشلىرىنى بىر ئۆيگە سولاپ ئىشىكنى تاقىدى ، ئاندىن قو-لىغا بىر تال چىۋىقنى ئېلىپ :

ـــ هەي بـالـىلار ، مـېـنـىـڭ بـىر سۆزۈم بار ، قوبۇل قىلغايسىلەر ، ئەگـەر قـوبـۇل قـىلمىساڭلار ، هەممىڭلارنى مۇشۇ تاياقتا ساۋاپ ، ئۆلگەن موللىنىڭ كۈنىنى كۆرسىتىمەن ، ـــ دېدى .

بـالـىلار قـورقـۇپ هەمـمىسى قوبۇل قىلدى . ئۇنىڭ پەيلىدىن تامام

باللار قورقاتتى .

ــ ئۇنداق بولسا ، ــ دېدى خوجا ئەمرى ، ــ ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە كېلىپ موللىغا سالام بېرىپ بولۇپ ، « موللا ، چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ » دەڭلار . مۇشۇ گەپنىلا دەپ بەرسەڭلار كۇپايە . ئەمدى كەتسەڭلار بولىدۇ ، ــ ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ باللارنى قويۇپ بەردى . باللارمۇ ئاسانلا قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ تارقاشتى . ئەتىسى موللا باللاردىن بۇرۇن كېلىپ ساۋاقخانىدا ئولتۇرغان ئىدى ، بىر بالا كىرىپ :

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم موللا ، چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ ، ــ دېدى . موللىنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى . ئارقىدىن يەنە بىر بالا كىردى ، سالامدىن كېيىن ئۇمۇ : « چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ » دېدى . 50 ــ 60 بالىنىڭ ھەممىسى بىر قېتىمدىن « چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ » دېگەندىن كېيىن ، موللا كۆڭلىدە « بۇنچە مەسۇم باللار يالغان ئېيتماس ، مەن نېمە بولغاندىمەن . قېنى نۇشىرۋاننىڭ ئۈچ ئوغلى كەلگەندە ئۇلارمۇ شۇنداق دېسە ، راستىنلا ماڭا ئېغىر كېسەل تېگىپتۇ » دەپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى . موللا ئۆزىگە پال سېلىپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە ھېلىقى ئۈچ ئوغۇل ئىشىك ئالدىغا كەلدى . خوجا ئەمرى ئاۋۋال كىرىپ :

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم موللا ، چىرايلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ ، ــ دېگەن ئىدى ، موللىنىڭ چىرايى شۇئان سارغىيىپ كەتتى . ئارقىدىن مۇقبىل كىرىپمۇ شۇنداق دېدى . ئاندىن ئەبۇلئەلى كىرىپ شۇ گەپنى تەكرارلىدى .

موللىنىڭ چىرايى بىردىنلا قورقۇنچتىن سارغىيىپ كەتتى ـ دە ، ئاھ دېسە ئاھ دەپ مەكتەپتىن يېنىپ چىقتى . خوجا ئەمرى موللىنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى . خوتۇنى ئۇنىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ :

ــ ۋاي ئىسىت ، چىرايىڭىز سارغىيىپ كېتىپتۇ ، نېمە بولدىڭىز ؟ ــ دېدى .

— ئىچىمدە كېسەلىم يوق ، ئەمما چىرايىم مۇشۇنداق سارغىيىپ كېتىپتۇ ، ھېچ بىلەلمىدىم . — دەپ جاۋاب بەردى موللا .

خوجا ئەمرى بولسا تېۋىپ چاقىرىمەن دەپ ئەتىگەندە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەنچە كەچتە قايتىپ كېلىپ دېدىكى :

— ۋاي موللا ، تېۋىپ تاپالمىدىم . كەچكىچە ساقلاپ تۇرسام ، كەچ بولغاندا تېۋىپ كېلىۋىدى ، ئۆيگە تەكلىپ قىلسام زادىلا قوبۇل قىلمىدى . قاتتىق تۇرۇۋالسام ، « موللىنىڭ ئاغرىقى قەيەردە ؟ » دەپ سورىدى . مەن ئۇنىڭغا : « موللىنىڭ باشقا ئاغرىقى يوق ، چىرايى سارغىيىپ كەتتى » دېسەم ، تېۋىپ كىتاب كۆرۈپ بېقىپ : « بىر قوينىڭ كاللىسىنى پىشۇرۇپ ، سۆڭىكىنى گۆشىدىن ئايرىپ ، مېڭىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئوتتۇرا بارماق ئاران پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىپ ، قولىنىڭ ئۇ-چىنى ئاشۇ تۆشۈكتىن مېڭىگە يەتكۈچە كىرگۈزۈپ ، مېڭە تۈگىگىچە يالىسۇن ، مېڭىنىڭ تۈگىشى بىلەن چىرايىدىكى سېرىقلىق تۈگەيدۇ » دېدى .

موللا :

— ئى خوجا ئەمرى ، كاللىپەزدىن بىر كاللا ئېلىپ كەلگىن ، ئاندىن ئۇنى ماڭا تېپىپ بەرگىن ، — دېدى .

خوجا ئەمرى كاللىپەزنىڭ قېشىدىن بىر كاللىنى ئېلىپ كېلىپ گۆشىنى تازىلىۋېتىپ ، مېڭىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن بارماق پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىپ بەردى . موللا بارمىقىنى تۆشۈكتىن تىققان ئىدى ، مېڭىگە يەت-مىدى ، كۆچەپ بىر تىققان ئىدى ، موللىنىڭ بارمىقى تۆشۈكتىن كىردى ، ئەمما بارمىقىنى تارتىپ ئالالمىدى . خوجا ئەمرى موللىنىڭ بارمىقىنى كەسمىگۈچە تۆشۈكتىن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ ، مەككە رەئىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ :

— موللا ئاغرىپ قالدى . ئۇ : « مەن پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئوقۇتۇۋاتسام ، رەئىس ئۆزى كەلمىسىمۇ بىرەر ئادەم ئەۋەتىپ يوقلاپ قوي-مىدى » دەپ رەنجىۋاتىدۇ ، — دېدى .

مەككە رەئىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ شەھەر ئۇلۇغلىرىدىن بىرقانچىنى موللىنى يوقلاشقا ئەۋەتتى . خوجا ئەمرى يېنىپ كېلىپ :

— ۋاي موللا ، سىلىنى مەككىنىڭ ئۇلۇغلىرى يوقلاپ كەلدى ، — دېدى .

موللىنىڭ قولىدا كاللا بار ئىدى .

— قولۇمدىكى كاللىنى قانداق قىلىمەن ؟ — موللا خوجا ئەمرىدىن سورىغان ئىدى ، خوجا ئەمرى :

— كاللىنى يوتقانغا تىقىۋالسىلا ، — دېدى .

موللا كاللىنى ئەمدىلا يوتقانغا تىقىپ تۇرۇشىغا ، مېھمانلار كىرىپ كەلدى . ئۇلار ئولتۇرۇپ موللىدىن هال - ئەھۋال سورىدى ، لېكىن پاتىھە ئوقۇشنى ئۇنتۇپ قالدى . خوجا ئەمرى قوپۇپ :

— ئى ئۇلۇغلىرىم ، كېسەل يوقلىغۇچىلارنىڭ پاتىھە ئوقۇشى زۆرۈر ، پاتىھە ئوقۇپ بېرىشسىلە ئىكەن ، — دېگەن ئىدى ، كەلگەن مېھمانلار خىجىل بولۇپ پاتىھەگە قول كۆتۈرۈشتى ، لېكىن موللا قولىنى كۆتۈرمەي ئولتۇردى . خوجا ئەمرى :

— ۋاي موللا ، ھەممەيلەن سىزنىڭ شىپا تېپىشىڭىز ئۈچۈن پاتىھە ئوقۇۋاتسا ، سىز جىم ئولتۇرامسىز ؟ سىزمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈڭ ، — دېدى . موللا بىر قولىنى « ئامىن » دەپ كۆتۈردى . خوجا ئەمرى :

— هوي موللا ، ئىككى قولدا ئامىن دەيدىغان ، — دېدى . موللا قولىنى چىقىرالماي توختاپ قالدى . كەلگەن مېمانلار :

— ھەي موللا ، ئىككى قولىڭىزدا ئامىن دەڭ ، — دېگەن ئىدى ، بىچارە موللىغا ئىزايى - هارام ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلدى - دە ، قولىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ، كاللا بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغان ئىدى ، بېشى يېرىلىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلدى .

كەلگەن مېھمانلار بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ ، يېنىپ بېرىپ كۆرگەنلىرىنى مەككە رەئىسگە بىر - بىرلەپ بايان قىلدى . رەئىس موللىنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ رازى قىلدى . مەككە رە-

ئىسى كۆڭلىدە «بۇ باللارنى نەچچە موللىدا ئوقۇتتۇم، بۇلار مەكتەپتىن ھېچ بەھرە ئالالمىدى، بەلكى موللىلارنىڭ جىنىنى ئالدى. ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟» دەپ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغان ئىدى، «بەسرە ۋىلايىتىدىن كەلدىم» دەپ بىر موللا كىرىپ كەلدى. مەككە رەئىسى:

— موللا، مېنىڭ ئۈچ پەرزەنتىم بار، ئوقۇتۇپ بەرسىڭىز، سىزنى ئوبدان رازى قىلىمەن، — دېدى. موللا قوبۇل قىلدى. ئاندىن موللىنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، باللارنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

مەككە رەئىسى موللىنى ئىچكەركى سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆزى تاشقىرىقى سارايدا تۇردى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە، خوجا ئەمرى تالاغا چىقالماي، «قانداق قىلسام بولار» دەپ ئىچكەركى قازناققا كىرىپ، تامنى تەشتى ۋە تۆگىخانىغا چىققاندىن كېيىن، تۆشۈكنى چىرايلىق ئېتىپ قويدى، ئەتىسى موللا ساۋاق بېرىۋاتقاندا تۆشۈكتىن تالاغا چىقىپ ئويناپ، چۈش ۋاقتىدا پەيدا بولدى. ئارىدا 3 — 4 كۈن ئۆتتى، موللا خوجا ئەمرىنى تاپالمىدى. ئۇ بىر ۋاقىتدا ئەبۇلئەلى بىلەن خوجا مۇقبىلنى ئويۇنغا تۇتۇپ ئۇقۇغىلى قويمىدى.

بىر كۈنى ئەبۇلئەلى خەت يۇتۇپ، مۇقبىل ئوقۇپ ئولتۇرۇشقان ئىدى، خوجا ئەمرى بىر تال تاياقنى ئات قىلىپ ئويىنىغىلى تۇردى. بۇنى كۆرگەن موللا غەزەپلىنىپ، ئۇنى بىر تاياق ئۇردى. تاياقنىڭ ئۇچى خوجا ئەمرىدىن ئۆتۈپ ئەبۇلئەلىگە تەگدى. ئۇ تاياقنىڭ زەربىسىدىن تولغىنىپ كەتتى. موللىنى ئۆلتۈرۈش خىيالىدا يۈرگەن خوجا ئەمرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ:

— ھەي ئەبۇلئەلى، سەن نېمانچە بىغەيرەت. مەن تۆت موللىنى ئۆلتۈرۈپ بولدۇم. ئويۇننى مەن ئويىنىغان تۇرسام، سېنى بىگۇناھ ئۇردى. سېنىڭ ئورنۇڭدا مەن بولسام، قولىدىكى تاياقتا ئۇنىڭ بېشىغا سالاتتىم، — دېگەن ئىدى، ئەبۇلئەلى شۇئان بېرىپ موللىنىڭ بېشىغا تاياقتا شۇنداق ئۇردىكى، موللىنىڭ بېشى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا خوجا ئەمرى دېدىكى:

— سەن ئەمدى ئادەم ئۆلتۈردۈڭ، ئاتاڭ ئەمدى بىزنى سولىۋېلىپ سىرتقا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بىز بېقىۋالغان دادىمىز نۇشىرۋان ئادىلىنىڭ يېنىغا بارساق، ياخشى ئاتقا مىنىپ، ياخشى لىباسلار كىيىپ، شېرىن تائاملارنى يەپ، خالىغاندا شىكار قىلىپ ئاھۇلارنى ئوۋلاپ كۆڭلىمىزنى ئاچىمىز. شۇڭا، بۇ يەردىن قاچايلى، — دېدى.

بۇ گەپ ئۇلارغا ياقتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈچەيلەن مەككە شەھىرىدىن قېچىپ چىقىپ نۇشىرۋاننى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە نۇرغۇن جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، بىر كۈنى نامازشام مەھەل بىلەن نۇشىرۋاننىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىمنىڭ ئىشىكىگە كەلدى. خوجىنىڭ قۇللىرى ئۇلارنى كۆرۈپ:

— ئۆيگە مۇساپىرلار كېلىپتۇ، بىر كېچە قونۇۋالساق دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. خوجا ئۇلارنى مېھمانخانىغا بۇيرۇپ، ئۆزى ئارقىدىن كىرىپ كەلدى ۋە بۇ يىگىتلەرنى تونۇپ ئاش - تائام بەردى. ئاندىن:

— ئى پەرزەنتلىرىم، ۋاقىتسىز كېلىپسىزلەر، سىزلەرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىڭىزلارغا يەنە بار ئىدى، شۇ چاغدا كېلىپ مۇشكۈلنى ھەل قىلىسىڭىزلار ئوبدان بولاتتى. بەختەك دېگەن دۈشمەن بەك زېرەك. ئۇ بىلىپ قالارمىكىن دەپ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى.

بۇ سۆزلەر ئەبۇلئەلگە يامان ئىشتىلدى. ئۇ خوجا ئەمرىگە قاراپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن خوجا ئەبۇزەر جەمھۇر قىلغان سۆزىگە كۆپ پۇشايمان قىلدى، ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمىدى. خىزمەتچىلەر ئۇلارغا دەرھال ياستۇق كەلتۈرۈپ ئورۇن سېلىپ بەردى. ئەبۇلئەلى خوجا ئەمرىگە تەنە قىلىپ:

— راھەت كۆرىمىز دەپ باشلاپ كەلدىڭ. نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بىلەن كەلسەك، بىزگە قوپال تەگدى. ئەمدى بىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىپ كەت، يۇرتىمىزغا يانىمىز، — دەپ تۇرۇۋالدى.

خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم بۇ بالىلارنىڭ پەيلىنى بىلىپ، قېچىپ كېتىپ قالمىسۇن، دەپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى توسۇپ كېچىچە ئۇخلىماي

ئولتۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن باللار ئامالسىز قالدى. بۇ چاغدا خوجا ئەمرى يول كۆرسىتىپ:

— ئۆچىمىز ئۆنلۈك ئوسۇرايلى، شۇنداق قىلساق ئۇ خىجىل بولۇپ نېرى كېتىدۇ. ئاندىن قاچالايمىز، — دېدى ـ دە، ئۆزى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوسۇرغىلى تۇردى. خوجا جەمھۇر كۆڭلىدە، بۇ باللار مەندىن خىجىل بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئايۋانغا چىقىپ كەتتى. باللار شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، كەلگىن يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقتى.



# نۇشىرۋان پەرزەنتلىرىنىڭ يەمەنگە سەپەر قىلغانلىقى

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئۈچ بالا مەدايىندىن چىقىپ نۇرغۇن مەنزىللەرنى بېسىپ، ئاخىر كۇفى شەھىرىگە كەلدى. ئۇ يەردە كۆردىكى، تامام شەھەر خەلقى شەھەردىن چىقىپ بىر يەرگە توپلىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار توپلاشقان جامائەتكە يېقىن بارغان ئىدى، ئادەملەر ئوتتۇرىنى مەيدان قىلىپ تۆت ئەتراپنى قورشاپ تۇرۇپتۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشى گۇمبەزدەك، ئاغزى غاردەك، بىلەكلىرى چىنار شاخلىرىدەك ھەيۋەتلىك بىر ئادەم سەندەلنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە 400، سول تەرىپىدە 400 كىشى بىردىن كۇرسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەبۇلئەلى بۇ ھالنى كۆرۈپ كىشىلەردىن نېمە ئىشلىكىنى سو-رىغان ئىدى، ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

— بۇلار ئىراندىن كەپتۇ، بۇ پالۋاننىڭ ئىسمىنى سەئىد قىلىچۋاز دەيدۇ. بۇلار شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ كىشىلەرنى ئۆز باتۇرلۇقلىرى بىلەن ھەيران قالدۇرۇپ، خەلقتىن ئىنئام - ئېھسان ئېلىپ ياشايدىغانلاردىن ئىكەن، — دېدى.

بۇ باللار ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئې-گىز بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە دۇمباق چېلىندى. ئوڭ قول تەرەپتىكىلەردىن بىر كىشى، سول قول تەرەپتىكىلەردىن بىر كىشى مەيدانغا چۈشۈپ چېلىشتى. ئوڭ قول تەرەپ-

تىن كەلگەن كىشى سول قول تەرەپتىن كەلگەن كىشىنى يەڭدى . مۇشۇ تەرىقىدە شاگىرتلىرى ئۆزئارا تۇتۇشۇپ ، ئەڭ ئاخىر بىر كىشى تاللىنىپ چىقىپ ، ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كەلدى .

سەئىد قىلىچۋاز كېلىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ يۇقىرىغا ئاتقان ئىدى ، بىر ئارغامچا بويى ئۆرلىدى . ئۇ قورقۇپ :

— ۋاي ئۇستازىم ، خاتا قىلدىم ، رەھىم قىلسىلا ، بالىلىرىم يېتىم قالمىسۇن ، — دەپ يالۋۇرغىلى تۇردى . سەئىد قىلىچۋاز ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يەرگە قويدى . بۇ چاغدا سەئىد :

— ئى شاگىرتلىرىم ، مېنىڭ ھۈنەرلىرىمنى كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى . شاگىرتلار دەرھال ئىككى ھارۋىنى ئىككى پىلغا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلدى . ئۇ ھارۋىلارغا قارا مەخمەلدىن يوپۇق سېلىنغان ، چۆرىسىگە جاۋاھىر تىزىلغان ئىدى . ھارۋىنى ئاچقان ئىدى ، ئىككى ئوقيا چىقتى . ئۇنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى 500 پاتمان كېلەتتى . سەئىد بۇ ئىككى يانى جۈپلەپ تۇتۇپ ، كىرىچنى شۇنداق تارتقان ئىدى ، يانىڭ ئىككى بېشى بىر يەرگە كەلدى . سەئىد ئىككى يانى ھارۋىدا قويدى . بۇ چاغدا شاگىرتلار يەنە ئىككى ھارۋىنى كەلتۈردى . ئۇنىڭ ئىچىدىن تۈگمەن تېشىدەك ئىككى تاشنى ئېلىپ ، ئىككى قولىدا ئاسمانغا ئېتىپ ئوينايتتى . بۇ ئىككى تاشنى ئۇ 24 قېتىم ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالدى . بۇنى كۆرۈپ ئەبۇلئەلى ھەيران قالدى . ئاندىن بىر ئۈينى كەلتۈردى . بۇ ئۈيغا شاراب بېرىلگەن بولۇپ ، ھەربىر تال تۈكىدىن چېپىلداپ تەر ئېقىپ تۇراتتى ، شارابنىڭ كۈچىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى مۈڭگۈزى ئوتتۇرىسىغا ياغاچ بېكىتكەن ئىدى ، كىشىلەر بۇ ياغاچنى ئېلىۋېتىپ ، ئۈينى سەئىد قىلىچۋاز تەرەپكە قويۇۋەتتى . بۇ جانىۋار مۈڭ-گۈزىدىكى تاقاقتىن قۇتۇلغان بولغاچقا ، مۈڭگۈزىنى سەئىدنىڭ كۆكسىگە تىقىش ئۈچۈن ئېتىلىپ بارغان ئىدى ، سەئىد ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ جىم توختاتقاندىن كېيىن ، 60 قەدەم كەينىگە تۈرتۈپ باردى . ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۈرۈپ ، ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئۈينىڭ بېشىغا

ئۈسـگـەن ئـىدى ، ئۈيـنـىـڭ بـېشى پارە - پارە بولۇپ كەتتى . بۇ ھالنى كۆرگەن ئەھلى ئالەم ھەيران قالدى . سەئىد شاگىرتلىرىغا :

— ئۈيـنـىـڭ تېرىسىنى سويۇڭلار ، — دېدى ، ئۇلار دەرھال ئۈيىنى سويدى . ئاندىن تېرىنى يەرگە يېيىپ ، ئۆمۈر بويى جاھان كېزىپ يۈرۈپ يىـغـقـان 22 پـاتـمـان ئالتۇننى تېرە ئۈستىگە قويۇپ ، ئۆزى ئۇ ئالتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ :

—— ئى خـالايـىـق ! .... ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالتۇنغا مەيلى بولسا ، ئايـىـغـىـمـدىـكـى بـۇ ئالتۇننى تارتىۋالسا بولىدۇ ، — دېدى . شاگىرتلىرى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ :

— بىز ئالساقمۇ بېرەمسىز ؟ — دەپ سورىدى . سەئىد :

— بـېرىمەن ، — دېدى . شاگىرتلىرى كېلىپ ، تېرىدىن قاقتەك ، قـۇلاقـتـەكـتـىـن ئۈزۈپ ئالـدى ، ئەمما ئالتۇننى ئالالمىدى . سەئىد ئۆزىگە تەمەنىنا قويۇپ :

— ھېلـىـغۇ سىلەر ئىكەنسىلەر ، رۇستەم بولغان بولسىمۇ ئالالمايت- تـى . ئەگـەر رۇسـتەم ، ئىسپەندىيار دېگەنلەر مۇشۇ مەيداندا بولغان بولسا ، بىر شاپىلاقتىن قويغان بولاتتىم ، — دېدى .

ئەبـۇلئەلـى مـەيدانغا چۈشۈپ سەئىدنىڭ ئالدىغا باردى . سەئىد ئە- بۇلئەلىدىن :

— سەن نېمىگە كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى . ئەبۇلئەلى :

— ئالـتۇننى ئالغىلى كەلدىم ، — دەپ جاۋاب بەردى - دە ، پۈتۈن كۈچ - مادارىنى يىغىپ ، سەئىدنىڭ پۇتى ئاستىدىكى ئالتۇننى بىر تارتىپلا يـەتـتـە مېتىر نېرىغا تاشلىۋەتتى . خوجا ئەمرى دەررۇ بېرىپ ئالتۇننى كۆ- مۈۋالدى . بۇنى كۆرگەن سەئىد ئەبۇلئەلىنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— ئى يـىـگـىـت ، پـالـۋان ئىـكـەنـسەن ، سەن قىلغاننى رۇستەم ، ئەفراسىياپمۇ قىلالمىغان بولار ئىدى ، — دېدى . ئەبۇلئەلى جاۋابەن :

— سەن قـىـلغان ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىنى قىلالايمەن ، — دېدى . سـەئـىـد ئىككى يانى ئېلىپ كەلگەن ئىدى ، ئەبۇلئەلى كىرىچنى تۇتۇپ بىر

كۆچكەن ئىدى، يا پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئارقىدىن ھېلىقى ئىككى تاشنى كەلتۈردى. ئەبۇلئەلى ئىككى تاشنى ھاۋاغا 60 قېتىم ئېتىپ ئاجايىپ تاشۋازلىق قىلدى. ئاخىرىدا، بىر تاشنى ئاسمانغا ئېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىپ چۈشۈشىگە يەنە بىر تاشتا شۇنداق سوقتىكى، تاشلار ئۇۋۇلۇپ مەيداندىكى تاماشىچىلارنىڭ بېشىغا تاش ياغدى. ئارقىدىن ئۆينى كەلتۈردى. ئۆي ئۈسكىلى ئېتىلىپ كېلىشىگە ئەبۇلئەلى ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مۆڭگۈزىدىن تۇتقىنىچە چېكىسىگە مۇشت ئۇرغان ئىدى، مۇشتى ئۆينىڭ بېشىنى تېشىۋەتتى. خالايىق چۇقان سېلىپ ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئاندىن ئەبۇلئەلى سەئىدنى چاقىرىپ:

— ھەي پالۋان، كەلگىن چېلىشايلى، — دېدى. سەئىد:

— ھەي يىگىت، مېنىڭ تېخى گۆرزىبازلىقىم قېپقالدى، ئۇنى تاماشا قىلغىن، ئاندىن چېلىشايلى، — دەپ 360 پاتمان ئېغىرلىقتىكى گۆرزىنى ئېلىپ، گاھ يۇقىرى تاشلاپ، گاھ تۇتۇۋېلىپ، ئەبۇلئەلىنى ئايلىنىپ كېلىپ ئارقا تەرەپتىن ئۇمۇد بىلەن بېشىغا ئۇردى. ئۇمۇد ئەبۇلئەلىنىڭ مېڭىسىگىچە يېتىپ، ئاغزى - بۇرنىدىن قان كەلدى، سۆڭەكلىرى يانجىلىپ يەرگە يىقىلدى، دولا سۆڭىكىمۇ سۇندى. خەقلەر چۇقان - سۈرەن سېلىشتى. سەئىد بولسا ئۆز يولىغا ماڭدى. خوجا ئەمرى بىلەن خوجا مۇقبىل ئەبۇلئەلىنى ئېلىپ بىر تامنىڭ تۈۋىدە ياتقۇزۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. تېۋىپ چاقىرىپ داۋالاتتى. شۇنداق بىرقانچە ئاي ئۆتكەندە ئەبۇلئەلى ئەسلىگە كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلئەلى سىپاگەرچىلىكنى ئۆگەندى، مۇقبىل تىرە ئەندازلىقنى ① ئۆگەندى، خوجا ئەمرى ھەييارلىقنى ئۆگەندى. بۇلار ئەلەم ماھارىتىدە ھەر بىرسى نەچچە مىڭ ئادەمگە تېتىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى.

بۇ ئۈچەيلەن نۇشىرانىنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي خاپا قايتىپ خېلى بىر مەزگىلگىچە نۇرغۇن سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇلار ئاخىر مەككە شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. شەھەر

① تىرە ئەنداز — مەرگەن، ئوقياچى مەرگەن.

ئۇلارغا ناھايىتى ئەنسىز كۆرۈندى . ئۇردىغا يېقىن كېلىپ قارىغان ئىدى ، ھەممىلا يەرگە سىپاھلار تولۇپ كېتىپتۇ . سىپاھلار شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىنى باغلاپ قويۇپ ، شەھەر رەئىسىنى « خىراج بېرىسەن » دەپ قىستىغىلى تۇرۇپتۇ .

ئەسلىدە ، بۇ سىپاھلار يەمەننىڭ ئادەملىرى ئىدى . بەختەك ۋەزىر پادىشاھ نۇشىرۋان بىلەن ئوۋغا چىققاندا نۇشىرۋان بەختەكنى 40 كالتەك ئۇرغۇزۇپ ، ئاچچىقىنى ئېلىۋېلىپ ، گۇناھكار قىلغاندىن كېيىن ، بەختەك 80 كۈنگىچە كىشىگە كۆرۈنمىدى . بىر كۈنى ھەممە سىپاھلار جەم بولۇپ نۇشىرۋاننىڭ بۇتخانىسىغا كەلدى ، ئاندىن بەختەكنىڭ گۇناھىنى تىلىدى . نۇشىرۋان مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ، شۇڭا بەختەكنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگەن ئىدى . بەختەك نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان ئۈچ ئوغلىدىن ئەنسىرەپ يۈرەتتى . شۇڭا ، بەختەك ئۇلار چوڭ بولغۇچە ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ نۇشىرۋاننى ئاجىزلاتماقچى بولدى . بەختەك كۆپ ئويلاپ نۇشىرۋاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى زىددىيەتكە سالماقچى بولۇپ ، بىر كۈنى پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ مۆھرىنى ئوغرىلاپ ، يەمەن پادىشاھىغا خەت ئەۋەتتى . خەتتە « توققۇز يىل بولدى ، مەككە خەلقى پادىشاھقا خىراج بەرمىدى ، ئۇلارنىڭ ئۈچ ئوغلىنى پادىشاھ ئوقۇتقان تۇرۇقلۇق خىراج بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ قاتتىق ئەدىپىنى بېرىپ ، توققۇز يىللىق خىراجنى تولۇق ئېلىپ خەزىنىگە ئەۋەتىپ بەرگەيسىز » دېيىلگەن ئىدى . يەمەن شاھى نۇشىرۋان نامىدا يېزىلغان بۇ خەتنى كۆرۈپ 500 سىپاھنى بەدمىش يەمەنىگە تاپشۇرۇپ مەككە شەھىرىگە ئەۋەتتى . بۇلار مەككە شەھىرىگە كېلىپ ، خەلققە ئازاب ـ ئوقۇبەت سېلىپ بەش يىللىق خىراجنى يىغىپ بولغاندا ، ئەبۇلئەلى ، ئەمرى ، مۇقبىل يېتىپ كەلدى . مەككە رەئىسى بۇ ئوغۇللار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرغاندا ، بەدمىش يەمەنى كېلىپ مەككە رەئىسىدىن :

— بۇ يىگىت كىم ؟ — دەپ ئەبۇلئەلىنى كۆرسەتتى .

— بۇ مېنىڭ پەرزەنتىم ئىدى ، تۇغۇلغان كۈنىدىن باشلاپ پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىل بالا قىلىۋالغان . بىز ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان ئىدى ، مانا ئەمدى ئاران كۆرۈشتۇق ، — دەپ جاۋاب بەردى مەككە رەئىسى . بەدمىش :

— ئۇنداق بولسا ئوغلىڭىزغا ئېيتىڭ ، ماڭا شاراب تۇتسۇن ، — دېدى . مەككە رەئىسى جىدەل چىقىشتىن قورقۇپ :

— ئوغلۇم ، شاراب تۇتقىن ، — دېدى . ئەبۇلئەلى شاراب تۇتتى . بەدمىش شارابنى ئالاي دەپ قولىنى ئۇزىتىشىغا ، ئەبۇلئەلى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ، گەدىنىگە مۇشت بىلەن بىرنى سالدى ، بەدمىش ئۆلدى . بۇنى كۆرۈپ بەدمىشنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ ، خىراجىنمۇ ئالماي يەمەنگە كەتتى . خالايىق بۇنىڭدىن ھەيران ـ ھەس قالدى . مەككە رەئىسى بۇ ۋەقەدىن قورقۇپ كېتىپ ، شەھەر ئۇلۇغلىرى بىلەن خىراجنى ئۇلاغلارغا يۈكلەپ يەمەنگە يوردى . ئوغلىنىڭ بەدمىشنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا مەككە رەئىسىنىڭ غەزىپى تۇتقان ئىدى . ئەبۇلئەلى دادىسىدىن رەنجىپ ، شىكارغا چىقىپ كېتىپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆيگە كەلمىدى . تۆتىنچى كۈنى قايتىپ كەلسە ، دادىسى يوق . قېرىنداشلىرىدىن سورىغان ئىدى ، ئۇلار جاۋاب بېرىپ :

— توققۇز يىللىق خىراجنى ئېلىپ ، تامام مەككە بەگلىرى بىلەن بەدمىشنىڭ ئۆلگىنىگە ئۆزرە ئېيتقىلى يەمەنگە كەتتى ، — دېيىشتى . ئەبۇلئەلى خوجا ئەمرىگە :

— ھەي ئەمرى ، بىز يەمەنگە بارساق ، يەمەن بەگلىرىنىڭ تاجلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ ، مەملىكىتىنى قولىمىزغا ئالىمىز ، — دېدى . ئۇلار كەتكەنلەرنىڭ ئارقىسىدىن يەمەنگە قاراپ يولغا چىقتى .

بىر كۈنى يەمەن پادىشاھى تەختتە ئولتۇراتتى ، بەدمىشنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بەدمىشنىڭ ئۆلۈمىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى . يەمەن پادىشاھى ئۇلارنىڭ دادىنى ئاڭلاپ ، مەككە خەلقىگە ئېيتقىلى بىرەر باھانە تاپالماي تۇرغاندا ،

« مەككە بەگلىرى خىراج ئېلىپ كەلدى » دەپ خەۋەر كەلدى . پادىشاھ كەلگەنلەرنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ :

— ھەي خوجىلار ، توققۇز يىللىق خىراجنى بەرمەي تۇرۇپ ، خىراج ئۈچۈن بارغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە كىم ھوقۇق بەردى ؟ — دەپ قاتتىق ئاچچىقلاندى . مەككە رەئىسى :

— ئى پادىشاھ ، بىزنىڭ بەرمەسلىككە ھەددىمىز ئەمەس ، ئەمما نۇشىرۋان ئادىل بۇ ئۈچ ئوغۇلنى ئۆزىگە پەرزەنت قىلىپ ، بۇ شەھەرنىڭ خىراجلىرىنى ئاشۇ بالىلارغا بەرگەن ئىدى . شۇ ۋەجدىن خىراجنى تاپشۇرمىغان ئىدۇق . بۇ ئەھۋالنى بىز بەدىمىشكە ئېيتقان ، — دەپ تۇرغاندا ، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئوغۇللىرى پەيدا بولۇپ ، يەمەن شاھىنىڭ ئالدىغا بىر كىشىنى كىرگۈزۈپ ، « سىپاھلار مەككىدىن ئالماي كەلگەن ماللارنى بىرنەچچە ئادەم ئېلىپ كەپتۇ » دەپ خەۋەر بەردى . يەمەن پادىشاھى : «ئەكەلگەن ماللارنى ئېلىپ كىرىڭلار » دەپ ئىككى ياساۋۇلنى بۇيرۇغان ئىدى ، ياساۋۇللار چىقىپ قارىسا ، ساندۇقنىڭ ئۈستىدە بىر يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . ياساۋۇل :

— ھەي يىگىت ، قوپۇڭ ، بۇ ماللارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىمىز ، — دېدى . ئەبۇلئەلى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ جىم ئولتۇرۇۋالدى . بىرى يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا تاياق سالدى . ئەبۇلئەلى ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر تاشلىغان ئىدى ، سارايىنىڭ تېشىغا چۈشتى . بىر ياساۋۇل قېچىپ بېرىپ ، بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا مەلۇم قىلدى . مەككە رەئىسى « بۇ ئەبۇلئەلىنىڭ ئىشىمدۇ ؟ » دەپ ئەنسىرەپ قالدى . يەمەن پادىشاھىنىڭ ئالدىدا 70 پاتمان ئېغىرلىقتىكى زەنجىردە باغلانغان بىر نېگىر بار ئىدى . ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېيىشىگە بىر ئادەم بېرىلەتتى . ئۇنىڭ ئىسمى ئەراس دەپ ئاتىلاتتى . ۋەزىر دېدىكى :

— ئى پادىشاھئالەم ، نېگىرنى بوشىتىپ ، ئول يىگىتكە قويۇپ بەرمەك كېرەك . ھەر كۈنى ئۇنىڭ يېمەكلىكى ئۈچۈن بىر ئادەم بېرەتتۇق ، بۈگۈن ئاشۇ ئادەمنى تۇتۇپ يېسۇن .

بۇ مەسلىھەت ھەممەيلەنگە ياقتى ـ دە ، نىگىرنى بوشىتىپ ، ئۇنىڭغا ئەبۇلئەلىنى كۆرسىتىپ قويىدى . نىگىر زەنجىرنى سۆرەپ سارايغا كىردى . تامام خەلق ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يىغىلدى . نىگىرنىڭ بويى 60 گەز ، بېشى گۈمبەزدەك ، ئاغزى غاردەك ، ھەربىر قولى چىنار شېخىدەك ، چىشلىرى ئارىدەك ئىدى . ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، ئەبۇلئەلىنى تۇتۇپلا ئاغزىغا سېلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا سەكرەپ كېلىپ ھۇجۇم قىلدى ، ئەبۇلئەلى گويا ئېتىلىپ چىققان تاشتەك دەۋرەپ چىقىپ ، نىگىرنىڭ پېشانىسىگە مۇشت ئاتقان ئىدى ، ئۇ كاللىسى پارە ـ پارە بولۇپ شۇ يەردىلا ئۆلدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ خالايىق ھەيران بولۇپ ، ئەبۇلئەلىگە تەھسىن ـ ئاپىرىن ئوقۇشتى . بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتتى ، پادىشاھ ھوشىدىن كەتتى . ئىسىگە كەلگەندىن كېيىن سىپاھلىرىغا :

— ھەي پالۋانلار ، كىمكى مەككە رەئىسىنىڭ ئوغلىنى باغلاپ ئالدىمغا ئېلىپ كەلسە ، قىزىم مەريەم ناھىدنى بېرىمەن ، — دېدى .

ئەمدىكى گەپنى سەل نېرىغا يۆتكىسەك ، پادىشاھنىڭ قىزى مەريەم ناھىد شۇنداق رەنا ئىدىكى ، مەلاھەت بابىدا خىللانغان ، لاتاپەت باغىدا ئىلغانغان ، ھۆسنىنىڭ گۈزەللىكى يەتتە ئىقلىمغا پۇر بولغان قىز ئىدى .

نەزم

نازلىنىپ تۇرسا ئەگەر ئول نازىنىن ،
ئەرشمۇ بىھوش بولۇپ تولغانغۇسى .
كۆرسە ئىنسان بىر قېتىم جامالىنى ،
ئاھ ئۇرۇپ باغرى ئۇنىڭ قان بولغۇسى .
گەر قاراپ قىلسا تەبەسسۇم ئول گۈزەل ،
ئاي ، قۇياش ھەم ئاڭا قۇللۇق قىلغۇسى .

يەمەن پادىشاھىنىڭ بۇ قىزى كامالىغا يېتىپ ، ئەلچىلەر ھەر تە-

رەپتىن سۆز تاشلاپ كېلىپ تۇرغان ئىدى. قىز ياتلىق بولۇشنى خالىمايتتى. بىر كۈنى ئانىسى سۆز ئېچىپ:

— ئى قىزىم، قىز بالا ياتلىق بولىدۇ، ئوغۇل بالا ئۆيلىنىدۇ. ئۆ-مۈرۋايەت ئاتا - ئانا بىلەن بىرگە پاشايدىغان ئىش نەدە بولسۇن، تەقدىرگە تەن بېرىپ، تۇرمۇشتىن لەززەت تېپىش لازىم، — دەپ نەسى-ھەت قىلدى. قىز ناھايىتى ئاقىل ئىدى.

— ماڭا لايىق بولىغۇچىلار مۇنداق ئۈچ شەرتنى ئادا قىلىشى كېرەك: بىرىنچى، خانلىقىمىزدا ھازىرغىچە ئادەم تەگ كېلەلمىگەن ھەبەش قۇل دەپ بىر قۇل بار، ماڭا لايىق بولغۇچى ئۇنى چېلىشتا يەڭسۇن؛ ئىككىنچى، ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن 100 غۇلاچ بىر مۇنار بار، بۇ مۇنارنىڭ نامى «مۇنار زەررىن كەمەر» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر جۈپ ئالتۇن ناغرا بار، ھەركىم ماڭا ئاشىق بولۇپ كەلسە، ئاشۇ مۇنارغا چىقىپ، ناغرىنى چوكىدا چالسۇن؛ ئۈچىنچى، ۋەزنى 80 پاتمان كېلىدىغان، قە-دىمدىن قالغان يەتتە دانە يا بار، ماڭا كەلگەن لايىق ئاشۇ يانى قولىغا ئېلىپ تارتالىشى لازىم. كىمدەكىم مۇشۇ ئۈچ شەرتنى ئورۇندىسا، مەن شۇنىڭ نىكاھىدا بولىمەن، ناۋادا بۇ ئۈچ شەرتنى ئورۇندىيالمىسا، جېنىدىن كەچسۇن، — دەپ تەلەپ قويىدى قىز.

بۇنى ئاڭلاپ 36 شەھەردىن 36 شاھزادە نۇرغۇن مال - دۇنيا ئې-لىپ كېلىپ، مەريەم ناھىدقا مۇھەببەت دەۋاسى قىلدى. كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ھەبەش قۇل بىلەن چېلىشىپ يېڭىلدى، مۇنارغا چىقىپ ئالتۇن ناغرىنى چالالمىدى، قەدىمكىلەردىن قالغان يانى يەردىن ئۈزەلمىدى. شۇنداق قىلىپ، 33 شاھزادە شەرتنى ئورۇندىيالمىغانلىقى ۋەجىدىن دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. يەنە ئۈچ شاھزادىنى قىزنىڭ ئاتىسى تىلەپ ئېلىپ ئۆزىگە نەۋكەر قىلدى. بۇلارنىڭ بىرى ھەلەب پادىشاھىنىڭ ئوغلى مەقبۇل ھەلەبى، يەنە بىرى سۇلتان بەخت بەزمى، يەنە بىرى ئىسكەندىرىيە پادى-شاھىنىڭ ئوغلى ئاباەچىنى ئىدى. بۇلار پادىشاھنىڭ «كىم ئەبۇلئەلنى باغلاپ ئەكەلسە، قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ تې-

پىرلاشتى.
— ئى پادىشاھى ئالەم، سىز گېپىڭىزدە تۇرىدىغانلا بولسىڭىز، نۇشىرۋاننىڭ بۇ ئاسراندى ئوغلىنى باغلاپ ئالدىڭىزغا ئېلىپ كېلىمىز، — دەپ ئابابەچىنى مەيدانغا چۈشتى. ئۇ ئاتلىق كېلىپ ئەبۇلئەلگە قىلىچ ئۇرغان ئىدى، ئەبۇلئەلى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئاتتىن يۇلۇپ ئالغان پېتى يەرگە ئۇردى. خوجا ئەمرى بىلەن مۇقبىل كېلىپ ئۇنى باغلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەنلەرمۇ بىر - بىرلەپ يەر چىشلەشتى.

ئەتىسى چۈش مەھەل بىلەن ئابابەچىنى قىزنى ئەسلەپ مۇنارغا چىقىپ ناغرا چالدى، ھېلىقى ھەبەش قۇلنى كەلتۈرگەن ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ يىقىلدى. يانى ئورنىدىن قوزغىيالمىدى. قىز دەرغەزەپ بولۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ بېشىنى كەسمەكچى بولدى. بۇ چاغدا ئەبۇلئەلى كېلىپ:
— ئى مەريەم ناھىد، بۇنداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، مەن بەجا قىلسام، — دەپ تەلەپ قىلدى ۋە بېرىپ قۇلنىڭ بېلىدىن تۇ- تۇپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. يانى تارتىپ ئۈچ پارچە قىلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن قىز ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ، يەڭلىرىدىكى جاۋاھىراتلارنى ئۇنىڭ بېشىدىن چاچتى. ئەمما، ئەبۇلئەلى قىزنىڭ شەرتىنى بەجا قىلىپ بولۇپ پەرۋاسىز قايتىپ كەتتى. قىز ئاتا - ئانىسىغا ئۈچ شەرتنى ئورۇندىغان يىگىت ئەبۇلئەلگە ئۆزىنى ئاتىغانلىقىنى ئېيتتى. پادىشاھ قىزىنىڭ رايىغا بېقىپ، كۆپلىگەن مال - دۇنيا بىلەن ئەبۇلئەلگە قىزىنىڭ ئەرزىنى يەت- كۈزدى. ئەبۇلئەلى:
— مەن بۇرادەرلىرىمدىن سوراپ جاۋابىنى بەرسەم، — دەپ ئۇلارنى ياندۇردى. ئاندىن خوجا ئەمرىگە:
— ھازىر مېنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىم ئەمەس، ئۆيلەنمەيمەن. سەن بېرىپ بىر تەرەپ قىلغىن، — دەپ ئۇنى ئەۋەتتى. خوجا ئەمرى قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— ئى خانىش، قىزىڭىزنى ئالىدىغان پالۋان غەم - قايغۇغا غەرق

بولۇپ، يىغىدىن باش كۆتۈرەلمەيۋاتىدۇ. بۇنىڭ تەدبىرىنى قىلغايسىز، — دېدى.

— نېمە قايغۇ ئىكەن ئۇ؟

— ئۇنىڭ ناھايىتى ئۇياتلىق بىر ئەيىبى بار ئىكەن.

— قانداق ئەيىب؟

— ئى خانىش، — دېدى خوجا ئەمرى جاۋاب بېرىپ، — ئاڭلىسىڭىز سىزمۇ كۆڭلىڭىز بۇزۇلۇپ يىغلاپ تاشلايسىز. پالۋان تۇغۇلۇپ يەتتە كۈنلۈك بولغاندا، خىزمەتكارلارنىڭ بىپەرۋالىقىدىن ئېغىلدىكى موزاي چىقىپ كېتىپ، ئەبۇلئەلىنىڭ زەكىرىنىڭ بېشىغا دەسسەۋەتكەن ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن قاتتىق خاپا بولۇپ، بۇيرۇغان خىزمەتكە بويۇن تولغاپ ماڭماس بولۇپ چوڭ بولۇپتۇ. ئۇ: « مەن ئۆيلەنسەم، بۇنىڭ ئەسكى خۇيلىرى قىزنى خاپا قىلىپ قويسا قانداق قىلارمەن » دەپ ئەنسىرەيدىكەن.

قىزنىڭ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ « ئاھ » دېگىنىچە ھەسرەت چېكىپ، قىزىنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ئەمرىنىڭ دېگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنى ئاڭلىغان قىز نادامەت ئىچىدە توي قىلىش نىيىتىدىن ياندى.

# نۇشىرۋاننىڭ تەختتىن ئايرىلغانلىقى

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ بۇ ئۈچ ئوغلى ئابابەچىنى، سۇلتان مەغرىبى، مەقبۇل ھەلەبىلەرنى ئېلىپ ھەر كۈنى شىكارغا چىقاتتى. بىر كۈنى شىكاردىن يېنىپ كېلىۋاتسا، ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم ئۇچرىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يارىدار، كۆڭلەكچان ياكى يېرىم يالىڭاچ ئىدى. ئەبۇلئەلى ئۇلاردىن:

— سىلەر نېمە ئادەم؟ نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار جاۋاب بېرىپ:

— بىز ئەسقىلانىدىن مەدايىنغا سودا ئىشى بىلەن بارغانتۇق. خەيبەر شەھىرىدىن ئەلقەمە ھۇشيام دېگەن بىرنېمە 44 مىڭ لەشكەر بىلەن مەدايىنغا كېلىپ، پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىلنى قاچۇرۇپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ، جەمشىتنىڭ تاج ـ تەختىنى ئېلىپ يۇرتىغا ياناماقچى ئىكەن، بىز شۇ لەشكەرلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدۇق، — دەپ بولغان ئىشلارنى بايان قىلدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاتەشلىرى لاۋۇلدىغان ئەبۇلئەلى:

— ھەي ئەمىرى، مۇقبىل، سەن ـ بىزگە بۇ دۆلەت كىمدىن كەلگەن؟ — دەپ سورىدى.

— پادىشاھ ئادىلدىن.

— ھالا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بېشىدىن تاجى چۈشۈپ، تاج ـ تەختىنى دۈشمەنلەر بۇلاپ كەتمەك بوپتۇ. بىز ئۇ دۈشمەننى يوقىتىپ، ئۇنىڭ بەرگەن تۇزىغا جاۋاب قايتۇرىدىغان ۋاقىت كەپتۇ، — شۇ گەپ

بىلەن ئۇلار كەلگەن يېرىگە يانماي ، شىكارگاھدىن ئەلقەمە ھۇشيامنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن باياۋانى ئابباسىيگە قاراپ راۋان بولدى .

ئەلقەمە ھۇشيام نۇرغۇن تەييارلىقلارنى قىلىپ مەدايىنغا قاراپ ئاتلانغان ئىدى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نۇشىرۋان ھەيران قالدى ۋە خوجا ئابۇزەر ھاكىمدىن بۇنىڭ تەدبىرىنى سورىدى . خوجا :

— ئەگەر روبىرو بولۇپ جەڭ قىلساق قاتتىق يېڭىلىمىز . دەرھال يارلىق چۈشۈرسىڭىز ، تامام سىپاھلار بۇتخانىغا يىغىلسا . خوتۇنلار بىلەن پەرزەنتلەر ئاتەشگاھقا ئورۇنلاشسۇن ، سىز تاج - تەختىڭىزنى ئۈچۈق قويۇڭ . ئەلقەمە ھەممىنى ئېلىپ تېخى خەيبەرگە يېتىپ بارمايلا باياۋانى ئاباسىيدە سىزنىڭ ئۈچ ئوغلىڭىز ئالدىنى توسۇپ ئەلقەمەنى ئۆلتۈرۈپ ، تاج - تەختىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئېلىپ بېرىدۇ ، سىز يەنە تاجىڭىزنى كىيىپ تەختىڭىزدە ئولتۇرۇۋېرىسىز ، — دەپ مەسلىھەت بەردى .

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ جىمى سىپاھلىرى بۇتخانىنىڭ ئاتەشگاھىغا كىرىۋالدى ، نۇشىرۋان ئۆزى تاج - تەختىنى ئۆز جايىغا تاشلاپ قويۇپ ، خالىي قالغان شەھەردىن خەزىنىلەرنى يۆتكەپ ، باياۋانى ئاباسىينىڭ بىر چېتىگە يەتتى .

ھۇشيام خەيبەرگە بارماقچى بولۇپ مەسلىھەتلىشىپ تۇرغاندا ، ۋەزىرلەر جەم بولۇپ ئېيتتىكى :

— ئى ھۇشيام ، خەيبەرگە يانمايلى ، ئاۋۋال مەككىگە بارايلى . پادىشاھ ئادىلنىڭ سىز بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتقان ئۈچ ئوغلى بار . ئۇلار باش كۆتۈرۈشتىن بۇرۇن دەرھال بېرىپ ئۇلارنى يوقىتىشىمىز كېرەك . ئۇنداق قىلمىساق ، ئۇلار بېشىمىزغا بالا ، جېنىمىزغا زامىن بولغۇسىدۇر .

ھۇشيام ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلىپ ، بىر بۆلۈك ئادەملىرىگە :

— شىلەر بارگاھى خىسراۋنى ، نۇشىرۋاننىڭ تاج - تەختىنى ، خەزىنە - دەپىنىلىرىنى ئېلىپ خەيبەرگە قايتىڭلار . بىز بۇ يەردىن

مەكىكىگە بېرىپ ، دۈشمەننى يوقىتىپ خاتىرجەم بولۇپ يانايلى ، — دەپ ئۆزى ئۇ يەردە قېپقالدى .

ھۇشىيامىنىڭ نۇشىرۋان بىلەن جەڭ قىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىدى : بىر كۈنى نۇشىرۋان ئەركان دۆلەت بىلەن تەختتە ئولتۇراتتى ، بىر قەلەندەر كېلىپ « شەيئاللاھ » دېدى . نۇشىرۋان بەختەككە قاراپ :

— ئۇ قەلەندەرگە 1000 تەڭگە بېرىڭ ، — دەپ بۇيرۇدى . بەختەك دېدىكى :

— ئى پادىشاھى ئادىل ، خەزىنىڭىزدە بىر تىيىنمۇ بولمىسا ، قەلەندەرگە 1000 تەڭگىنى نەدىن تېپىپ بېرىمەن ؟

— خەزىنىدىكى پۇللار نەگە كەتتى ؟ پۇل قالماسلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە ؟...

— ئى پادىشاھى ئادىل ، — دېدى بەختەك ، — سىز ئادىل بولغانسېرى قول ئاستىڭىزدىكى ۋىلايەتلەر ئىتائەتتىن چىقىپ ، سىزنى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى ، باج - خىراج بېرىشتىن باش تارتتى . شەھىرى خەيبەردىن خىراج كەلمىگىلى يەتتە يىل بولدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇشىرۋان قاتتىق رەنجىدى ۋە بىر پارچە نامە بىلەن خەيبەرگە ئەلچى ئەۋەتتى . بۇ نامە خەيبەر شاھى ھۇشيامغا يەتتى . خەيبەرنىڭ ئەھۋالى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى ، باج - خىراج يەغىش ئاۋامغا ئېغىر كېلەتتى ، ئەلچى بارغاندىن كېيىن ، ھۇشيام باج - خىراجلارنى زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىنتايىن تەستە تەييارلاپ ، ۋەزىردىن پادىشاھ ئادىلغا ئەۋەتتى . ۋەزىر پۇل - ماللارنى ئېلىپ ئۇزاق يوللارنى بېسىپ ، مىڭ بىر مۇشەققەتتە مەدايىنغا كېلىپ پادىشاھ ئادىلغا كۆرسەتتى ، ئاندىن تىزىملىك بويىچە ئۆتكۈزدى . باج بۇيۇملىرى بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈلۈپ خاتىرىلىنىۋاتقاندا ، بەختەك باج بۇيۇملىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ :

— ھەي ۋەزىر ، يۇمغاقسۇت ، ئۇسما ، دانەكچى دېگەندەك نەرسىلەرگە باج كەلمىدىمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

— بىزنىڭ يۇرتلاردا ئۇنداق نەرسىلەر تېرىلمايدۇ، تېرىغان بىلەنمۇ ئۈنمەيدۇ، — جاۋاب بەردى ۋەزىر. بەختەك شۇئان ۋەزىرنى 40 كالتەك ئۇرغۇزدى، ئاندىن ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، ئات - ئۇلاغلىرىنى تارتىۋېلىپ يالىڭاچلاپ ھەيدىۋەتتى.

بەختەكنىڭ بۇ تەرىقىدىكى زالىملىق ۋە ئەسكىلىكىدىن خورلۇق ھېس قىلغان ۋەزىر ھۇشىيامنىڭ ئالدىغا قايتىپ بېرىپ، بەختەكنىڭ ئىزا - ئاھانەتلىرى ۋە سالغان زۇلۇم - جاپالىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى ھەم دېدىكى:

— ئى پادىشاھ ھۇشىيام، باج بېرىدىغان پادىشاھتىن خىراج بەرمەيدىغان خوتۇن ياخشىراقتۇر. سىزدە شۇنداق زەبەردەسلىك، شىجائەت - باھادىرلىق تۇرۇپ نېمە ۋەجدىن نۇشىرۋانغا خىراج بېرىسىز؟ ھازىر يەتتە يىل بولۇپتۇ، ئۇنىڭ پالۋانلىرىدىن گۆستىھەم چىن ئېلىگە بەھرامنى جازالىغىلى كەتكەنچە قولغا چۈشۈپ قېلىپ تېخى قايتىپ كەلمەپتۇ. پېقىرنىڭ بىلىشىچە، پادىشاھ ئادىلنىڭ خىزمىتىدە سىزگە تاقابىل تۇرغۇدەك پالۋان يوق. ھازىر بارساق، مەدايىننى جەزمەن ئالالايمىز.

ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرىنى ھۇشىيام قوبۇل كۆرۈپ، مەدايىننى ئالماق بولۇپ لەشكەر تارتتى.

ئەمدى گەپنى ئەبۇلئەلى، خوجا ئەمرى، خوجا مۇقبىل ئۈچ يىگىتتىن ئاڭلايلى. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە بىر جاڭگالغا يەتتى. ئۇ يەردە مەقبۇل ھارىمى دەيدىغان بىر قاراقچى ئادەملىرى بىلەن كېلىپ سودىگەرلەرنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ، ئادەملەرنى ئۆلتۈرگىلى تۇرغاندا، ئەبۇلئەلىلەر ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىپ جەڭ قىلىپ، قاراقچىلاردىن بىرقانچىنى ئۆلتۈردى، مەقبۇل ھارىمنى تىرىك تۇتتى. ئۇ تىرىك قالغان ئادەملىرى بىلەن ئەل بولدى. خوجا ئەمرى سودىگەرلەردىن:

— كىمنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ ماڭدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. سودىگەرلەر:

— بىز مەدايىندىن بولۇرمىز، خوجا ئەبۇزەر ھاكىمنىڭ كارۋانلى-

رىدۇرمىز . مالمۇ خوجا ئابۇزەر جەمھۇرنىڭ ، — دېدى . يىگىتلەر شۇئان قاراقچىلار بۇلىغان ماللارنى كارۋانلارغا قايتۇرۇپ بېرىپ ، ئۇلارنى ئۆز يولىغا ئۇزىتىپ قويدى .

يەنە ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يەتتى . ئۇ يەردە مەقبۇل چەۋەنداز دېگەن بىر قاراقچى بىرمۇنچە سودىگەرنىڭ مېلىنى بۇلاپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بىر - بىرلىرىگە باغلاپ چېتىپ قويۇپتۇ . ئەبۇلئەلى ئېگىز بىر دۆڭگە چىقىپ نەرە تارتقان ئىدى ، ئۇشتۇمتۇت چىققان بۇ سادادىن قورقۇپ قاراقچىلار پاتىپاراق بولۇپ كەتتى . ئۈچەيلەن ئادەملىرى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . قاراقچىلار تەسلىم بولدى . خوجا ئەمرى بۇ سودىگەرلەردىن :

— نەدىن كەلدىڭلار ؟ بۇ ماللار كىمنىڭ ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، سودىگەرلەر :

— بىز مەدايىندىن بولۇرمىز . بۇ ماللار بەختەكنىڭ ، بىز ھەم شۇنىڭ كارۋانلىرىدۇرمىز ، بۇ يەردە بۇلاڭچىغا يولۇقتۇق ، — دېدى .

خوجا ئەمرى بۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىۋالدى ، ئاندىن :

— سىلەر بېرىپ بەختەككە « ماللىرىڭىزنى پادىشاھ ئادىلنىڭ ئوغۇللىرى تارتىۋالدى » دەڭلار ، — دەپ قويۇپ بەردى . سودىگەرلەر كېلىپ بەختەككە ئەھۋالنى ئېيتتى . بەختەك نۇشىرۋاننىڭ ئوغۇللىرىغا شۇ سەۋەبتىن ئۆچ ئىدى .

يىگىتلەر ئۇ يەردىن چىقىپ ، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ بىر چەت جايغا يېتىپ كەلدى . يىراقتا بىر شەھەر نامايان بولدى . بۇ شەھەرنىڭ ئېگىزلىكى ئاسمان - پەلەك ئىدى . ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن شاۋقۇن - سۈرەن ئالەمنى قاپلىغان ، يۈز مىڭلاپ گۈمبەزنىڭ پەشتاق - مۇنارلىرى شۇنداق ئېگىز ئىدىكى ، بەئەينى ئاسمانغا ھۇجۇم قىلىپ نەيزە تەڭلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . يىگىتلەر بۇ كۆركەم شەھەرنى كۆرۈپ :

— بۇ قايسى شەھەر ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، بىلىدىغانلار :

— بۇ شەھرى خەيبەردۇر ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى . ئەبۇلئەلى

سورىدىكى :

— بۇ شەھەرگە كىم پادىشاھ ؟

— ئەلقىمە ھۇشيام پادىشاھىمىزدۇر ، — دېيىشتى ئۇلار ، — لەشكەر تارتىپ مەدايىنغا كەتتى . ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئەيلات پەنجىگىر زور زامان دېگەننى قويۇپ كەتتى .

شۇ گەپ بىلەن يىگىتلەر ئەل بولغان پالۋانلارنى ئەگەشتۈرۈپ ، ئاخشىمى شەھىرى خەيبەرگە كىرىپ كارۋان سارىيىغا چۈشتى . بۇ شەھەرنىڭ رەسمىدە قانداق يەردىن سودىگەر كەلسە ، پادىشاھقا كۆرسىتىش قائىدىسى بار ئىدى . سارايۋەن ئەبۇلئەلى ، خوجا ئەمرى ، خوجا مۇقبىللارنى پادىشاھ بارگاھىغا ئېلىپ باردى . بۇلار كىرىپ كۆردىكى ، ئەيلات پەنجىگىر زور زامان سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ ئۈچ يىگىتنى كۆرۈپ :

— ھەي يىگىتلەر ، قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

— بىز مەككە شەھرىدىندۇرمىز ، — جاۋاب بەردى ئەبۇلئەلى . ئەيلات يەنە سورىدى :

— يىگىت ، نۇشىرۋانىنىڭ بىقىۋالغان بىر ئوغلى بار دەيدۇ ، كۆردىڭىزمۇ ؟ ئۇنىڭ پالۋانلىقى قانچىلىك ؟

— بىز بىر يەردە چوڭ بولدۇق ، — دېدى ئەبۇل ، — ھەم ساۋاقداش ، ھەم دېمەتلىكتۇرمىز . داۋاملىق چېلىشىپ ئويناپتتۇق ، بىر مەرتىۋە مەن يىقىتسام ، بىر مەرتىۋە ئۇ يىقىتار ئىدى ، بىز تەڭ كېلىپ قالاتتۇق .

— جاھاندا مېنىڭ ئاكام ھۇشيامدەك پالۋان يوق . ئۇنىڭدىن قالسا ، بىز ئىنىلىرىدۇرمىز . نۇشىرۋان ئۇ ئوغلىنى ئاكام ھۇشيام بىلەن روبىرو قىلغۇدەكمىش . مەن كۆڭلۈمدە ، نۇشىرۋانىنىڭ ئۇ ئوغلىنى بىر شاپىلاق بىلەن يوقاتسام دەيمەن . سەن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭتۇش دەيسەن . ئۇنداق بولسا كەل ، ئىككىمىز تۇتۇشۇپ باقايلى ، — دېدى . ئەبۇلئەلى دېدىكى :

— مېنىڭ ئادىتىم يامانراق ، ھەركىم بىلەن چېلىشسام دولا سۆ-
ڭەكنى سۇندۇرۇپ قويىمەن .

ئەيلات چېلىشىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى . ئەبۇلئەلى ئىلاجسىز مەيدانغا چۈشتى . ئەيلات پەنت ئىشلەتتى ، ئەمما ئەبۇلئەلىنى يىقىتالمىدى . ئەبۇل ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە باستى – دە ، گېلىغا خەنجەر تەڭلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئەيلات پۈتۈن ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەل بولدى . ئەبۇل ئۇنىڭ خەزىنە – دەپىنىلىرىنى يۈكلەپ خەيبەردىن يولغا چىقتى . ئۇلار كېتىۋاتقاندا ، يولدا توق ئىبنى ئەمران ئۇچراپ ، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى . ئەبۇل ئۇنىمۇ يېڭىپ ئۆزىگە ئەل قىلدى . توق ئىبنى ئەمران ھۇشيام مەداپىندىن ئېلىپ كەلگەن تاج – تەخت ، مال – دۇنيالارنى ئېلىپ خەيبەرگە ماڭغان ئىدى . ئۇنىڭ بۇ يەردە ئۇچراپ يېڭىلىپ ئەل بولغىنىدىن ئەبۇل ناھايىتى خۇرسەن بولدى .

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە چۈشتى . ئەبۇل خوجا ئەمرىنى كېيىك ئوۋلاپ كېلىشكە بۇيرۇدى . خوجا ئەمرى ئېگىز بىر دۆڭگە چىققان ئىدى ، بىر يەردە ناھايىتى كۆپ لەشكەر تۇرۇپتۇ . بىر چېدىرنىڭ ئىشىكىدە ئادەملەر باغلاپ قويۇلۇپتۇ . خوجا ئەمرى سىياقىنى ئۆزگەرتىپ ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كىردى . كۆردىكى ، بۇلار ئەسىر ئېلىنغان خەلق بولۇپ ، مەداينلىقلار ئىكەن . ئاندىن خوجا ئەمرى يەنە ھۇشيامنىڭ بارگاھىغا كىردى . ھۇشيام بويى 45 گەز ، كۆكسىنىڭ ئارىلىقى 17 گەز ، يۈز – كۆزلىرىنى داغ باسقان ، ھەيكەل سۈپەت ئادەم ئىكەن . خوجا ئەمرى ئويلىدىكى « نۇشىرۋان ئادىل ئەبۇلئەلىنى مۇشۇ زالىم بىلەن ئېلى-
شىش ئۈچۈن تەربىيىلىگەن ئىكەن – دە ، ئەبۇلئەلى ھۇشيامنىڭ چىمچىلىقىغىمۇ تەڭ كېلەلمىگۈدەك . قانداقمۇ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرا-
لىسۇن ؟»

خوجا ئەمرى يەنە بىر يەرگە بارغان ئىدى ، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئات ئوتلاپ يۈرۈپتۇ . بۇ ئاتلارمۇ نۇشىرۋان ئادىلنىڭ يايلاقلىرىدىكى ئاتلار ئىدى . خوجا ئەمرى ھالۋىچى بولۇپ ، مىراخورلارنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە

ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ھالۋا يەردى. ئۇلار ھالۋىنى يەپ ھەممىسى بىھوش بولدى. خوجا ئەمرى مىراخورلارنى يىقىتىپ بولۇپ، بىر ئاتنى تۇتۇپ مىندى-دە، باشقا ئاتلارنى ئالدىغا سېلىپ ئەبۇلئەلى تەرەپكە راۋان بولدى. ئاتلارنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزانلار پەلەكنى قاپلىدى. ئەبۇ تاھىر چۇنرىز بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ ئەبۇلئەلىگە مەلۇم قىلدى. ئەبۇل تامام لەشكەرلەر ئاتلانسۇن دەپ پەرمان بەردى. چاڭ-توزان تېخىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. قارىسا، خوجا ئەمرى نۇرغۇن ئاتنى ھەيدەپ كېلىۋاتقۇدەك. خوجا ئەمرى كېلىپ ئاتلارنى ئېتى يوق لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئاندىن ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھوشيامنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىپ:

— ھەي ئەبۇل، سەن ھوشيامنىڭ چىمچىلاق قولىغىمۇ تەڭ كېلەلمىگۇدەكسەن، ئالدىراپ ھوجۇمغا ئۆتمە. ئۇ قولىنى كۆتۈرگەندە بىلىگە قىلىچ ئۇر، — دېدى. ئەبۇل قوبۇل كۆردى ۋە جەڭ تەييارلىقىغا تۇتۇندى.

ئەلقىسسە: ھوشيامۇ ھەم جەڭ تەييارلىقىدا ئىدى. خەيبەردىن جاسۇسلار كېلىپ:

— ئى ھوشيام، نۇشىرۋان سىز بىلەن جەڭ قىلماق ئۈچۈن تەربىيلىگەن ئوغۇللار شەھىرىڭىزگە كېلىپ ئىككى ئىنىڭىزنى ئۆزىگە ئەل قىلدى، تامام شەھەرنى ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئالدى. ئۆزىدىن سەردار قويدى. خەزىنە-دەپىنىلىرىڭىزنى ئىختىيارىغا ئالدى، — دېدى.

ھوشيام قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغان ئىدى، يەنە بىر جاسۇس كىرىپ كەلدى.

— ئى پادىشاھى ھوشيام، — دېدى ئۇ، — توق ئىبنى ئەمرانىنى ئەبۇلئەلى يېڭىپ ئۆزىگە ئەل قىلدى. نۇشىرۋاندىن ئېلىپ كەلگەن نەرسلەرنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئېلىۋالدى.

ھوشيام بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۈچىنچى بىر جاسۇس كىرىپ ئېيتتىكى:

— نۇشىرۋاننىڭ سەلتەنەت تەختىدىن ئالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەبۇلئەلىنىڭ ھەييارى كىلىپ قالدۇرماي ئېلىپ قاچتى، نۇشىرۋان ئادىلنىڭ قولىمىزدىكى نەرسىلىرىدىن ھېچنېمە قالمىدى.

ھۇشىيام جاسۇسلار يەتكۈزگەن بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كامىيار خەيىرىنى « سەن بېرىپ خەۋەر ئېلىپ كەل » دەپ ئەۋەتتى. ئۇنى يولدا خوجا ئەمرى كەمەندە بىلەن تۇتۇۋېلىپ، خوجا ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇمۇ ئەل بولدى. ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپ جەڭگە كىردى. ئەبۇلئەلى بىلەن ھۇشىيام ئېلىشتى، ھۇشىيام ئۆز بەستىنىڭ يوغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئەبۇلنى كۆزگە ئىلغۇسى كەلمىدى.

— ھەي يىگىت، — دېدى ئۇ، — ھوشىيار بول، ئىككىمىز ئېلىشىمىز، بەخت - دۆلەت قايسىمىزغا نېسىپ بولىدۇ، قايسىمىزنىڭ ئېتى مەيداندا ئىگىسىز قالىدۇ، كۆرۈپ باقايلى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە نەيزىسىنى تەڭلەپ كەلدى. ئەبۇلمۇ نەيزە بىلەن رەت قىلدى. ھۇشىيام ئەبۇلنىڭ باتۇرلۇقىنى كۆرۈپ، گويا مەھبۇب ئىشق ئەھلىگە بېقىپ زۇلپىنى قولىغا ئالغاندا ئىشق ئەھلىدىن قۇۋۋەت كەتكەندەك، ئۇنىڭ شىجائىتى يىمىرىلىپ، جىسمىدىن كۈچ - مادارى قاچتى. ئۇلار كۆپ قېتىم تۇتۇشۇپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئاخىر ھۇشىيام غەزەپ قىلىپ شەمشىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ئىدى، ئەبۇل ئۇنىڭ بىلىگە شەمشەر ئۇردى، ھۇشىيام ئىككى پارە بولۇپ يىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىدىن بەزىسى ئەل بولدى، بەزىسى قاچتى، يەنە بەزىلىرى ئاتلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىپ ئەبۇلغا قارشى ئات سالدى. ئەبۇلنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئاتلاندى. جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بولدىكى، گويا شىر كالىغا ئېتىلغاندەك، قومۇشقا ئوت تۇتاشقاندەك، مەيخور مەيگە يىقىلغاندەك ئۇر - چاپ بولۇپ كەتتى، شەمشەر - قىلىچ، ئۇمۇد - قالقانلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلغان ئاۋازلىرى، پالۋانلارنىڭ نەرىلىرى، يارىلانغان، جان ئۈزۈۋاتقانلارنىڭ ناله - زارلىرى جاھاننى لەرزىگە كەلتۈردى. نۇسرەت ئاخىر ئەبۇل تەرەپكە نېسىپ بولۇپ،

ھۇشىيامىنىڭ ھەيۋىسى يوقالدى. ئەبۇل مەدايىنىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئەسىرلەرنى ئۆز ماكانلىرىغا ماڭدۇرۇپ، ھۇشىيامىنىڭ دەپنە - دۇنيالىرىنى ئېلىپ، ئانا يۇرتى مەككىگە يۈرۈپ كەتتى.

# نۇشىرۋانغا پەرزەنتلىرىدىن خۇش خەۋەر يەتكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قالدۇرغانكى، پادىشاھ نۇشىرۋان ئادىل «ھۇشيار مەدايىنغا كېلىپ، مەدايىننى ۋەيران قىلىپ، بارگاھ، خەزىنە - دەپىنىلەرنى ئېلىپ، خەلقنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، شۇئان شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بۇ شەھەر شۇنداق كۆرۈندىكى، پۈتۈن ئالەم ۋەيران بولغاندەكلا ئىدى. نۇشىرۋان قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ:

— بۇ نومۇس - خورلۇقنى كىمگە ئېيتارمەن؟ ئۆز نەۋكىرىم بۇنداق قىلسا، ئۆزگە نەۋكىرىم نە قىلغاي؟ — دەپ سۆزلەپ كەتتى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، شاھىم، — دېدى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ھاكىم جاۋابەن، — پات پۇرسەتتە بۇ جاراھەتكە مەلھەم، بۇ دەردكە داۋا تېپىلغۇسى، — شۇ گەپ ئۈستىگە كەركەس ساسانى ئىشكتىن كىرىپ كەلدى.

— ئى شەھرىيار. سىزگە خۇش خەۋەر: سىزنىڭ تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئوغۇللىرىڭىز ھۇشيامنى يولدا توسۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. ھۇشيام ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ كەتكەنلەرنى خالاس قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ كەلدى. خوجا شاھاب ئەرباب بازار بېشىدا مۇشۇ خۇسۇستا ھېكايە قىلىپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى كەركەس ساسانى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ ناھايىتى خۇش بولدى ھەم خوجا

شاھاب ئەربابنى چاقىرتىپ ئەھۋالنى سورىدى . شاھاب ئەھۋالنىڭ ئاۋۋە-لىدىن - ئاخىرىغىچە بايان قىلدى :

— ئى پادىشاھىم ، ھۇشيام بىزلەرنى ئەسىر ئېلىپ خار - زار قىلىپ ئېلىپ ماڭغان ئىدى . ئالدىمىزدىن خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققان-دەكلا بىر يىگىت پەيدا بولۇپ ، ھۇشيامنىڭ شەمشىرىنى تارتىپ ئېلىپ ، بېلىگە شۇنداق ئۇردىكى ، ھۇشيام شۇئان ئىككى پارە بولۇپ كەتتى . ئۇ-نىڭ لەشكەرلىرىنىمۇ ئۆلتۈردى ، بىزلەرنى خالاس قىلدى ، يېنىپ كەلگۈچە لازىم بولىدىغان خىراجلارنى يېتەرلىك بېرىپ ، ئۆزى يۇرتىغا كەتتى .

پادىشاھ خۇشلۇقىدىن خوجا شاھابقا ئىنئاملار تارتۇق قىلدى . خوجا شاھابنىڭ سۆزى راست ئىدى . ئاندىن شادىيانە چالدۇردى . تامام شەھەر خەلقى بۇ ئىشنى پادىشاھ ئادىلنىڭ ئوغۇللىرى قىپتۇ دەپ بىلدى . ئەمما ، بەختەكتە ھەسەت قوزغالدى .

— ئى شەھرىيار ئالەم ، ئۇنىڭ ئەگەر سىزگە دوستلۇقى بولسا، تاج - تەختىڭىزنى يېرىم يولدىلا سىزگە ئەۋەتكەن بولار ئىدى ، — دېدى بەختەك ، — ئۇنداق بولسا ئۇ نېمە ئۈچۈن سىزگە ئەۋەتىپ بەرمەي ، يۇرتىغا ئېلىپ كېتىدۇ ؟ — پادىشاھ خوجا ئابۇزەر ھاكىمغا باقتى . ئابۇزەر ھاكىم ئېيتتىكى :

— ھازىر غەلىبە شۇلارنىڭدۇر ، زامانمۇ شۇلارنىڭ . ئېھتىمال سىزدىن ئەلچى تەمە قىلغاندۇر .

پادىشاھ بەختەككە : « ئوغۇللار ئالدىغا دەرھال ئەلچى ئەۋەتىڭ » دەپ بۇيرۇدى . بەختەكنىڭ ئىككى تاغىسى بولۇپ ، بىرسى سەھمەن سىگان ، يەنە بىرسى بەھمەن خىران دەپ ئاتىلاتتى . ئەلچىلىككە شۇلارنى بۇيرۇدى . ئۇلار شۇئان يولغا چىقتى .

ئەلچىلەر ئەبۇلئەلىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، لەش-كىرىي بارگاھنىڭ يېنىدا خوجا ئەمرىگە يولۇقتى . خوجا ئەمرى ئۇلارنى تونۇدى - دە ، ئەبۇلنىڭ يېنىغا كىرىپ : « پادىشاھ ئادىلنىڭ قېشىدىن

ئەلچى كەپتۇ » دەپ مەلۇم قىلدى . ئاندىن ئەبۇلدىن : « پادىشاھلىقنى ماڭا بەرگەن بولسىڭىز ، كەلگەن ئەلچىلەرنى مەن قوبۇل قىلسام » دەپ تەلەپ قىلدى . ئەبۇلئەلى ماقۇل بولدى ۋە شۇئان بارگاھ قۇرۇپ تەختنى قويدى . خوجا ئەمرى تەختكە چىقىپ ئولتۇردى . ئەمما ، تاج ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمىدى ، چۈنكى ئۇ تاج كىيىشكە لايىق سۈپەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى . ئاخىر تاجنى ئېلىۋېتىپ بارگاھنىڭ تۆرىگە ئېسىپ قويدى . ئاندىن ئىنتىزارلىق بىلەن ئەلچىلەرنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بەردى . ئەلچىلەر كىرىپ كەلدى ، بىراق ئۇلارنىڭ قولىدا ھېچقانداق سوۋغات يوق ئىدى . ئەلچىلەر تەختتە ئولتۇرغان كۆرۈمسىز پادىشاھ خوجا ئەمرىنى كۆرۈپ ، كۆزگە ئىلغۇسى كەلمىسىمۇ ، لېكىن ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نامەنى تۇتتى . خوجا ئەمرى نامەنى مۇتالىئە قىلىپ بولۇپ ، تىزىغا باسۇرۇپ قويدى ، ھېچنېمە دېمىدى . ئارقىدىن ئاش تارتىلدى . ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تاۋاقلارنىڭ ياپقۇچى بار ئىدى . ئەلچىلەر تائامغا تەكلىپ قىلىندى . ئۇلار تاۋاقنىڭ ئېغىزىنى ئاچقان ئىدى ، بىرىنىڭ ئىچىدىن كېپەكتە چىلىنغان ئۇماچ ، يەنە بىرىنىڭ ئىچىدىن قۇرۇپ كەتكەن سۆڭەكلەر چىقتى . بۇنى كۆرگەن ئەلچىلەر تاۋاقنىڭ ياپقۇچىنى ئاستاغىنا يېپىپ قويۇشتى .

— ھەي ئەلچىلەر ، تائامغا نېمە ئۈچۈن ئېغىز تەگمەيسىلەر ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇلئەلى .

— بىزگە ھاقارەت قىلىپتۇ ، — دېيىشتى ئەلچىلەر ۋە تاۋاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ئەبۇلئەلىگە كۆرسەتتى . ئەبۇل بۇ ئىشنى كۆرۈپ كۆپ خۇشاللەت بولدى . خوجا ئەمرى :

— يا سۇلتان ، مەن ئۇلارنىڭ ئۆز تامىقىنى بەردىم . بۇ نامەنى كۆرگەيسىز ، — دەپ ئۇلار ئېلىپ كەلگەن نامەنى تۇتتى . ئەبۇل نامەنى ئېلىپ كۆردى . نامە مۇنداق يېزىلغان ئىدى :

ئېھ يىگىتلەر ، ياخشى ئىش قىلىپسىلەر ، كۆپ ئىش قىلىپسىلەر ، ئەمما قىلغان ئىشىڭلارغا مەغرۇرلانماڭلار .

ئەسئەسە ـ دەبدەبە ، تاج ـ تەخت ، ھەممە شاھانە تەئەللۇ-
قاتلارنى ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە ئەۋەتىپ بەرگەيسلەر ،
ئەۋەتىپ بەرمىسەڭلار بىز بېرىپ تولپا ئاستىغا كۆمۈ-
ۋېتىمىز » .

بۇ خەتنى ئاڭلاپ سەھمەن سىگان بىلەن بەھمەن خىران
ئۆزلىرىگە نېمە ئۈچۈن كېپەك بىلەن قۇرۇق سۆڭەك قويۇلغانلىقىنى
بىلدى . خوجا ئەمرىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ :
— ھەي ھارامزادىلەر ، لەشكىرىڭلار تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن
ھۇشيامدىن قاچتىڭلار ؟ ئۆزۈڭلار شەھەرنى ۋەيران ، خەلقنى ئەسىر قى-
لىشقا قاراپ تۇرۇپسىلەرىۇ ، دۈشمەننى يوقىتىپ بەرگۈچىلەرگە سوۋغا ـ
سالام يوللىماقتا يوق ، تېخى ھاقارەتلەپ ، تەھدىت قىلامسىلەر ؟ — دەپ
ئىككى ئەلچىنى بىرمۇنچە ئۇرغۇزۇپ ، ئات ، ياراغ ـ جابدۇقلىرىنى
تارتىۋېلىپ قوغلىۋەتتى . ئۇلار شۇ ماڭغانچە ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ
پادىشاھ ئادىلنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى .
— ئى پادىشاھ ئادىل ، — دېدى ئۇلار بۆكلىرىنى يەرگە
ئۇرۇپ ، — بىز كۆرۈپ كەلدۇق ، ئۇلار سىزگە ھەرگىز دوست ئەمەس-
كەن ، — ئۇلار بولغان ئىشلارنى پادىشاھقا سۆزلەپ بەردى .
پادىشاھ ئادىل ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ ، مەسلىھەت
سورىغاندەك قىلىپ خوجا ئابۇزەر ھاكىمغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى .
ئابۇزەر ھاكىم دېدىكى :
— بەختەكنىڭ ئەۋەتكەن « نامە » سىنى كۆرۈپ بېقىش كېرەك .
پادىشاھ نامەنى كۆردى . نامەنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن
كېيىن ، بەختەكنى جازالاپ خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى خوجا ئەبۇزەر ھاكىمغا
ئېلىپ بەردى . ئاندىن خوجىغا :
— ئى خوجا ، بەختەك دېگەن ئىت پەرزەنتلىرىمنىڭ ماڭا بولغان
دوستلۇقىنى دۈشمەنلىككە ئايلاندۇردى . ئەمدى قانداق قىلغۇڭىز كەلسە ،

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشنى ئوڭشىغايسىز .

— ئى پادىشاھ ئادىل ، بىلىشىمىز كېرەككى ، ھازىر بۇ يىگىتلەرنىڭ زامانىسىدۇر . مەن شۇنداق بىر ئىش قىلايكى ، تاج ـ تەختىڭىزنى ئەبۇلئەلى بىنسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئالدىڭىزغا چىقىدۇ ، — دەپ خەزىنىگە كىرىپ ، ئىسكەندەردىن قالغان كۈجەنى ، جەمشىتنىڭ گازبانىتى ، كىياھ مەرس ئادەمنىڭ شەمشىرىنى ، تەھمۇرەسنىڭ نەيزىسىنى ، ھۇشەڭنىڭ مۆھرىنى ، نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ساداقلىرىنى ۋە يەنە 40 پاتمان ئالتۇن ، ئۈچ ئوغۇلنىڭ ھەممىسىگە شاھانە سەرپاي ئېلىپ چىقتى . خوجا ئەمرىگە شاھانە تاج ۋە نۇرغۇن سوۋغىلارنى تەييارلىدى . مۇقبىلغا سەرپاي ، ساداق ئالدى . ئەبۇلنىڭ ھەممە ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن سوۋغىلار تەييارلىدى . يۇرت ئاقساقاللىرىغىمۇ سوۋغا ـ سالام تەييارلاپ شەھىرى بەربەرگە راۋان بولدى . ئۇلار خوجا ئەمرىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ ، بىرىپ سالام بەردى . خوجا ئەمرى : « نىمە ئۈچۈن كەلدىڭلار ؟» دەپ سورىغان ئىدى ، ئۇلار : « سىلەرنى كۆرگىلى كەلدۇق » دەپ جاۋاب بەردى . خوجا ئەمرى:

— ئى خوجا ، سىلەر ئەۋەتكەن ئىككى ئەلچىنى ئۆلتۈرمەكەنگە پۇشايمىنىمىز بار ، سىلەرمۇ يىنىڭلار ، بولمىسا ئەبۇلنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىلەر ، — دىدى .

— ئى خوجا ئەمرى ، ئاۋۋال بىز ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى قوبۇل قىلىڭ ، ئاندىن بىز يانايلى ، — دەپ خوجا ئابۇزەر ھاكىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملارنى خوجا ئەمرىنىڭ ئالدىغا قويدى . خوجا ئەمرى :

— ئۇنداق بولسا سىلەر تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار ، مەن سۇلتان ئەبۇلنىڭ يىنىغا كىرىپ چىقاي ، — دەپ چىقىپ كەتتى . ئەبۇلئەلى چىقىپ خوجا ئابۇزەر ھاكىم بىلەن كۆرۈشكەندىن كىيىن ، بارگاھىغا كىرىپ ، سوۋغىلارنى شاھانە سۇپەتتە تاپشۇرۇپ ئالدى . ھەممەيلەنگە ئۆزىگە تىگىشلىكى ئايرىپ بىرىلدى . ئۇلار بۇ كاتتا سوۋغىلاردىن كۆپ

مىننەتدار بولۇپ، بىر - بىرلىرىگە «پات - پات كېلىپ تۇرارسىلەر» دېيىشتى. مەسلىھەت بويىچە يىگىتلەر ئۈچ كۈندىن كېيىن مەدايىنغا قاراپ يولغا چىقتى.

# ئەبۇلئەلىنىڭ پەيزىئاۋات جاڭگىلىدا قاپلان ئۆلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە : نۇشىرۋان ئادىل تەرەپتىن خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ئەل- چىلىككە بارغاندىن كېيىن ، مەسلىھەت بويىچە ئەبۇلئەلى ئۈچ كۈندىن كېيىن نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا كەلمەكچى بولۇپ ، مەدايىنغا قاراپ يولغا چىقتى . ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ، ئىككى ئاچىماق يولغا كېلىپ قالدى . كىشىلەردىن قايسى يولدا مېڭىشنى سورىغان ئىدى ، ئۇلار : « ھەر ئىككى يول بىلەن مەدايىنغا بارغىلى بولىدۇ ، ئەمما قەدىمدىن مېڭىپ كېلىۋاتقان يول ئوڭ قولدىكىسى . 12 يىل بولدى ، ئوڭ قولدىكى يولنى تاشلاپ سول قولدىكى يول بىلەن ماڭىدۇ » دەپ جاۋاب بېرىشتى . ئەبۇلئەلى سورىدىكى :

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

— بۇ تەرەپتە بىر جاڭگال بولۇپ ، « جاڭگىلى پەيزىئاۋات » دەپ ئاتىلىدۇ . 12 يىل بولدى ، ئۇ يەردە بىر قاپلان پەيدا بولۇپ قالدى . پادى- شاھنىڭ ئادەملىرىدىن يەتتە كىشىنى يەپ كەتتى . شۇنىڭدىن بۇيان قورقۇنچتىن بۇ يولدا ھېچكىم ماڭمايدۇ . جاڭگالنىڭ نېرىقى تەرىپى پەيزى- ئاۋات قەلئەسىدۇر . ھەر كۈنى نامازدىگەر ۋاقتىدىن باشلاپ شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىدۇ . شەھەر سىرتىدا قالغان جان قاپلانغا يېمەكلىك بو- لىدۇ . قاپلاندىن قورقۇپ سېپىل ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇچە گۆلخان يېقىپ ، ناغرا چېلىنىدۇ . ئۇ مەخلۇق ھەرقانداق ۋاقىتتا چىرقىرىسا ، ھامىلىدار

مەزلۇملارنىڭ بويىدىن ئاجرايدۇ. قورقۇنچاق كىشلەرنىڭ يۈركى يېرىلىپ كېتىدۇ.

ئەبۇل ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ قولدىكى يول بىلەن ماڭايلى» دەپ شۇ ياققا راۋان بولدى. ئۇنىڭ مەقسىتى قاپلان بىلەن ئېلىشىش ئىدى. ئەتراپىدىكىلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمىدى. ئۇلار شۇ ماڭغانچە بىر يەرگە بارغاندا، ئالدىغا بىر مۇنار ئۇچرىدى. مۇنار ئۈستىدە بىر كىشى ناغرا چېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم ئەبۇلنى يېنىغا چاقىردى. ئەبۇل مۇنار ئۈستىگە چىققان ئىدى، بىر ھىممەتلىك كىشى ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەم ئەبۇلدىن ھال سورىدى. ئەبۇل قاپلان بىلەن ئېلىشقىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ كىشى كۆپ نەسىھەتلەر بىلەن توسقان بولسىمۇ، لېكىن ئەبۇل نىيىتىدىن يانمىدى. خوجا ئەمرى ھەم يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى، ئەبۇل رەت قىلدى.

— مەن قاپلاننى كۆرگەندە بىر نەرە تارتىمەن، — دېدى ئۇ، — روبىرو بولغاندا يەنە بىر نەرە تارتىمەن، ئۇنى ئۆلتۈرسەم يەنە بىر قېتىم نەرە تارتىمەن. ئەگەر ئۈچىنچى نەرەمنى ئاڭلىيالمىساڭلار مېنى ئۆلۈپتۇ دەپ بىلىڭلار، ئۈچىنچى نەرەمنى ئاڭلىيالىساڭلار قاپلاننى ئۆلۈپتۇ دەڭلار، — ئەبۇل شۇ گەپلەردىن كېيىن ئېتىغا مىندى ــ دە، جاڭگالغا كىرىپ كەتتى. ئۇ جاڭگالدىن ئۆتۈپ بىر بوستانلىققا يەتتى. بۇ يەر شۇنداق گۈزەل ــ ھاۋالىق ئىدىكى، خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىپ مەي باغلاپ كەتكەن ئىدى. ئوتتۇرىدا بىر تۈپ چىنار بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋىدىكى بۇلاقتىن چىققان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ھەر تەرەپكە قاراپ ئېقىپ تۇراتتى.

نەزم

خۇش ھاۋا چىمەنلىك، يېشىل مايسىزار،
بۇلاقتىن ئېتىلىپ زۇمرەتلەر ئاقار.

بىنەپشە ئەسلىتەر يارنىڭ زۇلپىنى ،
نەسرىن گۈل ھىجراندىن شەربەتلەر چاچار .
گويا بۇ مەنزىرە بەئەينى جەننەت ،
كۆرگەندە كىشىنىڭ ھاردۇقى چىقار .

ئەبۇل بۇلاق سۈيىدە يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپ ، بىر نەرە تارتقان ئىدى ، بىردەمدىن كېيىن بىر مەخلۇق پەيدا بولدى .ئۇ شۇنداق زور ئىدىكى ، بويى 47 گەز ، بېشى گۈمبەزدەك ، ئېغىزى غاردەك ، ھەربىر چىشى سەندەلدەك يوغان ئىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەشئەلدەك ئوت چاقناپ تۇرار ئىدى . بۇ مەخلۇق ئەبۇلنى كۆردى . ئەبۇل ھەم قاپلاننى كۆرۈپ بىر نەرە تارتتى . بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ پەيزىئاۋات خەلقى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرۇشتى : بىر يىگىت قاپلانغا روبىرو بولۇپ تۇرۇپتۇ . قاپلان دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ ئەبۇلغا يېپىشتى . ئەبۇل ئۇنىڭ ئاستىدا قالدى ، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن قاپلاننىڭ بىلىدىن تۇتۇپ شۇنداق زورۇقتىكى ، بىر نەرە بىلەن قاپلاننى ئاسمانغا ئاتتى . قاپلان يەرگە چۈشۈپ ئۆلدى . ئەبۇل بىھوش بولۇپ يىقىلدى . خوجا ئەمرى نەرىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلدى ، ئەبۇل بىھوش يېتىپتۇ . خوجا ئەمرى خېلى ۋاقىت كۈتۈپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئەبۇل ھوشىغا كەلدى ۋە خوجا ئەمرىگە : « قاپلاننى تۇلۇمچە سويسۇن » دەپ بۇيرۇدى . قاپلان سويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئىچىگە پاخال - چاۋارلارنى تىقىپ توشقۇزدى . كۆزىنىڭ ئورنىغا ئەينەك بېكىتىپ بەئەينى كۆزگە ئوخشاتتى . ئىككى ئاتەشپەرەس قۇلنى ئىچىگە كىرگۈزدى . بوينىغا زەنجىر سالدى ، قوڭغۇراق ئاستى ، قۇيرۇقىغا خادا بېكىتتى . ئاندىن قاپلاننى يېتىلەپ ھەيۋەت بىلەن پەيزىئاۋات تەرەپكە قاراپ يول ئالدى ، قاپلان تىرىكتەكلا كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ تۇرقىدىن كۆرگەنلەرنىڭ يۈرىكى «قارت » قىلىپ كېتەتتى . ئۇلار شۇ ماڭغانچە پەيزىئاۋاتقا كېلىپ توختىدى . بۇ قەلئەدىن مەدايىنغا يەنە ئۈچ مەنزىللىك ئارىلىق قالغان ئىدى .

هۇشىيامنىڭ بېشنى نەيزىگە سانجىپ مۇقبىلدىن پادىشاھقا ئەۋەتتى . مۇق-
بىل تاماشا كۆۋرۈكىگە كەلگەندە ، پادىشاھقا « مۇقبىل كەپتۇ » دەپ مەلۇم
بولدى . تامام خەلق مۇقبىلنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئالقىشلار بىلەن
شەھەرگە ئېلىپ كىردى . ئوردىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئاۋۋال هۇشىيامنىڭ
كېسىلگەن بېشى كىرگۈزۈلدى . ئارقىدىن ئىجازەت ئارقىلىق مۇقبىل ئۆزى
كىرىپ پادىشاھقا سالام بەردى . پادىشاھ مۇقبىل بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئۇنى
ياخشى يەردە ئولتۇرغۇزدى ، ئاندىن ئەبۇلنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى . مۇقبىل
كەچ بولغىچە پادىشاھنىڭ هۇزۇرىدا تۇرۇپ ، كېچىسى خوجا ئابۇزەر
جەمهۇرنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئەتىسى خوجا ئابۇزەر هاكىم ئۇنى پادىشاھ-
نىڭ هۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى . ئاش تارتىلدى ، ئاش يېگىلى تۇرغاندا «
زەنجىرى دادخاھ » تەۋرەندى .

# لەگلەكنىڭ ئەرزى

ئەلقىسسە : مۇقبىل نۇشىرۋان ئادىل كەلتۈرگەن تائاملارغا ئەمدى ئېغىز تېگىپ تۇرۇشىغا ، زەنجىرى دادخاھ تەۋرەندى . ياساۋۇللار يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا ، ئادالەت زەنجىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر لەگلەكتىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق . لەگلەكنىڭ بوينىغا بىر يىلان يۆگىشىۋاپتۇ . لەگلەك پادىشاھ ئادىلغا بېقىپ زۇۋان سۈردى . خوجا ئابۇزەر ھاكىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى .

— ئى پادىشاھ ئادىل ، — دېدى ئۇ ، — سىزنىڭ ئادىللىقىڭىز جانىۋارلار ئارىسىدىمۇ مەلۇم بولۇپتۇ . بۇ لەگلەك ئۆز تىلى بىلەن سىزگە ئەرز - دادىنى ئېيتىۋاتىدۇ : « ئى پادىشاھ ئادىل ، يىلان دۈشمەن ماڭا قەست قىلماقتا . سەن بولساڭ ئالەمدە ئەڭ ئادىل شاھدۇرسەن ، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بوينۇمدىكى يىلاننى بىر تال ئوق بىلەن ئېتىپ چۈشۈرگۈدەك بىرەر پالۋان بارمۇ ؟ ئۇ مېنى خالاس قىلغاي » دەيدۇ ، — دېدى .

خوجىنىڭ بۇ سۆزى پادىشاھقا ياقتى . ئۇ بۇيرۇدىكى :

— تەختنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىڭلار .

پادىشاھنىڭ سەلتەنەت كۇرسىسى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىلدى . داڭلىق پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ھازىر بولۇپ قول باغلاپ تۇرۇشتى . خوجا ئابۇزەر ھاكىم نۇشىرۋاننىڭ ئوڭ قول تەرىپىدە ، بەختەك سول قول تەرىپىدە ئولتۇردى .

— بۇ لەگلەكنى يىلاندىن خالاس قىلىدىغان كىشى بارمۇ ؟ —

پادىشاھ بۇ سوئالنى ئۈچ نۆۋەت قويغان ئىدى ، ھېچ كىشىدىن جاۋاب چىقمىدى . ئاخىر مۇقبىل :

— ئى شەھرىيار ئالەم ، ئەگەر سىزنىڭ لۇتپى ئىنايىتىڭىز بولسا ، بۇ خىزمەتنى مەن بەجا كەلتۈرسەم ، — دەپ قولىغا ئوقيا ئالدى ۋە ئوقنى يانىڭ چىللىسىگە قويدى ـ دە ، ئاتتى . ئوق يىلاننىڭ بوينىغا تېگىپ بېشى ئۈزۈلۈپ كەتتى . لەگلەك بوينىغا يۆگىشۋالغان يىلاندىن قۇتۇلۇپ ، پادىشاھ ئادىلىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئۈچ مەرتىۋە پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ كەتتى . پادىشاھ مۇقبىلغا سەرپاي ۋە كۆپ ئالتۇن ئىنئام قىلدى .

مۇقبىل ئۇ يەردىن يېنىپ كېتىۋاتقان ئىدى ، ئالدىغا خوجا ئەمرى ئۇچرىدى . مۇقبىل ئۇنىڭغا سالام بېرىشنى ئۇنتۇدى . بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خوجا ئەمرى پالاقمەن بىلەن ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇپ ، پادىشاھ بەرگەن ئىنئاملارنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋالدى . ئاندىن ئەبۇلئەلىگە دېمەسلىككە قەسەم قىلدۇردى . مۇقبىل قولىنى تېڭىپ ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئەبۇلنىڭ يېنىغا كەلدى . ئەبۇل مۇقبىلنىڭ ھالىنى كۆرۈپ :

— پادىشاھ دۈشمەنلىك قىلدىمۇ نېمە ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، مۇقبىل :

— پادىشاھ ياخشى مۇئامىلە قىلغان ئىدى ، ئەمما خوجا ئەمرى يولدا قولۇمنى سۇندۇرۇپ ، پادىشاھ بەرگەن ئىنئاملارنى تارتىۋالدى ، — دەپ دەرد تۆكتى . يەنە ھېلىقى يىلاننى ئۆلتۈرگەن ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى . ئەبۇل خوجا ئەمرىنى چاقىرتىپ :

— ھەي ئەمرى ، مۇقبىل پادىشاھ قېشىغا بېرىپ ئالغان ئىنئاملارنى تارتىۋاپسەن ، — دېۋىدى ، خوجا ئەمرى سوئال قويۇپ :

— ھەي ئەبۇل ، مېنىڭ سەن بىلەن قانداق مۇناسىۋىتىم بار ؟ مۇقبىلنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار ؟ — دېدى . ئەسلىدە بۇ ئۈچ يىگىتتىن ئەبۇل شەھەر رەئىسىنىڭ ئوغلى ، مۇقبىل بولسا رەئىس قۇلىنىڭ ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ، نەسەب جەھەتتىن ئەبۇل مۇقبىلنىمۇ ئۆزىنىڭ قۇلى

ھېسابلايتتى . مۇقبىل ناھايىتى ۋاپادار يىگىت ئىدى . خوجا ئەمرىمۇ ئەبۇل-نىڭ ئاتىسىنىڭ ئىلكىدىكى قۇلنىڭ ئوغلى بولسىمۇ ، لېكىن ھەييارلىقتا تەڭداشسىز ئىدى ، جەڭدە ئەبۇلدىن قېلىشمايتتى ، بەلكى كۆپ جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇراتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنى «قۇلۇم » دېيەلمەي ، « ئىنىم » دەيتتى . شۇڭا ، خوجا ئەمرىنىڭ سوئالىغا :

— مۇقبىل مېنىڭ قۇلۇم ، سەن بولساڭ مېنىڭ ئىنىم ، — دەپ جاۋاب بەردى . خوجا ئەمرى :

— ئۇنداق بولسا ، قۇلىڭىز مۇقبىل تەكەببۇرلۇق قىلىپ ، يولدا ماڭا سالام بەرمىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇردۇم ، — دېدى .

— مۇقبىل ساڭا تەكەببۇرلۇق قىلغان بولسا ، ئۇنى ساڭا تاپشۇر-دۇم . نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىل ، — ئەبۇل مۇقبىلنى ئەمرىگە بەردى . ئەمرى مۇقبىلنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغاندا ، خەلق ئارىلىشىپ ياراشتۇرۇپ قويدى . ئاندىن خوجا ئەمرى ئەبۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ھەي ئەبۇل ، سەن « مېنىڭ قۇلۇم پادىشاھتىن ئالغان ئىنئامنى تارتىۋاپسەن » دېدىڭ . ئۇنداق بولسا مەنمۇ بېرىپ خىزمەت كۆرسىتىپ ئىنئام ئالاي ، — دەپ 400 پالۋان قولنى ئەگەشتۈرۈپ جاڭگىلى پەيزىئاۋات تەرەپكە يول ئالدى . ئۇلار تاماشا كۆۋرۈكىگە كەلگەندە پادى-شاھقا « خوجا ئەمرى قاپلاننى ئېلىپ كەلدى » دەپ خەۋەر يەتتى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ : « تامام خەلق خوجا ئەمرىنىڭ ئالدىغا چىق-سۇن » دەپ پەرمان قىلدى . قاپلاننى كۆرگەن كىشىلەر ئارىسىدىكى ھامىلىدار ئاياللاردىن بىرقانچىسىنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتتى . 70 كىشى يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلدى . قاپلان ئېلىپ كەلگەنلەر ئوردا دەرۋازىسىغا يەتكەندە ، قاپلان پادىشاھ ئادىلغا تىرىكتەكلا كۆرۈندى . خوجا :

— ئى پادىشاھ ، بۇ قاپلان ساختىدۇر . خوجا ئەمرى ئۇنىڭغا ھىيلە قىلىپتۇ ، — دېدى . پادىشاھ خوجا ئەمرى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئوبدان مۇئامىلىلەر بىلەن خۇش قىلدى . خوجا ئەمرى :

— ئى پادىشاھىم ، تەختىلەرنى بۇ كۆلنىڭ بويىغا قويسۇن .

سىزنىڭ 400 نەپەر ھەييارىڭىز بىلەن ئۆزۈم يالغۇز نەيزىۋازلىق قىلىپ ئو-يۇن كۆرسىتەي، سىلەر تاماشا قىلغايسىلەر، — دېدى. پادىشاھ خوپ كۆردى. خوجا ئەمرى 400 نەپەر ھەييار بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز نەي-زىۋازلىق قىلدى. ئاخىر ھەممە ھەييارلار ھېرىپ يىقىلىپ، خوجا ئەمرى يالغۇز قالدى. پادىشاھ ۋە ئەمىرلەر بۇنى كۆرۈپ تەھسىنلەر ئوقۇدى. خوجا ئەمرى يەنە:

— ئى پادىشاھ ئادىل، بىراۋ بىر تال تۆمۈر مىخنى دەۋازىغا قويۇپ تۇتۇپ تۇرسۇن. مەن ئۇنى يىراقتىن ئوقيا بىلەن چەنلەپ دەرۋازىغا قې-قىۋېتەي. يەنە بىر تال مىخنى دەۋازىغا ئېسىپ قويسۇن، مەن ئۇ مىخنى 400 قەدەم نېرىدىن ئوقيادا سوقۇپ چۈشۈرۈپ، يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە يەنە كېلىپ تۇتۇۋالاي، — دېدى. پادىشاھ:

— بۇ ئىشنى ئورۇنداش مۈشكۈلدۇر، — دېدى. بەختەك ۋە ئەمىرالار بولسا، خوجا ئەمرى بۇ ئىشتا شەرمەندە بولىدىغان بولدى، دەپ ئويلاشتى. خوجا ئەمرى بىر تال مىخنى دەرۋازىغا ئۇدۇللاپ ئاستى. ئاندىن ئوقيادا ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ، ئۇنى ياغاچقا كىرگۈزۈۋەتتى. يەنە بىر تال مىخنى 400 قەدەم يىراقتىن چەنلەپ ئېتىپ ئىككى پارە قىلىپ، يەرگە چۈشۈپ بولغۇچە تۇتۇۋالدى. پادىشاھ خوجا ئەمرىگە مۇقبىلغا قا-رىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق ئىنئام بېرىپ:

— ئەبۇلئەلىنىڭ جامالىغا تەشنادۇرمەن. قانداق قىلساڭ قىلىپ، پەرزەنتىمنى پات يەتكۈزگىن، — دېدى. خوجا ئەمرى ئەبۇلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلدى. ئەبۇل خۇشال بولۇپ مەدايىنغا راۋان بولدى.

# نۇشىرۋاننىڭ ئەبۇلئەلى بىلەن ئۇچراشقانلىقى

ئەلـقـىـسسە : ئەبۇلئەلى نۇشىرۋان ئادىل بىلەن كۆرۈشمەك بولۇپ مـەدايىنغا قاراپ يولغا چىقتى . نۇشىرۋان بولسا ، پەرزەنتلىرىم تەگداشسىز پـالـۋانلاردىن بولدى ، دەپ ئەبۇلئەلىدىن پەخىرلىنەتتى . خوجا ئابۇزەر ھاكىم دېدىكى :

— ئى شەھرىيار ، ئەبۇلئەلى بۇزرۇكزادىلەردىندۇر ۋە يەنە سىزنىڭ ئـىـكـكـى تـۇرلۇك ئېغىر غەم - قايغۇگىزنى بېشىگىزدىن كۆتۈردى . ئەبۇل ھازىـر يـېـقـىـنلاپ كـەلمەكتە . ئەڭ ياخشىسى ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتـۈۋالايـلى . بۇنداق قىلىشىڭىز سىزگە ھېچ زىيىنى يوق ، ئەمما ئەبۇلئەلىگە زور شەرەپتۇر .

— دېـگـىـنـىـگىز بەرھەق ، لېكىن ساسانى مۇشرىكلىرى ماڭا تەنە قىلارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن .

— ئى پـادىـشـاھ ئادىـل ، — دېدى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ، — بىز ئۇقـمـىـغـان بولۇپ شىكارغا چىقايلى ، ئەمىرلەر شىكار قىلسۇن . ئەبۇلئەلى كـېـلىپ بىزنى كۆرسە ، مېنى قارشى ئالغىلى كەپتۇ دەپ ئويلايدۇ . بۇنىڭ بـىـلـەن مـۇشـرىـكلاردىـن سۆز چىقمايدۇ . ئەبۇلئەلى شەرەپ ھېس قىلىپ خۇشال بولىدۇ .

ئەلـقـىـسسە : شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار شىكارغا چىقتى . كېلىپ ئېگىز بـىـر دۆگـدە تـۇرغـان ئىدى ، يىراقتىن ئەبۇلئەلى كۆرۈندى ۋە پادىشاھنى

كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە بولدى . ئۇ پادىشاھ ئادىلنىڭ تاج ـ
تەختىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ كېلەتتى . نۇشىرۋانغا يېقىن كەلگەندە ،
بېشىدىن تاج ـ تەختىنى ئالدى . پادىشاھ ھەم پىيادە بېرىپ ئەبۇل بىلەن
كۆرۈشتى . ئەمىرالارمۇ بېرىپ كۆرۈشتى . شۇنداق قىلىپ ، ھەممە بىر-
لىكتە يولغا راۋان بولدى . ئەمما ، بەختەك بىرقانچە كەمەندازنى
كۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا بۆكتۈرمە قىلىپ ، ئۇلارغا : « ئىككى ئاتلىق كىشى
كۈۋرۈكتىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەندە ، كەمەندىنى تارتىپ ئاتنى
يىقىتىڭلار ، زىنھار بىپەرۋالىق قىلماڭلار » دەپ تاپىلاپ قويدى . قەباد
ئەردېشىرگە :
— سەن بېرىپ ئەبۇلئەلىگە ، ئىككىمىز ئات چاپتۇرايلى ، — دەپ
تۇرۇۋالغىن . ئۇنىڭ ئېتى ھېرىپ زەئىپلىشىدۇ ، سېنىڭ ئېتىڭ جەزمەن
ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . شۇنداق قىلساق ، ئەبۇل شەرمەندە بولىدۇ ، —
دېدى . قەباد ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ « ئىككىمىز ئات چاپتۇرايلى »
دېدى . پادىشاھ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلىپ : « بۇ ئات چاپتۇرۇش
ئورنىمكەن » دەپ قەبادنى تىللىدى ، ئەمما ئەبۇل :
— ئى شەھرىيار ، ئۇنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن ، مەنئى قىلمىغاي-
سىز ، — دەپ بىر يەرنى قارار قىلدى ۋە شۇ يەردىن ئاتنى چاپتۇرۇپ
كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كۈۋرۈككە يېتىپ كەلدى . قەبادنىڭ
ئېتى كۈۋرۈكتىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتتى ، كەمەندازلار ئەبۇلنىڭ ئې-
تىغا كەمەندە تاشلاپ ئەبۇلنى باغلىۋالدى . كەمەندىنىڭ بىر ئۇچىنى
كەمەندازلار بەللىرىگە باغلىۋالغان ئىدى . ئەبۇل كەمەندىنى تارتىپ ـ
سۆرەپ مېڭىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى . كەمەندازلارنىڭ بەزىسى
ئۆلۈك ، بەزىسى نىمجان سۆرىلىپ كەلگەن ئىدى . يەنە بەزىسىنىڭ باش ـ
كۆزى قانغا مىلەنگەن ، بەزىسىنىڭ پۇت ـ قولى سۇنغان ئىدى . پادى-
شاھ ئۇلاردىن : «سىلەرنى بۇنداق قىلىشقا كىم بۇيرۇدى ؟ » دەپ
سورىغان ئىدى ، ئۇلار بەختەكنى كۆرسەتتى . پادىشاھ ئادىل شۇ يەردىلا
بەختەكنى تازا دۇمبالاتقۇزدى . بەختەك ئۆزگىنى شەرمەندە قىلىمەن دەپ ،

ئۆزى شەرمەندە بولدى .

ئەلقىسسە : ئەتىسى تامام شەھەر خەلقى ئەبۇلنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە شادلىقتا چۆمدى . ئەبۇل شادلىق دەرۋازىسى بىلەن شەھەرگە كىردى . ئەمىرلەر ئەبۇلنىڭ بېشىدىن تاۋاق ـ تاۋاق قىزىل ئالتۇنلارنى چاچتى . ئەبۇل ئوردا دەرۋازىسىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى ، ئاندىن ئوردىغا كىرگەن ئىدى ، پادىشاھ ئۇنىڭدىن :

ــــ ئى پەرزەنتىم ، سىز بۇزرۇكزادىلەر نەسلىدىن بولىسىز ، ئولتۇرىدىغان يېرىڭىزنى ئوبدان بىلىسىز . قېنى تاللاپ كۆڭلىڭىز قەيەرنى خالىسا ، شۇ يەردە ئولتۇرۇڭ . كۆڭلىڭىز قەيەرنى خالايدۇ ؟ ــــ دېدى .

بىر يەردە بىر سەندەل بار ئىدى . بۇ سەندەل رۇستەمدىن قالغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا رۇستەمنىڭ نەۋرىسى بولغان گۇستىھەم ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن ئىدى . گۇستىھەم چىن مەملىكىتىگە بەھرامنى جازالىغىلى كەتكەنچە يەتتە يىلدىن بېرى قايتىپ كەلمىگەچكە ، بۇ سەندەل بوش قالغان ئىدى . خوجا ئەمىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەبۇل ئاشۇ سەندەلدە ئولتۇردى . بۇنى ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى خوپ كۆردى . ئەمما ، بەختەكنىڭ كۆڭلىدە ھەسەت ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى . ئۇ قەبادنى چاقىرتىپ خىلۋەت بىر جايدا :

ــــ ھەي بىغەيرەتلەر ، ئەمدى سىلەرنىڭ قىممىتىڭلار قالمىدى . ئۇ يىگىت كېلىپ بوۋاڭلارنىڭ ئورنىدا ئولتۇردى . سىلەر پادىشاھ ئادىلغا : «ئى پادىشاھ ئادىل ، بۇگۈن سىز بىزگە ئادىللىقىڭىزنى كۆرسىتىڭ » دەڭلار . پادىشاھ سىلەردىن : « نېمە بولدى ؟» دەپ سورايدۇ . سىلەر ئېيتىڭلاركى ، « ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان بۇ سەندەلدە ھەركىشى ئولتۇرماق بولسا ، ئاۋۋال يانى تارتىپ پەنجە پولاتنى سىرپەنجىسى بىلەن ياغاچتىن ئۈزۈپ ئېلىپ ، ئاندىن ئولتۇراتتى . بۈگۈن بۇ ئوغۇلنى ئولتۇرغۇزدىڭىز ، ئۇ ھەم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ بولۇپ ئولتۇرسۇن » دەڭلار ، ــــ دەپ يول كۆرسەتتى .

قەباد بېرىپ پادىشاھقا بەختەك نېمە دېگەن بولسا ، ئەينەن دېدى .

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ دەرغەزەپ بولغان ئىدى ، ئەبۇل :

— ئى شەھرىيار ، ئۇنىڭ دېگىنى ئويۇن ئورنىدىكى ئىشلار ئى-كەن ، قوبۇل قىلدىم . دېگەنلىرىنى كەلتۈرسۇن ، — دېدى . ئۇلار قەبادنىڭ دېگەنلىرىنى كەلتۈردى . ئەبۇل يانى قولىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭ قۇ-لۇپى بارلىقىنى بىلدى . كۆڭلىدە « يانى ئاۋۋال تارتاي ، ئاندىن قۇلۇپىنى كۆرسىتەي » دەپ ، يانى تارتقان ئىدى ، ئىككى بېشى بىر يەرگە كەلدى ؛ قويۇپ بەرگەن ئىدى ، يانمىدى . يانىڭ قۇلۇپى مانا مەن دەپ خالايىققا مەلۇم بولدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار يەنە بىر نۆۋەت شەرمەندە بولدى . ئاندىن پەنجە پولاتنى پالۋانلىق شىرپەنجىسى بىلەن ياغاچتىن ئۈزگەن ئىدى ، دوستلار كۈلۈشۈپ ، دۈشمەنلەر غەمگە پاتتى . پادىشاھ ئەبۇلغا ھەر كۈنى ئىنئاملار بېرىپ تۇردى ، ئەبۇلنىڭ جامالىدىن باشقا يەرگە قارىمايتتى .

ئەلقىسسە : ئەبۇلنىڭ كەلگىنىگە بىرقانچە كۈن بولغاندا ، ئوردىنىڭ ئىشىكىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى .

— ئى شەھرىيار ئالەم ، — دېدى ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — سىزگە خۇش خەۋەر : گۇستىھەم بەھرامگۆرنى ئېلىپ كەلدى .

ئەمدى گەپنى گۇستىھەمدىن ئاڭلايمىز . گۇستىھەمنى بەھرامگۆر تۇتۇۋېلىپ يەتتە يىل يىلقا باقتۇردى . بىر كۈنى ، بەھرام شىكارغا چىقىپ ، نەۋكەرلىرىدىن ئايرىلىپ گۇستىھەمنىڭ يېنىغا كەلدى . گۇستى-ھەم ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ بەھرامغا قىمىز بىلەن دورا بېھوش بەردى ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ تاۋۇتقا سالدى - دە ، لەشكەرلە-رىنى يىغىپ ، تاۋۇت بىلەن بىللە مەداينىغا كەلگەن ئىدى . ئۇنىڭ ئالدىغا ھەممىدىن ئاۋۋال بەختەك ، ئارقىدىن ھەممە ئەمىرالار چىقتى . پادىشاھ ئە-بۇلغا :

— گۇستىھەم خىزمىتىم ئۈچۈن كەتكەن ئىدى ، ئەمدى قايتىپ كەپتۇ . سىزمۇ چىققايسىز ، — دېدى . تەكلىپ بويىچە ئەبۇلمۇ گۇستى-

ھەمىنىڭ ئالدىغا چىقتى. بەختەك بىرىنچى بولۇپ گۈستىھەم بىلەن كۆرۈشتى ھەم بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە ھېكايە قىلدى. ئاخىرىدا: «ئەبۇل سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ئولتۇردى، كۆرۈشكىلى كەلگەندە، ئۇنىڭ بېلىنى سىقىپ ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى ۋە خەلقنى ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن خالاس قىلغايسىز» دېدى. گۈستىھەم ھەم شۇنداق قىلدى.

ئەبۇل كېلىپ كۆردىكى، بىر يەردە ھارۋا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تاۋۇت تۇرۇپتۇ، خەقلەر چۆرىسىگە يىغىلىۋاپتۇ. ئەبۇل ئۇلاردىن سورىۋىدى، ئۇلار: «بۇ تاۋۇتتا خاقانى چىندىن تۇتۇپ كەلگەن يىگىت بار» دېيىشتى. ئەبۇل تاۋۇتنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى. ئۇنىڭدا شۇنداق بىر يىگىت يېتىپتۇكى، ئۇنىڭ ساقاللىرى گويا ئۇت - ئەنبەر، يۈزى لەئىل رەڭ، ماڭلايلىرى كەڭ، قوشۇما قاش، بېشى كىچىك، بىلەكلىرى يوغان، كۆكسى كەڭ، بېلى قاملاشقان ئىدى. ئەبۇل كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە:

— ھەي يىگىت، شۇنچە قامىتىڭ بىلەن گۈستىھەمنىڭ نەيزىسىدە يىقىلىپ نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟ ئاز - تولا پالۋانلىق دەۋاسى قىلمىدىڭمۇ؟ — دەپ سوئال قويدى. بەھرام جاۋاب بېرىپ:

— ھەي يىگىت، گۈستىھەمنى مەن نەيزەم بىلەن يىقىتىپ يەتتە يىل يايلاقتا يىلقىلىرىمنى باقتۇرغان ئىدىم. گۈستىھەم ماڭا قىمىز بىلەن دورا بېھوش ئىچكۈرۈپ تۇتۇۋالدى، — دېدى. ئەبۇل:

— غەم قىلما يىگىت، نىجاتلىق ئالدىڭدىدۇر. سېنىڭ بىر تال موييىڭغىمۇ تەگكىلى قويمايمەن، — دەپ بىر يەرگە بېرىپ تۇردى. بىر كەمدە گۈستىھەم چىقىپ كەلدى. ئەبۇل بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۈچ قېتىم زور قىلدى. ئەبۇلغا نۇقسان يەتمىدى. ئەمما، ئەبۇل ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، بېلىنى بىر سىققان ئىدى، ئىككى تەرەپتىن قوۋۇرغىلىرى غاراسلاپ سۇنۇپ، ئېغىزىدىن لەختە - لەختە قان چۈشتى ۋە ئۆرە تۇرالماي:

— ھەي يىگىت ، بۇ سىر ئىككىمىز ئارىسىدا قالسۇن . مەن سورد-
مىغۇچە كىشىگە ئېيتمىغايسىز ، — دېدى . ئەبۇل قوبۇل قىلدى . شۇنداق
قىلىپ ، ئىككىيلەن شەھەرگە قاراپ ماڭدى . گۇستىھەم شەھەرگە كىر-
گەندە ، پادىشاھ ئادىل ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى .

# ئەبۇلئەلىنىڭ مېھرىنىگارغا ئاشىق بولغانلىقى

بەختەك گۈستىھەمگە دېدىكى :

— گۈستىھەم ، ئەتە پادىشاھقا كۆرۈنۈشكە كەلگەندە ، ئۆز سەندىلىڭدە ئولتۇرغىن ، ئەبۇلئەلى كەلسە بەرمىگەيسەن . ئۇنى ئىزا تارتقۇزايلى .

ئەتىسى ئەبۇل كېلىپ قارىسا ، گۈستىھەم ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇدەك ، ئەبۇل خوجا ئەمرىگە قارىدى . خوجا ئەمرى كۆردىكى ، سەندەلدە تىز پاتقۇدەك يەر بار ئىدى .

— بېرىپ سەندەلگە تىزىڭنى سىغدۇرۇپ جەينىكىڭ بىلەن باساڭ گۈستىھەم يىقىلىدۇ ، ئاندىن سەن ئورنۇڭدا ئولتۇرىسەن ، — دېدى خوجا ئەمرى .

ئەبۇل ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى . گۈستىھەم يىقىلدى ، ئەبۇل ئولتۇردى . بۇ چاغدا بەختەك گۈستىھەمدىن :

— ھەي پالۋان ، خىزمەتكە بۇيرۇغان ئىدۇق ، ئىشىڭ نەتىجىسى قەيەرگە يەتتى ؟ — دەپ سورىدى . گۈستىھەم :

— دۇشمەننى ئېلىپ كەلدىم ، — دەپ بەھرامنى ھازىر قىلدى . بەھرام قەسرىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ گويا رۇستەمدەك زەبەردەست تۇردى . پادىشاھ :

— ھەي بەھرام ، ئىتائەتسىزلىك قىلىپ ماڭا خىراج تاپشۇرماي ،

شەھەرنى ۋەيران قىلىشتىن قورقمىدىڭمۇ ؟ مانا ئەمدى گۈستىھەم سېنى بىر نەيزە بىلەن ئۈرۈپ يىقىتىپتۇ ، — دېدى . بەھرام قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ :

— ئى پادىشاھ ، گۈستىھەمنى مەن يىقىتىپ ، يەتتە يىل ئات باقـقىلى سالدىم . ئاخىر ئۇ مېنى ھىيلە بىلەن تۇتۇپ باغلىۋالدى . ئەبۇلئەلىدىن بۆلەك ، گۈستىھەم ۋە باشقا ھەممە پالۋىنىڭىز بىر قولۇمنى يېشىپ قايتا باغلاپ باقسۇن . شۇ چاغدا گۈستىھەم دېگەن گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقى مەلۇم بولىدۇ ، — دېدى .

— ئى پادىشاھئالەم ، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئەقىلدىن يىراقتۇر . ئۇنى ئۆلتۈرۈش كېرەك ، — دېدى بەختەك ۋە ئۇنى ئۆلتۈرمەك بولدى .

ھەش ـ پەش دېگۈچە قىلىچلىرىدىن قانلار تېمىپ تۇرغان جاللاتلار يېتىپ كەلدى . بەھرام ياش تۆكتى . ئەبۇل ئېيتتىكى :

— ھەي يىگىت ، قوچقارنى قۇربانلىققا ياراتقان ، نېمانچە يىغلايسەن ؟

— ئى ياخشى ئىنسان ، — دېدى بەھرام ، — مېنىڭ يېشىم قورقىدانلىقىمدىن تۆكۈلگىنى يوق ، مەن شۇنىڭغا يىغلايمەنكى ، ھەرقانداق كىشى مېنى پالۋانلىق بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا ، مەن قايىل بولاتتىم ، مەيداندا ئېلىشىپ ئۆلسەم رازى بولاتتىم . ھالا ئەمدى نامەرد قولىدا ئۆلىدىغان بولدۇم .

بۇ گەپ بىلەن ئەبۇل دەرھال پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ :

— ئى پادىشاھئالەم ، سىز مېنى دۈشمەنلىرىڭىز بىلەن جەڭ قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەربىيىلىگەن ئىكەنسىز ، پالۋانلىق بىلەن دۈشمەننى يېڭىپ ، خانلىققا تاپشۇردۇم . بۇ ھەر ئىككى تەرەپكە ئارمانسىز ئىشتۇر . بۇ يىگىت : « مېنى پالۋانلىق بىلەن يېڭىپ ، مەردلىك بىلەن ئۆلتۈرگەن بولسا ، ئارمانسىز كېتەر ئىدىم » دەپ نالە قىلىۋاتىدۇ . ئۇنى ماڭا بەرسەڭلار ، خالىغان ۋاقتىڭلاردا ئۇنىڭ قول ـ پۇتىنى باغلاپ بېرەي ، يەنە

كېلىپ بەھرام خوتۇنىڭىزنىڭ ئىنىسىدۇر ، ئۇنىڭ ۋە ئاتىسىنىڭ يۈز خا-
تىرىسىنى قىلغايسىز ، — دېدى .

— ئۇنى سىزگە بەردىم ، — دېدى پادىشاھ ئادىل . ئەبۇل شۇئان ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى ، ئاندىن سۇلتان بەخت مەغرىبىنى چاقىرىپ :

— بۇ يىگىت ناھايەت ئاجىزلاپ كېتىپتۇ ، 40 كۈنگىچە ياخشى تا-
ئاملار بىلەن بېقىڭلار ، چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ ، ياخشى لىباسلارنى بېرىڭلار . 40 كۈندىن كېيىن پالۋانلىق كۆرسەتسۇن ، — دەپ تاپىلىدى . سۇلتان بەخت بەھرامنى سارايغا باشلاپ باردى .

بىر كۈنى بەھرام ئەبۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ئى بۇزرۇكزادە ، پادىشاھلىقنى جەمشىتنىڭ ئەۋلادىغا بەرگىلى بولمايدۇ ، سىز تەختتە ئولتۇرۇڭ . مەن سىزنىڭ تەختىڭىزنىڭ پالۋىنى بولاي . بۇ نائەھلىلەرنىڭ ئەدىپىنى شەمشىرىم بىلەن بېرەي ، — دېدى .

— ھەي ئالىي ھىممەتلىك كىشى ، سەۋر قىلىڭ ، — دېدى ئەبۇل ، — ئىش نەگە بېرىپ يېتىدۇ ، قېنى كۆرۈپ باقارمىز ، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇنىمىدى .

ئەلقىسسە : رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى ، بەھرام 41 - كۈنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى . پادىشاھ مەخسۇس مەيدان تەييارلىدى . پۈتۈن شەھەر خەلقى توپلاندى . پادىشاھ تەختىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقتى . بەھرام بىلەن ئەبۇلئەلى تۆت كېچە - كۈندۈز ئېلىشتى ، ئەمما بىر - بى-
رىنى يېڭەلمىدى . بەشىنچى كۈنى ئەبۇل بەھرامنى يەردىن كۆچەپ كۆتۈرگەن ئىدى ، بەھرام پاختىدەك كۆتۈرۈلۈپ « گۈپ » پىدە يەرگە چۈشتى . پادىشاھنىڭ ھەرىمدىكىلەر ئەبۇلنىڭ كارامىتىنى كۆرمەك بولۇپ سارايىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى . بۇلار ئارىسىدا پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە مېھرىنىگارمۇ بارئىدى ، ئەبۇلنىڭ پالۋانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇ-
نىڭغا ئاشىقلىق ئوتى تۇتاشتى . مەلىكە ئەبۇلنىڭ بېشىغا جاۋاھىر - ئالتۇنلارنى چاچتى . بۇنى كىمنىڭ چاچقانلىقىنى ھېچ كىشى كۆرمىدى . ئەبۇل يۇقىرىغا قارىغان ئىدى ، مېھرىنىگارغا كۆزى چۈشۈپ ، شۇئانلا

ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ قالدى .

نەزم

جادۇ كۆزى ئىچرە يۈز مىڭ نازى بار ،
چاچ ۋە قاشى ئىچرە يۈز مىڭ رازى بار .
بىر كۆرۈپلا بولدى ئاشىق ئول نىگار ،
سەرۋ ـ شەمشاد ئىچرە يۈز مىڭ سازى بار .

ئەلقىسسە : شۇنداق قىلىپ ، بەشىنچى كۈنى ئەبۇل بەھرامنى يىقىتىپ ، باغلاپ يۇتىغا كەمەندە سالدى . ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھىنى پادىشاھ ئادىلدىن تىلەش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىدى ، بەختەك گۇستىھەمگە :

— بەھرام ئەبۇلنىڭ دىنىغا كىردى ، پادىشاھ ھېچنېمە قىلمىدى . يۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، ئارقىسىدىن بېرىپ چاپقىن ، — دېدى . گۇستىھەم كېلىپ بەھرامنى چېپىپ ئۆلتۈردى . ئەبۇل ئارقىسىغا قاراپ ، بۇ ھالنى كۆرۈپ قالدى . گۇستىھەمنى تىللاپ ، كۆپ ئەپسۇسلار بىلەن جەسەتنى دەپنە قىلدى . گۇستىھەم ئەبۇلنىڭ يېنىغا كېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— يا پالۋان ، سىزنىڭ بەھرامغا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى بىلمەپتىمەن ، كۆپ پۇشايمان قىلدىم . گۇناھىمدىن ئۆتكەيسىز ، — دەپ گۇناھىنى تىلىدى ، ئاندىن ، — بىر بېغىم بار ئىدى ، قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسىڭىز ، خىزمىتىڭىزدە بولسام ، — دېدى .

ئەبۇل بىرقانچە ھەمراھى بىلەن باغقا كەلدى . باغنىڭ بىر تەرىپى دەريا ، بىر تەرىپى جاڭگال ، يەنە بىر تەرىپى باغ بولۇپ ، ئوتتۇرىسىدا بىر ئايۋان بار ئىدى ، ئەبۇلنى ئۇنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى .

گۇستىھەم ئەبۇلنى باغقا باشلاپ كىرىشتىن ئاۋۋال 5000 لەشكەرنى بۆكتۈرمە قىلىپ قويغان ۋە : « مەن قاچان چاۋاك ئۇرسام ، شۇئان ئىش باشلاڭلار » دەپ بۇيرۇغان ئىدى . ئۇ ئايۋاندىن چىقىۋېلىپ چاۋاك چال-

غان ئىدى ، لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن چىقىپ كېلىشتى . ئۇلار ئەبۇل بىلەن ئەمدىلا تونۇشۇپ تۇرۇشىغا ، بۇ ئىشتىن خوجا ئەمرى بىلەن مۇقبىل خەۋەر تېپىپ يېتىپ كېلىشتى ، گۇستىھەم قېچىپ كەتتى ، ئادەملىرى يوقىتىلدى . ئەبۇل « بۇ ئىشنى پادىشاھ قىلدى » دەپ گۇمان قىلدى . ئەمما ، خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ئۆزرە ئېيتىپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . پادىشاھمۇ ئۆزرە ئېيتتى . ئاندىن ئۆزىنىڭ بېغىغا باشلاپ بېرىپ ، تاماشا قىلدۇردى . پادىشاھنىڭ مەقسىتى ئەبۇلنى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ئىدى . پادىشاھنىڭ بېغى شۇنداق بىر باغ ئىدىكى ، نۇشىرۋان ئۇنىڭغا بىر چېدىر قىلدۇرۇپ ، چېدىرغا ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن پەنجىرە ياساتقان ئىدى . باغدا بىر كۆل بولۇپ ، ئۇ شۇنداق چوڭ ئىدىكى ، ھەرقانداق تېرەئەنداز ئوقنى كۆلنىڭ بۇ تەرىپىدىن ئۇ تەرىپىگە يەتكۈزەلمەيتتى . كۆلگە بىر شىرنىڭ ئېغىزىدىن داۋاملىق سۇ تۆكۈلۈپ تۇراتتى . سۇ يەنە بىر شىرنىڭ قۇيرۇقىدىن چۆلگە چىقىپ كېتەتتى . نۇشىرۋان بۇ كۆلنى ھېكمەت بىلەن ياساتقان ئىدى . ئەبۇل كۆلنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

ئەمدىكى گەپنى مېھرىنىگاردىن ئىشتەيلى . مېھرىنىگارنىڭ ئۆزىگە ئاتاپ بىنا قىلىپ بېرىلگەن بىر قەسرى بار ئىدى . ئەبۇلنىڭ باغقا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، قەسرىگە كېلىپ زىبايەت تەييارلىدى . ئاندىن بىر كېنىزەكتىن ئەبۇلغا سالام ئەۋەتتى . ئەبۇل كېنىزەك بىلەن كۆرۈشۈپ ، مېھرىنىگارنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۇلار بەزمە قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشتى . ئەمما ، سەككىزىنچى كۈنى ساياھەت ۋاقتى توشۇپ ئەبۇل بارگاھقا ، مېھرىنىگار ئوردىغا قايتتى .

ئەلقىسسە : بىر كۈنى ئاخشىمى ئەبۇل مېھرىنىگارنىڭ ئىشق ـ پىراقىدا ئۇخلىيالمىدى . ئاخىر كېچىلىك لىباسلىرىنى كىيىپ ، مېھرىنىگارنىڭ قەسرىگە قاراپ يول ئالدى . ئۇلار كۆرۈشۈپ ، تەشنالىقنى قاندۇرۇشتى . گاھ كۈلۈشۈپ ، گاھ يىغلىشىپ ، ئىرماش ـ چىرماش بولۇشۇپ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى . تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى . بىر كەمدە ئەبۇل ئويغىنىپ قارىسا ، تاڭ ئېتىپتۇ . « ھەي ، چاتاق بولدى »

دەپ ئويلاپ ، كەمەندە بىلەن چۈشۈۋاتقان ئىدى ، قارۇن كۆرۈپ قالدى ـ دە ، قىلىچتا كەمەندنى كېسىۋەتتى . ئۇنىڭ يېرىمى قارۇندا ، يېرىمى ئەبۇلدا قالدى . ئەبۇل بەدەر قاچتى . بۇ دەل تاڭ يورۇغان چاغ بولۇپ ، ئەبۇلئەلىنى قارۇن تونۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن : « ھەي قوغلىماڭلار ، قاچقان كىشى ئەبۇل ئىكەن ، يېقىن بارساڭلار ئۆلىسىلەر !.. » دەپ يوق ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇپ ، ھەممە ئادەمنى ئويغىتىپ ، ئەبۇلنىڭ نامىنى يېيىۋەتتى .

ئەبۇل شۇ قاچقانچە بىر كۆرۈكنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە خوجا ئەمرى پەيدا بولدى . ئەبۇل بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى . جاراھەتلىرىگە خوجا ئەمرى دورا باستى . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ پەيزىئاۋات قەلئەسىگە كەتمەكچى بولدى . ئەگەر پادىشاھ سوراپ قالغۇدەك بولسا ، « بىز ئىجازەت ئالايلى دەپ ئويلىغان ئىدۇق ، ئەمما چۈشىمىزدە ئىجازەت سورىساق بەر-مىدىڭىز ، شۇڭا كېتىپ قالدۇق دەيلى » دەپ كېلىشىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پەيزىئاۋات قەلئەسىگە كەلدى . بىراق ، ئەبۇلنىڭ پۈتۈن خىيالى مېھرىنىگاردا ئىدى .

ئەلقىسسە : ئەتىسى قارۇن كەمەندنىڭ يېرىمىنى كۆتۈرۈپ ، 400 لەشكەر بىلەن بارگاھ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ، ئاندىن پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ، كەمەندنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇپ :

— بۇ نېمىدىگەن بىنومۇسلۇق ، ئەبۇلنىڭ مېھرىنىگار يېنىدىن چۈشكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم . كەمەندنى كېسىۋەتكەن ئىدىم ، يىقىلىپ پېشانىسى يېرىلدى . ئەمما ، ئورنىدىن تۇرۇپلا قېچىپ كەتتى ، — دېدى . پادىشاھ خوجا ئابۇزەر جەمھۇرغا قارىدى . ئۇ : « كەركەس ساسىنىنى ئەۋەتمەك كېرەك » دەپ ، ئۇنى ئەۋەتتى . كەركەس ساسانى بېرىپ ئەبۇلنى كۆرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن : « ئەبۇلنىڭ زەخمىسى يوقكەن » دەپ مەلۇم قىلدى . بەختەك : « نېمە ئۈچۈن تۇتۇپ كەلمەيسىز ؟ ئادەم ئەۋەتىڭ » دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى . ئەبۇلنىڭ يارىسى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشقا نۇرغۇن ئادەم ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن

ئۇلارنىڭ ھەممىسى « ئەبۇلنىڭ جاراھىتى يوقكەن » دەپ كەلدى . ئۇلار مۇشۇ دەتالاش ئۈستىدە تۇرغاندا ، خەۋەرچى كىرىپ :

— ئى پادىشاھىئالەم ، گۇستىھەم بىلەن ئەلقىمە خەيبىرى بىرلىشىپ ھۇشىيامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى كەپتۇ ، — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇشىرۋان ئادىلغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى - دە ، ئەبۇلنى ئېلىپ كېلىشكە خوجا ئەبۇزەر ھاكىمنى ئەۋەتتى .

# نۇشىرۋاننىڭ ئەبۇلئەلىنى يوقاتماقچى بولغانلىقى

داستانلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كۈنى جىمى ئالتۇن كۇلاھ پادىشاھلار، باتۇر - پالۋانلار بەختەكنىڭ باشچىلىقىدا بىر يەرگە توپلىنىشىپ مەسلىھەتنى پىشۇرغاندىن كېيىن، نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار يالاڭئاياغ بولۇپ تۇرۇپ:

— ئى پادىشاھى ئادىل، ئەبۇلئەلى ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن كىچىك بالا تۇرۇقلۇق بەھرامدەك پالۋاننى يەڭدى. پەيزىئاۋات جاڭگىلىدا قاپلان ئۆلتۈرۈپ، پەيزىئاۋات قەلئەسىنى ئۆزىگە قاراتتى، ھۇشيامنى ئۆلتۈردى، ئەلقىمەنى لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ تۆت كۈنلۈك يىراق يەرگە قوغلىۋەتتى. گۇستەھەمدەك پالۋىنىڭىز ئۈچ قېتىم تۇۋا قىلىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا مەجبۇر بولدى. سىز قىلالمىغان ئىشلارنى ئۇ قىلدى. ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزدا ئەمەستۇر. شۇ سەۋەبتىن ھامان بىر كۈنى بىز بىلەن دوست ئۆتەلمەيدۇ. ئەگەر ۋاقتىدا چارە قىلمىساق، بىزنىڭ كۈچىمىز يەتمەي، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دەپ بېشىنى يەرگە قويدى. نۇشىرۋان:

— ئۇنىڭ بىلەن كىم جەڭ قىلىدۇ؟ — دەپ سورىغان ئىدى، بەختەك سۆز باشلاپ:

— بىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمىز. زەنگىبارنىڭ بىر پادىشاھى بارمىش، ئېيتى پىلتەنزور ئىكەن، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەسمىش.

نامە ئەۋەتسەك ، ئەبۇلنى شۇ كېلىپ يوقىتىپ بېرەلەيدۇ ، ــــ دېدى .

نۇشىرۋان ئاخىر ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىگە ماقۇل بولۇپ ئەلچى ئەۋەتتى ، ئەلچىلەر بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ زەنگىبار قەلئەسىگە يېتىپ كەلدى ۋە پىلتەنزورنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ نامەنى تۇتتى . پىلتەنزور پالۋان ئەلچىلەرنىڭ قولىدىن نامەنى ئېلىپ كۆرۈپ ، تەكلىپنى جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ھايال بولمايلا جابدۇنۇپ 80 مىڭ نېگىر بىلەن مەداينىغا راۋان بولدى .

ئەبۇلنىڭ ھەييارلىرىمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ چارلاپ تۇرغان ئىدى .

ــــ ھەي ئەبۇل ، دۈشمەن قەستىڭىزگە چۈشۈپتۇ ، ــــ دېدى جاسۇسلار ئۇقۇشۇپ ئەھۋالىغا ئاساسەن . خوجا ئەمرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئەبۇل شەھەردىن چىقىپ ، شاد دەرياسىنىڭ بويىغا بارگاھ قۇردى .

ئەتىسى تامام پادىشاھلار جەم بولۇپ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى . ئەبۇلنىڭ سەندىلى بوش ئىدى . نۇشىرۋان :

ــــ ئەبۇلئەلى نەگە كەتتى ؟ ــــ دەپ سورىدى .

ــــ شەھەردىن چىقىپ كېتىپتۇ ، ــــ دېدى قارۇن ، ــــ ئەگەر لەشكەر بەرسىڭىز ، ئۇنى مەن تۇتۇپ كېلەتتىم .

گۇستەھەم ئورنىدىن تۇرۇپ :

ــــ ئى پادىشاھى ئادىل ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەسكىنىڭ يۈزىگە قارىمىغايسىز ، بىز تامام لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ ، ئەبۇلنى بۇ دۇنيادىن يوق قىلايلى ، ــــ دېدى .

پادىشاھ جازا يۈرۈشىگە يارلىق قىلدى . سەپنىڭ ئالدىدا ئۆزى ماڭدى ، ئارقىدىن سىپاھلار ماڭدى . يولدا ئەبۇلنىڭ لەشكىرى ئۆمەر مەئدى ئۇچرىدى .

ئۆمەر مەئدى ئەبۇلنىڭ ئىنىكئانىسى ئادىيە بانۇنىڭ ئوغلى بولۇپ ، ناھايىتى پالۋان يىگىت ئىدى . ئۇ ئەبۇل بىلەن بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئېمىپ چوڭ بولغان . ئۇلار چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە ، ئادىيە بانۇ ئۆز ئوغ-

لىنى ئەبۇلغا تاپشۇرغان ئىدى. تەييارلىنىپ تۇرغان ئۆمەر مەئدى نۇشىرۋان قوشۇنى كىلىشى بىلەنلا جەڭ باشلىدى. جەڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئەبۇل يېتىپ كەلدى. ئۇ نەرە تارتىپ جەۋلانىبازلىق قىلدى ۋە: «كىمكى جاندىن تويغان بولسا، ئالدىمغا كەلسۇن!» دەپ توۋلىدى. جەڭ بىر قانچە كۈن داۋاملاشتى. مەدايىنغا پىلتەنزور ئۆزى كەلمەي ئىنىسى قارنەنى «ئەبۇلئەلىگە مېنىڭ يارلىقىمنى يەتكۈزۈپ تۇتۇپ ئېلىپ كەل» دەپ بۇيرۇغان ئىدى.

بىر كۈنى، نۇشىرۋان بەختەكنىڭ گېپىگە كىرىپ ئەبۇل بىلەن جەڭ قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئولتۇراتتى، خەۋەرچىلەر كىرىپ:

— زەنگىباردىن قارنە پىلتەنزور «ئەبۇلئەلى چىقسۇن» دەپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنى بۇ يەردە يوق دېسەك، «ئەبۇلنى كۆرمىگۈچە ئاتتىن چۈشمەيمەن» دەپ ئەبۇلنىڭ كەينىدىن كەتتى، — دېدى. نۇشىرۋان ئۆلارغا:

— ھەي پالۋانلار، قارنە پالۋان بولغان بىلەن ئەبۇلغا رەقىب بولالمايدۇ. مۇبادا ئەبۇلنىڭ قولىدا ئۆلگۈدەك بولسا، بىز ئاكىسىنىڭ ئالدىدا بالاغا قالىمىز. دەرھال بېرىپ ئۇلارنى جەڭدىن ياندۇرۇڭلار، — دەپ قەيتۇس مەغرىبىنى ئەۋەتتى. قەيتۇس بېرىپ بولغۇچە ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈپ بولغان ئىدى. ئەبۇل قارنەگە قاراپ ئات سالدى ۋە ئېتىلىپ بېرىپ قارنەنىڭ دولىسىدىن تۇتتى. قارنە پىلغا ئىشارەت قىلىۋىدى، پىل خارتومى بىلەن ئەبۇلنى يۆگەپ ئاتتىن چۈشۈرمەكچى بولۇپ سۆرىدى. ئەمما، ئاتتىن يۇلۇپ ئالالمىدى. ئەبۇل غەزەپ بىلەن پىلنىڭ خارتومىدىن تۇتۇپ، ئۇنى ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرغان ئىدى، پىلنىڭ ئۇستىخانلىرى كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى، پىل شۇ يەردىلا ئۆلدى. قارنە پىلتەن ئەبۇلنىڭ بۇ ئەلپازىدىن قورقۇپ قاچتى. ئەبۇل ئارقىسىدىن قوغلاپ تۇتۇپ باغلىدى. ئارقىدىن لەشكەرلەر ھۇجۇم قىلدى. مەدايىن لەشكەرلىرى قاچتى، ئەبۇل تەرەپ نۇشىرۋاننىڭ ئىككى ئوغلىنى تۇتۇۋالدى. قارنەنى ئەسىر ئالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ جەڭدە نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ مەدايىنغا قېچىپ كەلدى. پادىشاھ ھەممە ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئىككى ئوغلى ئۈچۈن كۆپ قايغۇردى. بۇ ھالنى كۆرگەن خوجا ئابۇزەر جەمھۇر دېدىكى:

— ئى پادىشاھى ئادىل، ئوغۇللىرىڭىزدىن غەم قىلماڭ. بۇ ئىشلارنى يامانلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۆزىمىز قىلدۇق. ئەبۇل بەلكىم بىز قىلغاننى قىلماس، — دەپ تۇرۇشىغا، نۇشىرۋاننىڭ ئىككى ئوغلى ئۆمەر مەئدى بىلەن بىللە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى ئەبۇل ئىززەت - ئىكرام بىلەن مەدايىنغا ئەۋەتكەن ئىدى. نۇشىرۋان ئوغۇللىرىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولدى. ئۆمەر مەئدىنى زىياپەت تەييارلاپ كۈتۈۋالدى. زىياپەت راسا ئەۋجىگە چىققاندا، بىر ئادەم كىرىپ كەلدى ۋە پادىشاھنى مەنسىتمىگەن ھالدا:

— سىزلەرگە پىلتەنزوردىن يارلىق، — دەپ بىر پارچە نامەنى كۆرسەتتى. ئاندىن ئۆزى ئوقۇپ بەردى. نامە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

« سىلەر ئىنىم قارنە پىلتەننى ئاپىرىپ گۆستەھەم، ئەبۇلئەلگە ئۆلتۈرگۈزۈپسىلەر. گۆستەھەمنى بۈگۈن بالا - ۋاقىللىرى بىلەن قوشۇپ بىزگە تاپشۇرۇڭلار، تاپشۇرمىساڭلار، شەھىرىڭلارنى ۋەيران، تامام خەلقنى قەتل قىلىمەن ».

نۇشىرۋان گۆستەھەمنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ، كەلگەن ئادەمنى ياندۇردى. بۇلار مەسلىھەت قۇرۇپ، قىلغان ئىشلىرىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى. « بىزگە ئەبۇل بولمىسا، ھەممىمىز ئۆلىدىكەنمىز » دېگەن يەرگە كېلىشتى. بەزىلەر ئەبۇلنى كەلمەيدۇ دېسە، بەزىلەر كېلىدۇ دېيىشتى، ئەبۇل كەلمىدى. ئۇ نۇشىرۋاننىڭ قىزىغا ئاشىق ئىدى، بۇنى ھەممەيلەن بىلەتتى. نۇشىرۋان ئەبۇلغا قىزىنى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ

تـوقـقۇزىنچى قېتىم نامە ئەۋەتتى . كېچە ـ كۈندۈز مېھرىنىگارنىڭ ئىشقىدا ئۆرتـىـنـىـۋاتقان ئەبۇل نۇشىرۋاننىڭ قىزى مېھرىنىگارنى بەرمەكچى بولغان ۋەدىـسىنى كۆرۈپ ، كۆڭلىدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىپ تاشلىدى ھەم شۇئان مـەدايـىنغا كەلدى . نۇشىرۋان كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ناماقۇل بولدى .

ئەتـىـسـى نـامـاز ۋاقتى بىلەن جەڭ دۇمبىقى چېلىندى . پىلتەنزور جـەڭگە چاقىرماقـتا ئىـدى . بۇ چاغـدا خوجا ئابۇزەر جەمـھۇر ئەبۇلـغا « كـېـسـەل بـولۇپ قالدىم دەپ يېتىۋالسۇن ، ئالدىراپ جەڭگە چىقمىسۇن » دەپ كىشى ئەۋەتتى . ئەبۇل تاۋىم يوق دەپ يېتىۋالدى .

پـىـلـتەنزور ھەيۋە بىلەن كېلىپ پالۋان تەلەپ قىلدى . نۇشىرۋان تەرەپتىن مەيدانغا چۈشۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى . ئاخىر دۈشمەن تـەرەپ بـىر كۈنلۈك مۆھلەت بېرىپ ياندى . نۇشىرۋان تەرەپمۇ بارگاھىغا يېنىپ كېلىپ مەسلىھەتلەشتى . ئەمىرلەر مۇنداق مەسلىھەت بەردى : ئەبۇل مـېھرىنىگارغا ئاشىق ، مېھرىنىگار ئەبۇلنىڭ ئالدىغا بېرىپ شاراب تۇتسۇن ، ئاندىن « سىزدەك پالۋان تۇرۇپ مەدايىن دۈشمەن قولىدا خاراب بولارمۇ ؟ سـىـزنـىـڭ پـالۋانلىقىڭىزنى بىلىمەن ، ئەمما جەڭ قىلغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ بـاقـمـىـدىم . ئەگەر ماڭا ئاشىق بولسىڭىز ، پىلتەنزور بىلەن جەڭ قىلىڭ ، مـەن كـۆرۈپ باقاي » دېگەندەك شېرىن سۆزلەرنى قىلسۇن ، ئەبۇل مېھرىـنىگارنىڭ كۆڭلىنى دەپ جەڭگە چىقىدۇ .

بـۇ مـەسـلـىـھەت نۇشىرۋانغا ياقتى ھەم مېھرىنىگارغا يەتكۈزۈلدى ، مېھرىنىگار ئەبۇلنىڭ قېشىغا باردى .

— ھەي ئەبـۇل ، مـەن سـىـزنـىـڭ جەڭ قىلغىنىڭىزنى كۆرمىدىم . ئاڭـلـىـشـىـمـچـە ، پىلتەنزور ئاجايىپ ھەيۋەتلىك پالۋانمىش ، سىز ئۇنىڭ بـىـلـەن جـەڭ قـىـلـغان بولسىڭىز ، مەن راۋاقتا تۇرۇپ كۆرۈپ ، سىزنىڭ پـالۋانلىقىڭىزدىن شادلانسام دەيمەن ، — ئەبۇل مېھرىنىگارغا چىن دىلىدىن ئاشـىق بولغاچقا ، ئۇنىڭ تەلىپىنى چىن دىلىدىن قوبۇل قىلدى . بۇ خەۋەر نۇشىرۋاننى خۇشال قىلدى .

ئەتـىـسـى پـىلتەنزور جەڭ مەيدانىغا كېلىپ سەپ تۈزۈپ تۇردى .

نۇشىرۋان لەشكەرلىرىمۇ سەپراس بولۇپ تۇراتتى. پىلتەنزور مەيدانغا كىرىپ پالۋان تەلەپ قىلدى. ئۇ ھەربىر قەۋىتى 1000 پاتماندىن كېلىدىغان توققۇز قات ساۋۇت، بېشىغا 45 پاتمان كېلىدىغان پولات دۇبۇلغا كىيگەن، 45 پاتمان كېلىدىغان زەنجىر كەمەر باغلىۋالغان ئىدى. ئۇ تۆت پىلنى جۇپلەپ ئۈستىگە تەخت قۇرغان بولۇپ، تەختنىڭ 12 كۈنگۈرىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر بۇرجىكىدە بىردىن كەمەنداز ئولتۇراتتى. تۆت پىلنىڭ ھەممىسىگە زەر كىيىملەر كىيدۈرۈلگەن، خارتومىغا ئىككى بىسلىق شەمشەر باغلانغان بولۇپ، پىللار مەيداندا ھەيۋەت بىلەن تۇراتتى.

بۇنى كۆرگەن نۇشىرۋان تەرەپ ئادەملىرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ھېچقانداق پالۋان مەيدانغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. نۇشىرۋان ئەبۇلغا:

— ئى ئەبۇل، مەيدانغا سىز كىرىڭ، سىز بولمىسىڭىز بىزنىڭ تىرىك قالمىقىمىز ئەقىلدىن يىراقتۇر، — دېدى. ئەبۇل جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ مەيدانغا چۈشتى.

نەزم

ئىككى لەشكەر ئەمەس ئىككى بارگاھ،
قىلىپ باشىغا تۇغ - ئەلەم جىلۋەگاھ.
بولۇپ بىر يەرگە تاقابىل سىپاھ،
زېمىن - پەلەك بولدى ئول دەم تەباھ.

بۇ ئىككى پالۋان 12 كۈن ئېلىشتى. ئاخىر پىلتەنزور يارىلاندى ۋە ھاياتىدىن ئايرىلىدىغاندەكلا تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەقدىرگە تەن بېرىپ ئەبۇلغا ئەل بولدى. مەداييندا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، نۇشىرۋان بىلەن خوشلىشىپ زەنگىبار قەلئەسىگە ياندى.

نۇشىرۋان ئادىل ئەبۇلنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ، مەي، ئىنئاملار تۇتتى، باشلىرىدىن جاۋاھىراتلارنى چاچتى. ئەبۇل مەداييندا بىرقانچە

كۈن تۇرۇپ مەككىگە يانماقچى بولدى. قايتىش سەپىرىدە شاد دەرياسى-
نىڭ بويىغا كېلىپ چۈشتى.

# نۇشىرۋانغا ھىندىستاندىن ئەلچى كەلگەنلىكى

ئەبۇلئەلى پىلتەنزورنى يىگىپ ئۆزىگە ئەل قىلغاندىن كېيىنمۇ، نۇشىرۋان قىزى مېھرىنىگارنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەرمىدى. شۇڭا، ئەبۇلئەلى كۆڭلى يېرىم بولۇپ، پادىشاھتىن ئىجازەت ئالمايلا مەككىگە يانماق بولۇپ شاد دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ چۈشكەن ئىدى.

ئەبۇلئەلى كەتكەندىن كېيىن، جىمى ئالتۇن كولاھلىق پالۋانلار ئوردا ئالدىغا كېلىپ «ئەبۇل مەككىگە يېنىپتۇ، ئۇنى ياندۇرماسلىق كېرەك ئىدى، ئۇ كېتىپ قالسا، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئالەمگىر بولۇپ بىزگە ئامانلىق بەرمەيتتى» دەپ مەسلىھەت بېرىپ تۇرغاندا، ئادالەت زەنجىرى تەۋرەندى. نۇشىرۋان شۇئان زەنجىر يېنىغا بارغان ئىدى، «ھىندىستاندىن ئەلچى كەپتۇ» دەپ خەۋەر يەتتى. نۇشىرۋان:

— ئەلچىلەرنى باشلاپ كىرىڭلار، — دېدى. خەۋەرچىلەر بېرىپ ئەلچىلەرنى باشلاپ كىردى. ئەلچىلەر پادىشاھ ئادىلنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن نامەنى نۇشىرۋانغا تۇتتى. نامە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئى پادىشاھ ئادىل، مەنكى شەھاد شاھدۇرمەن. ئاغام سەئىدتىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلدى. ئېتى لەندىھۇر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىر تامام ھىندىستاننى خۇداپەرەس قىلىپ ئۆز دىنىغا كىرگۈزدى. يالغۇز سەرەندىپ ئايرىلىپ

قالدى . ئەگەر ياخشىلىق قىلىپ لەشكەر ئەۋەتمىسىڭىز ، تامام ھىندىستان قولدىن كېتىدۇ . ئۇ چاغدا ئىرانمۇ ئۆزىنى ساقلىيالمايدۇ » .

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تامام ئاتەشپەرەسلەر ئەندىشىگە چۈشتى . نۇشىرۋان ئەلچىلەردىن سورىدى :

— لەندىھۇر قانداق كىشى ؟

— لەندىھۇر شۇنداق بىر كىشىكى ، بۇ دۇنيادا تەڭدىشى يوق پالۋان ، ھەرقانداق پالۋان ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش تۇگۇل ، ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ ، — دەپ جاۋاب بەردى ئەلچىلەر .

« لەندىھۇر ھەققىدىكى تەرىپلەردىن قارىغاندا ، ئەبۇلئەلىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگۈدەك » دەپ ئويلىغان نۇشىرۋان پالۋانلىرىغا :

— ھەي ئەمىرالىرىم ①، قايسىڭلار لەشكەر تارتىپ ماڭىسىلەر ؟ — دەپ سوئال قويغان ئىدى ، ھېچكىم لام - جىم دېمىدى . پادىشاھ خوجا ئابۇزەر ھاكىمغا قاراپ ، — بۇ نېمە ئىش ؟ ھېچكىم زۇۋان سۈرمەيدىغۇ ، ماڭا چۈشەندۈرۈڭ ، — دېدى .

— ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز مەن باراي ، — دېدى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر . نۇشىرۋان دېدىكى :

— سىزدە بۇ ئىشنىڭ ئامالى بار ، قانداق قىلسىڭىز سىز قىلغايسىز .

— ئى پادىشاھ ئادىل ، — دېدى جەمھۇر ، — مەن سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە بىر كىشى تېپىپ بەرسەم ، ئۇنى ئادەملىرىڭىز تۇرغۇزمىدى ، ۋەدىڭىزگە ۋاپا قىلمىدىڭىز . شۇ سەۋەبتىن ئۇ كىشى كېتىپ قالدى . ئەگەر ئەبۇل كەتمىگەن بولسا ، ھېلىغۇ بىر لەندىھۇر ئىكەن ، تامام ھىندىستان خەلقى لەندىھۇر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ غەمگە ئورۇن قالمايتتى .

---

① ئەمىرا — پالۋان مەنىسىدە .

— ئۇنداق بولسا ، — دېدى نۇشىرۋان ، — ئەبۇلنى ئېلىپ كېلىڭلار ، ھىندىستانغا بېرىپ لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسۇن ، مېھىرنىگارنى ئۇنىڭغا بېرىمەن ، — خوجا ئابۇزەر ھاكىم ھايال ئۆتكۈزمەيلا ئەبۇلنىڭ قېشىغا چاپتى .

— ھەي ئەبۇل ، ئاشىق سەندەك بولامدۇ ؟ — دېدى خوجا ئابۇزەر جەمھۇر ئەبۇلنىڭ قېشىغا بېرىپ ، — مەشۇقىنى تاشلاپ كەتكەن نەدە بار ؟ ... ھىندىستاندىن ئەلچى كېلىپ ئۇرۇش خېتى تاپشۇردى . ئۇلارنىڭ لەندىھۇر دەپ بىر پالۋىنى بارمىش ، ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك پالۋان چىقماپتۇدەك . ئۇنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ پالۋانلارنىڭ ھەممىسى قورقۇپ ، بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . پادىشاھ ئادىل سىزنى ھىندىستانغا بېرىپ ، لەندىھۇرنى يوقىتىپ ، قىزىم مېھرنىگارنى نىكاھىغا ئالسۇن ، دەپ مېنى ئەۋەتتى ، — دېدى .

ئەبۇل كېلىپ پادىشاھ ئادىلنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى . نۇشىرۋان ئەبۇلنىڭ باش ـ كۆزلىرىگە سۆيۈپ :

— سىزنى بۇ يەردىكىلەر پاتقۇزماي بەتنام چاپلىدى . دىلىڭىزنى كۆپ رەنجىتتى . ھالا ئەمدى ماڭا ھىندىستاندىن زور دۈشمەن پەيدا بولدى . سىزگە ھەسەت قىلغۇچىلار كىرەككە كەلمىدى . سىز بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسىڭىز . مېھرنىگارنى سىزگە نىكاھلاپ بېرىمەن ، — دەپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى . ئەبۇل قوبۇل قىلدى .



# لەندىھوُرنىڭ پەيدا بولغانلىقى

ھىندىستاندا بەقرات ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ ، بىرى سەئىدىن شاھ ، يەنە بىرى شەھاد شاھ دەپ ئاتىلاتتى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەقرات شاھ ئالەمدىن ئۆتتى . ئۇنىڭ ئورنىغا سەئىدىن شاھ تەختكە ئولتۇردى . ھۆكۈمالار ئۇنىڭ بەختىگە قۇرئە سالغان ئىدى ، مەلۇم بولدىكى ، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل دۇنياغا كېلىدىكەن ، ئەمما سەئىدىن شاھتىن كېيىن شەھاد شاھ تەختنى ئېلىپ پادىشاھ بولىدىكەن ۋە ئاخىر جاھانگىر بولۇپ ، سەئىدىن شاھنىڭ ئوغلى شەھاد شاھنى تەختىدىن قوغلايدىكەن .

ھۆكۈمالار بۇ ھېكمەتنى سەئىدىن شاھقا مەلۇم قىلدى . سەئىدىن شاھ : « ئەگەر بەخت ـ تەلىيىمىز شۇنداق بولسا ، ھەرگىز خوتۇن ئالمايمەن ۋە پەرزەنت كۆرمەيمەن » دەپ ئەھدە قىلدى .

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ بىر كۈنى سەئىدىن شاھ شىكارغا چىقىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى . ئۇياققا مېڭىپ ـ بۇياققا مېڭىپ ، ئاخىر چۆلدىن چىقىپ ، ناھايىتى ياسىداق بىر قەسىرنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى . ئىشىكتىن باش تاراۋاتقان بىر قىز چىقتى . ئۇ شۇنداق گۈزەل ئىدىكى ، ئۇنى تەسۋىرلەشكە تىلمۇ ئاجىزلىق قىلاتتى .

سەئىدىن شاھ قىزنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرغان ئىدى ، قىز كېلىپ سالام قىلدى . سەئىدىن شاھ سالامنى ئىلىك ئېلىپ ، قىزدىن سۇ تەلەپ قىلدى . قىز دەررۇ سۇ ئېلىپ چىقتى ، سەئىـ

دىن شاھ سۇنى ئېلىپ ئىچمەكچى بولۇپ قارىغان ئىدى، سۇ لاي ئىكەن.
— ھەي قىزچاق، مېنى تونۇمىغانلىقىڭىز ئۈچۈن مۇشۇنداق لاي سۇ ئېلىپ چىقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى سەئىدىن شاھ.
— تۇرقىڭىزدىن پادىشاھتەك قىلىسىز. يىراق يەردىن كەلگەن ئوخشايسىز. سۈزۈك سۇ بەرسەم دەرھال ئىچىسىز - دە، زىيان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن لاي سۇ بەردىم. سۈزۈلگەندە ئىچكەيسىز، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.
بۇ سۆز پادىشاھقا ناھايىتى ياقتى - دە، ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئېيتتى. ئاندىن سۇنى سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىپ، يېنىپ ئۆز شەھىرىگە كەتتى. ئەتىسى تەختتە ئولتۇرۇپ:
— ئى ئەمىرالار، مەن بىر قىزنى كۆردۈم. ھۆسن - جامالى مىسلىسىز، ئەقىل - پاراسەتتە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەس. پۈتۈن جاھاننى ئاختۇرسا، ئۇنداق دانىشمەن ساھىبجامالدىن يەنە بىرسى تېپىلمايدۇ. مەن ئۇنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالدىم. ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ بەرگەيسىلەر، — دېدى.
شۇنداق قىلىپ، پادىشاھ مېھرانە ئىسىملىك ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ پادىشاھنى ھامىلدار بولدى. پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتتى، مېھرانە پادىشاھنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى، ئىسمىنى لەندىھۇر قويدى. سەئىدىن شاھ ئۆلگەندە ئورنىغا شەھاد شاھ تەختكە ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭمۇ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، مېھرانە بىلەن ئوخشاش كۈندە تۇغدى ۋە بالىسىنىڭ ئىسمىنى جەھاد قويدى. بۇ ئىككى بالا تەڭ تەربىيىلەندى. بالىلار بەش ياشقا كىرگەندە ئاۋۇال جەھادنىڭ ئايىغى چىقتى، لەندىھۇرنىڭ بولسا ئايىغى چىقمىدى. يېتىپ يەپ، ئورنىغا چىقىرىپ جاپا سالدى. ئىنىكئانىسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، لەندىھۇرغا بىر كاچات ئۇردى. لەندىھۇر قول ئۇزىتىپ، ئانىسىنىڭ پۈتىدىن تارتىپ بىر ئىتتىرىۋىدى، بېشى تامغا سوقۇلۇپ ئۆلدى. بۇنى كۆرگەن خالايىق قېچىپ بېرىپ شەھاد شاھقا مەلۇم قىلدى. شەھاد شاھ

شۇنداق يارلىق قىلدىكى :

— لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىپ پىل ئېغىلىغا تاشلاڭلار ، پىلنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئۆلسۇن .

لەندىھۇرنى تۇتۇپ كېلىپ پىلنىڭ ئايغىغا تاشلاشتى . پىل ئۇنى خارتومىغا يۆگەپ ئېلىپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى بولۇپ قانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ، لېكىن لەندىھۇر پىلنىڭ خارتومىدىن تۇتۇۋېلىپ ، خارتومىنى يۇلۇپ ئالدى . باشقا پىللار قاچتى . بۇ خەۋەر شەھاد شاھقا يەتكۈزۈلدى . شەھاد شاھ :

— ئۇنداق بولسا ، پىلمەھمۇدنىڭ ئالدىغا تاشلانسۇن ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى . لەندىھۇر پىلمەھمۇدنىڭ ئالدىغا تاشلاندى . پىلمەھمۇد پىللارنىڭ ئەڭ ۋەھشىيسى ئىدى . سەئىد شاھ ھايات ۋاقتىدا شۇ پىلنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى . بۇ پىل باشقا ھېچكىمنى يېنىغا يولاتمايتتى . لەندىھۇرنى ئالدىغا تاشلىغاندا ، ئۇنىڭدىن سەئىد شاھنىڭ پۇرىقى كەلدى . پىل بېرىپ پۇراپ بېقىپ ، خارتومىغا يۆگەپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئالدى ـ دە ، بارلىق پىللارنى ئالدىغا سېلىپ يۈرۈپ ، پۈتۈن شەھەرنى ۋەيران قىلدى . ئاندىن جاڭگىلى مازاندارانغا قاراپ ماڭدى . شۇ ماڭغانچە بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ جاڭگىلى مازاندارانغا يېتىپ كەلدى . تامام پىللار بۇ پىلنىڭ مەنزىل مەقامىغا كېلىپ ئىتائەتتە تۇردى . لەندىھۇر ھەركۈنى 5 — 10 پىلنى ئەمدى ، 12 ياشقا كىرگىچە پىللارنى ئېمىپ چوڭ بولدى . زېرىكسە پىللار بىلەن تۇتۇشۇپ ـ چېلىشىپ ئوينايتتى . كىچىك بالا بولغىنىغا قارىماي پىللارنى كۆتۈرۈپ 50 — 60 قەدەم يەرگە ئاپىرىپ دەسسىتىپ قويۇاتتى . چوڭ پىللار بولسا ، لەندىھۇرنى خارتومىغا يۆگەپ كۆتۈرۈپ دەسسىتىپ قويۇاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئاخىر ئۇ چوڭ پىللارنى كۆتۈرەلەيدىغان ، كىچىك پىللارنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالىدىغان بولدى .

جاڭگىلى مازاندارانىدا غوللار قەبىلىسى ياشايتتى . بۇ قەبىلىنىڭ ئاقساقىلى مەرزوق دەپ ئاتىلاتتى . سەئىدىن شاھقا ئىتائەت قىلاتتى .

بىر كۈنى مەرزوق بۇرادەرلىرى بىلەن ئولتۇراتتى ، شەھاد شاھتىن ھەيىيار كېلىپ ، قوينىدىن بىر پارچە نامەنى ئېلىپ مەرزوققا تۇتتى . نامە- نىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

« سىلەر بىزگە تەۋە ئىدىڭلار . سەئىدىن شاھتىن كېيىن ئەسلا كەلمىدىڭلار ، بىز ھەم سىلەرنى يوقلىيالمىدۇق . ھالا بىزنىڭ پىلمەھمۇد 400 پىل بىلەن بىر بالىنى جاڭگىلى مازانداران تەرەپكە ئېلىپ كېتىپتۇ . شۇنى بىزگە تېزراق ئەۋەتىپ بەرسەڭلار ، ناھايىتى زور دوستلۇق قىلغان بولاتت- تىڭلار » .

نامە بىلەن قوشۇپ يەنە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ، سوۋغا - سالام ئەۋەتىلگەن ئىدى .

غوللارنىڭ پالۋىنى زەبەردەست غوللاردىن تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى . كەلگەن ھەيىيارلارنى « قاچان خەۋىرىنى ئالالىساق تۇتۇپ ئاپىرىمىز » دەپ يولغا سالدى .

غوللار ئىزدەپ يۈرگەندە ، ئۇلاردىن بىرسى جاڭگالدا بىر ئوغۇل بالىنىڭ پىللار بىلەن چېلىشىپ ، پىللارنى ھاۋاغا ئېتىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . ئۇ بالا گاھىدا يوغان - يوغان دەرەخلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ ئويناپتتى . نۇرغۇن پىللار ئارىسىدا بەستى بىرقانچە پىلغا توغرا كېلىدىغان يوغان بىر پىل تۇراتتى . بۇ خەۋەر غوللارنىڭ ئاقساقىلىغا يەتتى . ئۇ شۇ ھامان 30 مىڭ غول بىلەن كېلىپ ، پىللارنىڭ چۆرىسىنى يەتتە قات قىلىپ قورشىۋالدى . پىلمەھمۇد دەرھال لەندىھۇرنى ئۈستىگە ئېلىپ يوغان بىر توپ چىنارنى يۇلۇپ بەردى . لەندىھۇر جەڭ قىلىشنى بىلمەيتتى . دۈشمەن ئۇمۇد ئۇرسا ، چىنارنى تۇتۇپ بەردى . ئۇدۇل كەلگەندە چىنار بىلەن ئۇردى . شۇنداق قىلىپ ، غوللارنىڭ پالۋانلىرى تەڭ كېلەلمىدى . ئاخىر غوللارنىڭ ئاقساقىلى مەرزوق مەيدانىغا چۈشتى . ئۇلار بىرقانچە كۈن

ئېلىشىپ لەندىھۇرنى پىلدىن يىقىتتى . لەندىھۇر يەرگە چۈشكەندىن كېيىن نەچچە كۈن چىلىشتى . ئاندىن ھىيلە بىلەن باغلاقا چۈشتى . غوللار لەندىھۇردىن سوئال سورىغان ئىدى ، ئۇ بىلمىدى . ئۇنى كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلىدى . قارىسا تېنىگە سەئىدىن شاھنىڭ مۆھرى بېسىلغان ئىكەن . بۇنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سەئىدىن شاھنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى ھەم ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن شەھاد شاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ ماڭدى .

لەندىھۇرنى ئېلىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرى شەھاد شاھقا يەتتى . بارلىق ئەمىر - ئەمىرالارنى يىغىپ مەرزوقنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپ تۇرغاندا ، شەھاد شاھنىڭ ئوغلى جەھاد كېلىپ :

— ئاڭلىسام ، لەندىھۇر كۈچتۈڭگۈر پالۋانمىش . مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش چوڭ بولدۇم . ئىجازەت بېرىلسە ، ئالدىغا بېرىپ ئېلىشىپ باقسام دەيمەن ، — دېدى . شەھاد ئوغلىنىڭ جاسارىتىدىن خۇشال بولۇپ ، لەشكەر قوشۇپ بەردى . جەھاد شەھەردىن چىقىپ ، لەندىھۇر كېلىدىغان يولنى توسۇپ تۇردى .

بىر كەمدە لەندىھۇر پىللارنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى . جەھاد لەندىھۇرنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ كۆپ پۇشايمان قىلدى . ئەمما ، پەرمان ئېلىپ كەلگەچكە ئارقىغا يانالمىدى - دە ، ئۇمۇدنى كۆتۈرۈپ لەندىھۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى . لەندىھۇرمۇ جەھادقا قاراپ يۈگۈردى . شۇنىڭ بىلەن جەھاد قاچتى ، لەندىھۇر مەرزوقنىڭ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ شەھەرنى ۋەيران قىلدى . شەھاد شاھنى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپ ، ئاتىسى سەئىدىن شاھنىڭ تەختىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ ئالدى .

شەھاد شاھ شەھەرنى قولدىن بېرىپ ، تۇرار جايى قالمىغاندىن كېيىن ، نۇشىرۋانغا مۇراجىئەت قىلىپ « بىر ئادەم پەيدا بولۇپ شەھىرىمىزنى ۋەيران قىلدى . لەشكەر تارتىپ مەملىكىتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغايسىز » دەپ نامە ئەۋەتتى . نۇشىرۋان بۇ نامەنى كۆرۈپ ، لەندىھۇرنى خەۋپ دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بولدى .

## نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغانلىقى

ئەلقىسسە : نۇشىرۋان ئەبۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئەبۇزەر جەمھۇرنى نامە بىلەن ماڭدۇرغاندا ، گۇستىھەم شۇئان نارازى بولۇپ :

— ئى پادىشاھىئالەم ، ئەگەر سىز ئەبۇلنى قايتۇرۇپ كەلسىڭىز ، مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن ، — دېگەن ئىدى .

— 10 ئىتتىن بىر بۆرە ئەلا ، — دېگەن ئىدى نۇشىرۋان ، — سىلەردەك پالۋانلارنىڭ مىڭىدىن ئەبۇلدەك بىرسى ياخشىدۇر ، ھازىرلا كەتكىن !

گۇستىھەم شۇ ھامان چىقىپ كەتكەن ئىدى .

ئەبۇل قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نۇشىرۋان :

— ھەي ئەبۇل ، سىزنى دەپ گۇستىھەمنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدىم ، ئەمدى بىر پالۋان ئازايدى ، — دېدى .

نۇشىرۋان بۇ گەپتىن كېيىن زىياپەت مەجلىسى ئېچىپ ، داڭلىق ئۇسسۇلچى ، سازەندىلەرنى كەلتۈردى ، ئەبۇلغا ئارقا - ئارقىدىن جاملار تۇتۇلدى . سازەندىلەرنىڭ كۈي ساداسى پەلەككە يەتتى . دەل شۇ چاغدا بەختەك شەھادىنىڭ نامەسىنى ئېلىپ كىرىپ نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا قويدى . پادىشاھ نامەنى ئېلىپ كۆرۈپ :

— ھەي بەختەك ، بۇ مۇھىم ئىشقا كىمنى قويساق بولار ؟ — دەپ سورىدى . بەختەك جاۋاب بېرىپ :

— ئى پادىشاھىئالەم ، ئىلگىرى گۆستىھەم بار ئىدى ، مۇھىم ئىش بولسا ، شۇ باراتتى . ئەمدى ئۇ ئورنىنى بوشىتىپ كېتىپ قالدى . كىمنى بۇيرۇشنى بىلەلمىدىم ، — دېدى . ئەبۇل دېدىكى :

— سىلەر بۇ ئىشتىن غەم قىلماڭلار ، گۆستىھەمنىڭ سەندىلىدە مەن ئولتۇرغان ئىكەنمەن ، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى مەن قىلىشىم كېرەك . گۆستىھەم كەتكەن بولسا ، بۇ مۇھىم ئىشقا مەن بارىمەن .

نۇشىرۋان ئەبۇلنىڭ سۆزىدىن خۇش بولۇپ :

— ئى ئوغلۇم ، ئەگەر سىز بېرىپ لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلسىڭىز ، مېھرىنىگارنى سىزگە بېرىپ ، سىزنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلىمەن ، — دەپ ۋەدە بەردى . خوجا ئابۇزەر ھاكىم پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىلتىپات ۋەدىسى ئۈچۈن يەرگە باش قويدى ، شادىيانە چالدۇرۇلدى . پۈتۈن شەھەر شادلىققا چۆمدى . خوجا ئەمرى بىلەن خوجا سەئىدنى چاقىرتىپ « ئىككىڭلار ھەممە شەھەردىن لەشكەر توپلاڭلار ، لەشكەرلەرگە ئىككى يىل يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك ، قورال - جابدۇق تەييارلاڭلار » دەپ بۇيرۇلدى . بۇ ئىككى پالۋان يۇرت - يۇرتلارغا بېرىپ لەشكەر ئالدى . خوجا ئەمرى بۇلاڭچىلىق بىلەن جابدۇق يىغدى ، كۆزى كۆرگەنلا نەرسىنى ئالماي قويمىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۈلار يېتەرلىك لەشكەر ، ئوزۇق - تۈلۈك ، قورال - جابدۇق تەييارلىۋالدى ، ھىندىستانغا قاراپ يۈرۈش قىلماق بولۇپ تۇرغاندا ، ئەبۇل خوجا ئابۇزەر ھاكىمنى چاقىرىپ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى . ئابۇزەر ھاكىم شۇئان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ماڭدى .

# نۇشىرۋاننىڭ مېھرىنىگار بىلەن ئەبۇلغا پۇرسەت بېرىپ شىكارغا كەتكەنلىكى

خوجا ئابۇزەر ھاكىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئى ھەپتەكىشۋەرشاھ ①، مېنىڭ بىر ئەرزىم بار ئىدى ، ئېيتاي دېسەم بېشىمدىن قورقىمەن ، — دېدى . پادىشاھ :

— قانداق ئەرزىڭىز بولسا ئېيتىڭ ، گۇناھىڭىزدىن ئۆتتۇم ، — دېدى .

— زور لەشكىرىي قوشۇنىمىز ھىندىستانغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ . ئەبۇل : « جەڭگە كېتىپ بارىمەن . جەڭدىن تىرىك قايتامدىمەن - يوق بۇنى بىلمەيمەن ، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مېھرىنىگارنى كۆرۈۋېلىپ يولغا چىقسام » دەپ ئىلتىماس قىلدى . ھەرنېمە بولسا ، شۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويمىساق ئوبدان بولاتتى .

— ئى خوجا ، — دېدى پادىشاھ ، — ئۇ ئەمدى بۇ سۆزنى تېپىپتۇ . ئەگەر بۇ ئىشنى غەيرىيلەر ئاڭلىسا « پادىشاھ ھەپتەكىشۋەر قىزىنى ئەبۇلغا بېرىپ تۇرۇپتۇ » دەپ گەپ تاپىدۇ ، مەن بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەلەيمەن ؟ نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ...

خوجا ئابۇزەر جەمھۇر دېدىكى :

ئى پادىشاھ ئادىل ، ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز ، بۇ ئىشنى

---

① ھەپتەكىشۋەرشاھ — يەتتە ئىقلىم پادىشاھى دېگەن مەنىدە . نۇشىرۋان شۇ نام بىلەنمۇ ئاتىلاتتى .

ھېچقانداق گەپ ـ سۆز چىقمايدىغان قىلىش ئاساندۇر . لەشكەرلەر يۈرۈش ئالدىدا تۇرغاندا ، ئەبۇلنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ بولماس .

ــ قانداق قىلساق ، ئىشنىڭ يولى ئاسان بولىدۇ ؟ ــ نۇشىرۋان سورىدى . خوجا ئابۇزەر جەمھۇر جاۋاب بەردىكى :

ــ ئى پادىشاھ ئادىل ، سىز بۇ ئىشنى ئوردا خېنىملىرى بىلەن ئۆي قىزلىرىغا جېكىلەپ قويۇپ ، ئەبۇلئەلى بىلەن خوشلىشىپ ، 40 كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كەتسىڭىز ، قالغان ئىشلارنى ئوردىدىكى مەزلۇملار بەجا كەلتۈرەلەيدۇ . بۇنداق ئىشلارغا مەزلۇملار ناھايىتى ماھىر كېلىدۇ .

بۇ گەپ بىلەن نۇشىرۋان ئەبۇلئەلىنى مېھرىنىگار بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ھەققىدىكى سىرلارنى ئوردا مەزلۇملىرىغا جېكىلەپ قويۇپ ، باشقا ئىشلارنى خوجا ئابۇزەر ھاكىمغا تاپشۇرۇپ ، 40 كۈنلۈك ئوۋغا چىقىپ كەتتى . ئابۇزەر ھاكىم بۇ خۇش خەۋەرنى ئەبۇلغا يەتكۈزدى . خانىش ئوردا قىزلىرى ئارقىلىق مېھرىنىگارغا يەتكۈزۈپ ، ئەبۇلنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى . ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋىسال تەشنالىق كۈنلىرى تۈگەپ ، مۇراد ھاسىل قىلىش كۈنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشتى . مېھرىنىگار ئالىي سەرپايلارنى كىيىپ ، زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپ ئەبۇلنى كۈتۈپ ئولتۇردى .

ئەبۇل دەرۋازىغا كەلگەندە ، مېھرىنىگارغا خەۋەر يەتتى . ئۇ شۇئان ئەبۇلنىڭ ئالدىغا چىقتى . ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ئولتۇردى . شۇئان زىياپەت ھازىرلاندى ، ساقىيلار ئالتۇن جاملارنى تولدۇرۇپ مەيلەر قۇيۇشقا باشلىدى . خۇش ئاۋاز ناخشىچىلار سازلارغا كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتاتتى . چاڭ ، باربەت ، قالۇنلارنىڭ ئاۋازى ناخشا ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ بەزمە سورۇنىنى چاڭ كەلتۈردى . ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرلىرىگە مۇڭ ـ دەردلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ ۋىسال شادلىقىغا چۆمدى . بېيىت ـ قوشاقلار ئوقۇشتى . ئەبۇل تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇغان ئىدى ، مېھرىنىگارنىڭ

كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلدى .

نەزم

كىچىلەر ئىشقىڭدا جانان ، تا سەھەر بىدارىمەن ،
بۇلبۇلى ئاشۇفتە ① يەڭلىغ گۈل يۈزىگە خارىمەن .
ئىشقىڭىزدا زار يىغلاپ ئۇل خۇداغا يالۋۇرۇپ ،
خەلق ئاراسىدىن چىقىپ بىر كۇشەدە ② يىغلارمەن .

بۇ نەزمنى ئاڭلاپ مېھرىنىگار كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى :

نەزم

نەچچە كۈندىن بىر سېنى دەپ دادى پىنھان يىغلىدىم ،
مەن چىقىپ ئىزدەي دېسەم ، نەدىلىكىڭنى بىلمىدىم .
كۆرگىلى سېرىق يۈزۈمنى ھاجىتى ئىزھار ئەمەس ،
ئەمدى ئايرىلساڭ مېنىڭدىن نە قىلارنى بىلمىدىم .

شۇنداق قىلىپ ، بۇ مەجلىس ناھايىتى قىزغىن ئۆتتى ، پەرىلەر-نىڭمۇ رەشىك قىلغۇسى كەلدى . ئەمما ، سازەندىلەر ئارىسىدا بىر ساتارچى قىز بار ئىدىكى ، ھۆسن - جامالى خېلى - خېلى گۈزەللەردىن قېلىشمايتتى . خوجا ئەمرى بۇ قىزغا بېقىپ ، بىر بارمىقىنى ھۆل قىلىپ يەنە بىر بارمىقىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ تەكرارلىدى . بۇنى كۆرۈپ قىز ساتارىنى تاشلىۋەتتى . ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى . ئەبۇل خوجا ئەمرىدىن :

— ھەي ئەمرى ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئەمرى دېدىكى :

① ئاشۇفتە — شەيدا ، ئاشىق دېگەن مەنىدە .

② كۇشە — بۇلۇڭ - پۇشقاق .

— ساتارىڭىزنىڭ قولىقى بوشاپ كېتىپتۇ. قولاقنى ئاغزىڭىزدا ھۆلدەپ، چىڭراق تىقىسىڭىز، ئوبدان سادا بېرىدۇ، دەپ ئىشارەت قىلسام ئۇقمىدى، — دېدى. غەزەلچى قىزلارنىڭ ھەممىسى غەزەلدىن توختىدى. خوجا ئەمرى سازنى ئۆزى چالدى. 32 مۇقام، 24 شۆئبەنى ۋايىغا يەتكۈزدى. بۇ نەغمىنىڭ ساداسىدىن ھەممە ئادەم ھەيران قالدى.

ئەلقىسسە: سۆھبەت يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. خوجا ئابۇزەر ھاكىم سۆھبەت مەيدانىغا كىرىپ: «بىر ئىشقا قەدەم قويغۇچى كىشى ھايال بولغۇلۇق ئەمەس، شۇنچە ئولتۇرغىنىڭلارمۇ يېتەر» دېگەندىلا، ئەبۇل مېھرىنىگار بىلەن خوشلىشىپ، ئابۇزەر ھاكىمنىڭكىگە چىقتى. ئەبۇل، ئەمرى، مۇقبىلدىن باشقىلار تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. بۇلار كۆپ نەسىھەت بىلەن يولغا سېلىندى.

نۇشىرۋاننىڭ زور قوشۇنى ئۈچ پەرزەنتىنىڭ باشچىلىقىدا مەداينىدىن چىقىپ ھەيۋەت بىلەن كېتىپ بارغاندا، ئايغاقچى كېلىپ: «گۇستىھەم كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ دەريايى شورغا كەلگەندە كېمىچىلەر يوق ئىدى. كېمىلەر ۋەيران قىلىنىپ، ئادەملەر قوغلىۋېتىلگەن ئىكەن. لەشكەرلەر دەريادىن ئۆتەلمىدى. خوجا ئەمرى كېمە تېپىپ كېلىشكە ماڭدى. ئۇ بىر باياۋاندا كېمە ئىزدەپ يۈرەتتى، بىر كۆل كۆرۈندى، كۆلنىڭ لېۋىدە بىر ئۆي تۇراتتى. ئەمرى ئۆيگە كىردى. ئۆيدە بىر بوۋاي ئولتۇراتتى.

— سەن كىم؟ — سورىدى خوجا ئەمرى.

— مەن كېمىچىلەرنىڭ ئاقساقىلى بولىمەن، — دېدى بوۋاي جاۋاب بېرىپ، — سىلەردىن بۇرۇن پادىشاھ ئادىلنىڭ پالۋانلىرىدىن گۇستىھەم كېلىپ: «ئارقامدىن لەشكەر كېلىدۇ، ئۇلار كەلسە سىلەرگە كۈلپەت سالىدۇ. دەرھال بىر تەرەپكە بېرىپ يوشۇرۇنۇۋېلىڭلار» دېگەن ئىدى، باشقا كېمىچىلەر باشقا تەرەپلەرگە كەتتى. مەن ھېچ يەرگە بارالماي، بۇ يەردە ياتتىم، — دېدى.

— باشقا كېمىچىلەرنى دەرھال يىغقىن، — دېدى خوجا ئەمرى

بوۋايغا ، ــــ ئىنئام بېرىمىز .

شۇنداق قىلىپ ، ھەممە كېمىچىلەر يىغىلدى . خوجا ئەمرى بولغان ۋەقەنى ئەبۇلغا سۆزلەپ بەردى . ئەبۇل ئويلاپ كۆرۈپ ، نۇشىرۋاندىن گۇمان قىلدى .

كېمىچىلەرنىڭ ھەممىسى توپلاندى . ئۇلارغا ئىنئاملار بېرىلىپ ، لەشكەرلەر كېمىلەرگە جايلاشتۇرۇلدى . كېمە كېتىپ بارغاندا ، بىردىنلا بوران چىقىپ كېمىلەرنى بىر قايىنامغا تىقىۋەتتى . لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى . بىر چاغدا قارىغۇدەك بولسا ، بوران كېمىلەرنى ئىنتىرىپ مىل ① ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ . مىلنىڭ تۆپىسىگە دەسلەپ قىلىپ خەنجىرىگە ئېسىلىپ يۇرۇپ ئەبۇل چىقتى ، ئارقىدىن خوجا ئەمرى چىقتى . مىلنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزى مىلدىكى خەتلەرگە چۈشتى . ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى : «ھەركىم بۇ مىلغا چىقىپ ئىسكەندەر دۇمبىقىنى چالسا ، سۇدىكى لەھەڭلەر ئويىنىشار ، ئىككىنچى قېتىم چالغاندا ، سۇ مىلنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقار ، ئۈچىنچى قېتىم چالغاندا مىل پەسلەپ سۇ يۈزى بىلەن تەڭ بولۇر . شۇ ھامان مىلدىكى كىشى چۈشۈپ كەتسۇن . ئەگەر بۇ چاغدا چۈشمىسە ، كېمە يۇرۇپ كېتىپ مىلدىكى كىشى قېپقالىدۇ» . ئەبۇل دۇمباقنى ئۈچ قېتىم چالدى . سۇ مىل بىلەن تەڭ بولدى . ئەبۇل قىرغاققا چىقىۋالدى . خوجا ئەمرى ئاچ كۆز ، قولى تۇتقاق ئىدى . ئەبۇل ئۇنى : «تېز چۈشۈڭ» دەپ چاقىردى . خوجا ئەمرى : «دۇمباقنى ياغاچ چوكىدا چالسىمۇ بولىدۇ ، بۇ ئالتۇن چوكىنى مەن ئېلىۋالاي» دەپ ، ئالدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى . ئەبۇل ئۇنى گەپكە كىرگۈزۈپ بولغۇچە كېمە 40 پەرسەڭ ② يەرگە يەتتى . بۇنى كۆرگەن ئەبۇل بۇرادىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا كۆپ ئەپسۇسلار قىلىپ ، يولىغا راۋان بولدى . ئۇ بىرقانچە كۈندىن كېيىن دەريادىن چىقىپ ، بىر جەزىرىگە يېتىپ كەلدى . «خوجا

① مىل ــــ مۇنار ، قۇببە ، خادا ، ئېگىزلىك .

② 40 پەرسەڭ ــــ ئۈزۈنلۈق بىرلىكى ، بىر پەرسەڭ 6.24 كىلومېتىرغا تەڭ .

ئەمرى بۇ كەمگە ئۆلگەندۇ » دەپ ئويلاپ ، كۆڭلى بەك يېرىم بولدى .
خوجا ئەمرى مىل ئۈستىدە يەتتە كۈن تۇردى . تىرىك قېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى ، قۇۋۋىتى كەتتى ، « ئەمدى ئۆلدۈم » دەپ ئېڭەكلىرىنى قوشۇپ ياتتى . كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى ، شۇنداق بىر چۈش كۆردىكى ، چۈشىدە يېنىغا بىر بوۋاي كېلىپ « ئورنىڭدىن تۇر » دېگۈدەك . خوجا ئەمرى « سەن نېمە ئادەم ؟ ئەگەر ئەزرائىل بولساڭ ، يېگۈدەك بىرنەرسە ئېلىپ كېلىپ قورسىقىمنى تويغۇزۇپ ، ئاندىن جېنىمنى ئالغىن . نان بەرمىسەڭ جېنىمنى بەرمەيمەن . ئەگەر خىزىر بولساڭ ، كۆزۈمنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ، مېنى ئۆزۈڭ تۇرغۇزغىن » دېگۈدەك . ئۇل بوۋاي « مەن خىزىر بولىمەن » دېگۈدەك . خوجا ئەمرى « ئەگەر خىزىر بولساڭ ، سەن دېگەن ئاچلىق ، ئۇسسۇزلۇق ، تەڭلىكتە قالغان خەلق ئۈچۈن يارىتىلغان . مەن بۇ يەردە ئاچلىق ۋە تەشنالىقتىن ئۆلەي دەپ ياتسام ، نېمە ئۈچۈن ئاللانىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ مېنى قۇتۇلدۇرمايسەن ؟ » دەپ قولىغا خەنجەر ئالغانمىش . بوۋاي نان ، سۇ ئەكېلىپ بېرىپتۇ . خوجا ئەمرى يەنە « ھەي بوۋاي ، مەن بۇ ئالتۇن چوكىنى ئالىمەن دەپ بۇرادەرلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم ، دۇمباق دېگەننى ئالتۇن چوكىدا ئەمەس ، ياغاچ چوكىدىمۇ چالغىلى بولىدۇ . ئالتۇن چوكىنى ماڭا ئېلىپ بېرىپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويۇڭ » دەۋاتقۇدەك . بوۋاي يېنىدىن باشقا بىر ئالتۇن چوكىنى ئېلىپ بېرىپتۇدەك ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويۇپتۇدەك . خوجا ئەمرى بوۋاينىڭ پېشىدىن تۇتۇۋېلىپ « ئەمدى مېنى بۇرادەرلىرىمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭ » دەپ تۇرۇۋاپتۇ . بوۋاي ئۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا غايىب بولۇپتۇ . خوجا ئەمرى ئويغىنىپ قارىسا ، ئۆزى بىر قۇرۇقلۇققا چىقىپ قاپتۇ . بوۋاي بەرگەن ئالتۇن چوكا يانتاقنىڭ يىلتىزى ئىكەن .

خوجا ئەمرى چۈشىدىكى بوۋاينى تىللاپ ، بۇرادەرلىرىنى ئىزدەپ ماڭدى .

ئەمدىكى گەپنى ئەبۇل تەرەپتىن ئاڭلايمىز . ئۇ خوجا ئەمرىنى

ئۆلدى دەپ ئويلاپ ، نەزىرىسىنى بەردى . دەل نەزىر كۈنى خوجا ئەمرى پەيدا بولۇپ قالدى ، ئەمما ھېچكىمگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇپ يۈردى . «مېنى ئۆلدى دەپ بۈگۈن نەزىرەمنى بېرىپتۇ ، مەن خوجا ئەمرىنىڭ روھى بولۇپ بۈگۈن كېچە ئاز - تولا پۇل تېپىۋالاي » دەپ ئويلاپ ، تۈن يېرىمى بىلەن بارگاھقا كەلدى - دە ، ئۈنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ، تۈڭلۈكتىن بېشىنى تىقتى . ئەبۇل :

— كىم سەن ؟ — دەپ توۋلىدى . خوجا ئەمرى :

— مەن خوجا ئەمرىنىڭ روھى بولىمەن ، — دېدى .

— نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇل .

— بۇ ئالەمدە ئەلنىڭ پۇلىنى تولا ئېلىپ قەرزدار بولۇپ قالغان ئىكەنمەن ، پۇلسىراتتىن ئۆتكىلى تەمشىلىپ تۇرسام ، ھايات ۋاقتىمدا مەن ئالتۇنىنى ئېلىۋالغان بىر تۇل خوتۇن كېلىپ : « ئالتۇنۇمنى بەر » دەپ ئېسىلىۋېلىپ ئۆتكىلى قويمىدى . شۇڭا ، قەرزدىن خالاس قىلارمىكىن دەپ سېنىڭ يېنىڭغا كەلدىم ، — دېدى . ئەبۇل ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ھەميان ئەشرەفى ① ئېلىپ ، كەمىرىگە باغلاپ سۇنۇپ بەردى . ئەمرى ئۇنى تۈڭلۈكتىن تارتىۋېلىپ ، ئۆگزىدىن چۈشتى - دە ، خوجا مۇقبىلنىڭ يېنىغا بېرىپ يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلىدى . مۇقبىل 500 ئەشرەفى بەردى . مەئدىنىڭ قېشىغا بارغان ئىدى ، مەئدى : « پۇل تىرىكلەرگە لازىمدۇر ، ئۆلۈككە نېمە كېرىكى ؟ يوقال ! » دەپ كالتەك ئاتتى . ئاڭغىچە تاڭمۇ يورۇپ قالدى . ئەتىسى پالۋانلار ئەبۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ : « بۈگۈن كېچە خوجا ئەمرىنىڭ روھى كەلدى ، مىلىنىڭ تۆپىسىدە ئۆلۈپتۇ . بىر مەزلۇمنىڭ ئالتۇنىنى ئېلىۋالغان ئىكەن ، ئېسىلىۋېلىپ پۇلسىراتتىن ئۆتكىلى قويماپتۇ ، ئۇنىڭ روھى خىجالەت بولۇپ ، پۇل تىلەپ كەپتۇ » دېيىشىپ تۇرغاندا ، ئەبۇلغا « ئادەم كەلدى » دەپ خەۋەر يەتتى ، كەلگەن ئادەم خوجا ئەمرى ئىدى .

ئەلقىسسە : نۇشىرۋانىڭ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئەبۇل ،

---

① ئەشرەفى — ئۇششاق ئالتۇن پۇل .

ئەمرى ، مۇقىبىللارنىڭ باشچىلىقىدا داۋاملىق ئىلگىرىلىدى . ئۇلار سەرەن-دىپكە بېرىشنى لايىق كۆرگەن ئىدى . كېمىچىلەرنى يىغىپ ، ئۇلارغا ئىنئاملار بېرىپ ، قايسى تەرەپتىن يېقىنراق بولسا ، شۇ تەرەپكە باشلاشنى تەلەپ قىلدى . كېمىچىلەر ھەممە كېمىلەرنى يىغىپ ، يېقىن يول بىلەن باشلاپ ماڭدى . ئەبۇل بىر كېمىدە ئولتۇردى . پالۋانلار بىر كېمىدە ئول-تۇردى . لەشكەرلەر باشقا كېمىلەردە ئولتۇردى . كېمىچىلەر كېمىلىرىنى بولۇشىچە سۈرۈپ ، بىرقانچە كۈندىن كېيىن سەرەندىپنىڭ جەزىرىسىگە يېتىپ كەلدى . ئۇلار كېمىلەردىن چۈشۈپ ، جەزىرىنى تاماشا قىلماقچى بولغان ئىدى ، كېمىچىلەر توستى .

— ئۇياققا ماڭماڭلار ، بۇ يەرنىڭ تاماشا قىلغۇچىلىكى يوق . ئەگەر بىرەر زىيانلىق نەرسە ئۇچراپ قالسا ، سىلەرگە زەخىم يەتكۈزۈپ قو-يىدۇ ، — دېدى . ئەمما ، پالۋانلار : « دەرەخلىرى كۆكىرىپ يېشىللىققا ئايلىنىپتۇ ، بېرىپ تاماشا قىلىۋالايلى » دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى . ئاخىر ، پالۋانلار كېمىدىن چۈشتى ، لەشكەرلەر كېمىدە تۇرۇۋەردى . پالۋانلار جەزىرىگە كىرىپ بىر يەرگە بارغاندا كۆردىكى ، ئۇ يەر ياپيېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان ، ئورمانلىقتا بىر كۆل بولۇپ ، سۈيى سۈپسۈزۈك زۇمرەتتەك تۇرۇپتۇ . ئۇلار بېرىپ سۇدىن قانغىچە ئىچىشتى . ئاندىن سا-يىداش ئۈچۈن دەرەخ تۈۋىگە كەلدى . ئەبۇل دەرەخلەر ئارىسىدا بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى .

— ھەي ، نېمە ئادەمسەن ؟ بۇ ۋەيرانىلىقتا نېمە ئىش قىلى-سەن ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇل . ئۇ ئادەم :

— مەن مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان ئادەم ، — دەپ دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ ، ئەبۇلنىڭ بويىنىغا مىنىپ ، پۇتلىرىنى چىرمىۋالدى . ئەبۇل ھەرقانچە قىلىپمۇ رودىپايدىن ئاجرىيالمىدى . رودىپاي پۇتلىرىدا ئەبۇلنى تېپىپ تېز مېڭىشقا قىستىدى . ئەبۇل : « يارانلىرىم قېشىغا بارسام ئېھتىمال مېنى بۇ بالادىن خالاس قىلار » دەپ ئويلاپ ، رودىپاينى بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرگىنىچە يارانلىرى يېنىغا كەلگەن ئىدى ، كۆردىكى ، ئۇلار-

نىڭ بوينىغىمۇ رودىپايلار مىنىۋاپتۇ . رودىپايلار نەنى خالىسا ، شۇ يەرگە كۆتۈرۈپ ئاپارماي چارە يوق ئىدى . رودىپايلارنىڭ شەكلى ئادەمگىلا ئوخشايتتى ، پۇتلىرى بولسا يۆگىمەچتەك چاپلىشاڭغۇ ، ھەيران قالارلىق ئىدى . ئۆزى ئاجرىمسا ، ئۇلارنى ئاجرىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ھەر-بىرى 100 مىڭلىغان لەشكەرگە تېتىيدىغان پالۋانلار رودىپايلارنىڭ قولىدا بىچارە بولۇپ قالدى . ئۇلار ئادەملەرنى ئات قىلىپ ، بىقىنلىرىغا تېپىپ ، بىر - بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ : « سېنىڭ ئېتىڭدىن مېنىڭ ئېتىم يۈگۈرۈك » دېيىشىپ ، بىر - بىرىدىن كۆرەڭلەيتتى . ئۈچ كۈنگىچە مۇ-شۇنداق بولدى . تۆتىنچى كۈنى بىر يەردە سۇغا ئۈزۈم تۆكۈلۈپتۇ ، ئاپتاپتا قاينىغىلى تۇرۇپتۇ . ئەبۇل بۇنى كۆرۈپ ، بوينىدىكى رودىپايغا :

— سەن مېنى ئولتۇرغىلى قويغىن . بىرئاز سۇ ئىچىۋالسام قۇۋۋەت تاپىمەن . ئۇ چاغدا يۈگۈرتسەڭ ، ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتەلمەيمەن ، — دېدى . رودىپاي ئۇنىمىدى . ئەبۇل يەنە :

— بۇ سۇ ئەمەس مەيدۇر ، ئەگەر سەن ئىچىدىغان بولساڭ ، سې-نىڭ پۇتلىرىڭمۇ مېنىڭكىدەك بولىدۇ ، — دېدى .

— ئۇنداق بولسا سەن ئاۋۋال ئىچكىن ، — دېدى رودىپاي . ئەبۇل بۇ سۇدىن ئىچكەن بولۇپ ، ئارقىدىن رودىپايغا ئىچۈردى . رودىپاي مەست بولدى ۋە پۇتلىرى بوشىدى . ئەبۇل رودىپاينى بوينىدىن چۈشۈرۈپ ، سۇغا تاشلاپ راسا ئۇرۇپ ، ئۇستىخانلىرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتتى . ئاندىن قولىغا خەنجەر ئېلىپ يارانلىرىنىڭ بوينىغا چاپلىشىۋالغان رودىپايلارنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپ ، يارانلىرىنىمۇ خالاس قىلدى . ئۇ يەردىن يەنە يولغا چىقىپ بىرقانچە مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن ، سەرەندىپ تېغىغا يەتتى .

# نۇشىرۋاننىڭ ھىندىستاننى ئېلىپ، لەندىھۇرنى ئەل قىلغانلىقى

« نۇشىرۋان لەشكەرلىرى دەريادىن ئۆتۈپ سەرەندىپ يولىنى تۇسۇپتۇ » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان لەندىھۇر ھىندىستان كاتتىلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قۇردى، ھىندىستانغا تەۋە 440 شەھەر، 12 مىڭ جەزىرىگە نامە ئەۋەتتى. نامە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

> « سەرەندىپكە نۇشىرۋاندىن لەشكەر كەپتۇ. دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپتۇ، سىلەر ھايال بولماي كېلىڭلار. شەھەردىكى مەردان جېڭگىلەرنى، شىرمەستلەرنى، كارزار پىللارنى، جەزىرىدىكى غول ئەھرىمەنلەرنى، گىلەمقۇلاقلارنى، زەنجىرخورلارنى، چاھاردەست ۋە يەكدەست ئاتەشخورلارنى ئېلىپ كېلىڭلار ».

شەھاد شاھ ھىندىستاننىڭ ئۆزىگە تەۋە شەھەر، جەزىرىلەرگە نامە ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ نۇشىرۋان قوشۇنلىرىغا قېچىپ كەلدى ھەم بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى نۇشىرۋانغا سۆزلەپ بەردى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان نۇشىرۋان تەرەپ جەڭ ھالىتىدە تەييارلىنىپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار بىر يەرگە كەلگەندە، لەندىھۇرنىڭ مەشىق مەيدانى ئۇچرىدى. ئۇ يەردە لەندىھۇرنىڭ كۆتۈرۈپ ۋە ياكى ئاسمانغا ئېتىپ ئوينايدىغان تۈرلۈك مەشىق قوراللىرى تۇرۇپتۇ. پالۋانلار ئۇ قوراللارنى مىدىرلىتالمىدى، بىر-

قانچىسى تەك كېلىپمۇ ئورنىدىن قوزغىتالمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەندىشىگە چۈشتى . ئاخىرىدا ئەبۇل كېلىپ ، لەندىھۇر كۆتۈرۈپ ئويناي-دىغان ساقىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ، يەنە ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويدى ، ئەمما پالۋانلارنىڭ ئۇرۇشتىن رايى يېنىپ بولغان ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئەبۇلغا :

— بىز لەندىھۇر بىلەن ئۇرۇشقىچە ، ئارقىمىزغا يېنىپ نۇشىرۋان بىلەن جەڭ قىلايلى ، ئۇنداق قىلمىساق ، لەندىھۇر بىلەن قىلىدىغان بۇ جەڭدە تىرىك قايتىشىمىز مۇشكۈل ئوخشايدۇ . مېھرىنىگار ئۈچۈن تۆ-كۈلگەن قان بىكار كېتىدۇ . خوتۇننى دەپ جاننى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىلەن ، ھېچقانداق خوتۇن ئۆلۈكنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ھەمراھ بولمايدۇ ، مەن ئۈچۈن ئۆلۈپتۇ دەپ ، ئۈچ كۈندىن زىيادە قارىلىق تۇتـ-مايدۇ ، — دەپ تۇرۇۋالدى .

ئەبۇل پالۋانلارغا :

— ئى بۇرادەرلىرىم ، بۇنداق نومۇسقا قالىدىغان خىياللارنى قىلماڭلار . جەڭدىن قورقۇپ قاچقان بىلەن ، بۇ جاھاندا قانداقمۇ باش كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇن !؟ — دېدى . شۇنداق قىلىپ ، سەپنىڭ ئالدىدا مۇقەددىمە قوشۇن ، ئارقىدىن زور قوشۇن سەرەندىپكە راۋان بولدى .

لەندىھۇر قوشۇنىمۇ شەھەردىن چىقىپ ، ئۈچ كۈنلۈك يەرگە كېلىپ توختىدى . ئۇلار شۇنداق ھەيۋەتلىك بارگاھ راسلىدىكى ، ھېچ-قانداق پادىشاھ بۇنداق قىلىپ باقمىغان ئىدى . چوڭ مەيدانغا توققۇز قورۇق راسلىدى . قورۇقنىڭ ھەربىر توسىقىغا پالۋانلارنى قويدى ۋە كۆل قازدۇردى . كۆلگە ئادەمخورلاردىن لەھەڭ ، تىمساھ قاتارلىقلارنى سالدى . شىر ۋە مەست پىللارنى ئېلىپ كېلىپ باغلاپ قويدى . زەنجىرخور ۋە ئا-تەشخورلارنى ئورۇنلاشتۇردى . زەنجىرخورلار تۆمۈرنى ناۋات چاينىغاندەك چاينايتتى ، ئاتەشخورلار چوغنى ئاش - نان يېگەندەك يەيتتى ، گىلەمقۇلاقلار بىر قۇلىقىنى ئاستىغا سېلىپ ، بىر قۇلىقىغا يۆگىنىپ ئول-تۇراتتى . پىلقۇلاقلارنىڭ ھەربىر قۇلىقى ئۆيدەك يوغان ئىدى .

لەندىھۇر يەنە تاماشا ئۈچۈن بارگاھنى ئالتۇن بىلەن بېزىدى. ئاپتاپ چىقسا، ئالتۇننىڭ شولىسى بىر كۈنلۈك يەرگە يېتەتتى. بۇ بارگاھنىڭ تۆپىسىگە بىر ئالتۇن بېلىق ئورناتتى. بېلىق قاسراقلىرىنىڭ ئورنىغا جاۋاھىراتلارنى ئورناتتى. لەندىھۇر ھەركۈنى ئۇلارنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى لەندىھۇر بارگاھنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى، بىردىنلا مەيدانىن تەرەپتىن تۇغ - ئەلەملەر پەيدا بولدى. تۇغ - ئەلەملەر يېقىنلاشقانسېرى چاڭ - توزان پەسىيىپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىن 80 ئەلەم زاھىر بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇمۇدبەردار پالۋانلار ئىدى. بۇلاردىن بىرسى ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي سەرەندىپ خەلقى، سىلەر كىم بىلەن جەڭ قىلماقچى؟ مەداين لەشكەرلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالىسىلەر. ھېلىھەم بولسىمۇ قىلىچنى تۇغرا چىشلەپ، ساداقلىرىڭلارنى بوينۇڭلارغا ئېسىپ، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىڭلار! گۇناھىڭلارنى نۇشىرۋاندىن تىلەپ بېرەي، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

لەندىھۇر نۇشىرۋاننىڭ لەشكەر بېشى ۋە تەربىيىلەپ باققان ئوغلى ئەبۇلئەلىنى كۆردى. ئەبۇل بېشىغا تاج كىيىپ، ئېتىنى زەر يوپۇق بىلەن يوپۇقداپتۇ. ئوڭ تەرىپىگە شەمشەر، سول تەرىپىگە خەنجەر ئېسىپتۇ. ئىككى يېنىدىكى 400 دىن پالۋان تەنتۇر ① كىيىپتۇ. خوجا ئەمرى باشلىق 400 ھەييارنىڭ ھەممىسى زەردىن لىباسلار كىيىپ، خەنجەر ئېسىشقان ئىدى. بۇلار سەپ ئالدىدا موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسىتىپ مېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن 400 نەپەر تىرە ئەنداز مۇقىبىل باشچىلىقىدا ئالدىغا ئۆچىرىغان قارا چۇمۇللەرنىڭ كۆزلىرىگە نەشتەر ئۇرۇپ چېنەپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرلىرىنى كۆرۈپ، ئۆز بارگاھلىرىغا يېنىشتى. ئەبۇل ئاتتىن چۈشۈپ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بارگاھقا كىردى. ئۇ بىردەم ئول-

① تەنتۇر — بەدەننى شەمشەر زەربىسىدىن ساقلايدىغان گىرەلىك تۆمۈر كىيىم (ساۋۇت).

تۇرغاندىن كېيىن :

— لەندىھۇرنىڭ ئالدىغا بارالىغۇدەك پالۋان بارمۇ ؟ — دەپ سو-رىدى . ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى . ئىككىنچى قېتىم سورىغان ئىدى ، خوجا ئەمرى ئورنىدىن قوپۇپ :

— يا ئەبۇل ، ئەلچىلىككە مەندىن مۇۋاپىقراق ئادەم يوقتۇر . لەندى-ھۇرنىڭ دەبدەبىسىنى مەن بېرىپ بىر پۇل قىلىۋېتىمەن . باشقا كىشى كىرسە خەتەرلىكتۇر ، — دەپ نامەنى ئېلىپ راۋان بولدى .

« نۇشىرۋان لەشكەرلىرىدىن ئەلچى كەپتۇ » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ لەندىھۇر يارلىق قىلدى :

— ئەلچىنى قىيناپ ئېلىپ كىرىڭلار !

پالۋانلارنىڭ ھەممىسى دەبدەبە بىلەن كېلىپ قوۋۇق دەرۋازىسىنى قورۇقداپ تۇردى . ئۇلار ئەلچىنى كۈتۈپ تۇرۇشقان ئىدى . توساتتىن ، يىراقتا بىر پىيادە كىشى پەيدا بولدى . ئۇ كىشى سورىغان سوئالغا جاۋاب بەرمىدى ، بىر موللاق بىلەن يەتتە دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، لەندىھۇر بارگاھى-نىڭ ئالدىغا چۈشتى . بۇنى كۆرگەن خالايىق ھەيران قالدى . بۇنداق ئادەمنى ئۇلار زادىلا كۆرمىگەن ئىدى . شۇڭا ، ھەممەيلەن كۈلۈشتى . خەۋەرچىلەر لەندىھۇرنىڭ ئالدىغا كىرىپ : « بىر ئادەم كەپتۇ ، بۇنداق ئادەمنى ھېچ كىشى كۆرمىگەن بولغىيتتى . ئۇنى كۆرگەن ئادەم كۈلمەك-تىن باشقا ئىلاج تاپالمايدىكەن » دېدى .

لەندىھۇر : « ئۇنى ئېلىپ كىرىڭلار » دەپ بۇيرۇدى . ئۇ ئادەمنى ئېلىپ كىرىشتى . بۇ ، خوجا ئەمرى ئىدى . خوجا ئەمرى تەزىم قىلدى . لەندىھۇر كۆرۈپ كۈلگىلى تۇردى . خوجا ئەمرىنىڭ بېشى جۇز ھىندىگە ئوخشايتتى . بوينى ئالما ساپىقىدەك ، قورساقلىرى تاۋۇزنىڭ شاپىقىدەك ، پۇتلىرى كېۋەزنىڭ شادىسىدەك ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى 12 يېرىم گەز ، يوتىسى ئۇزۇن ، پاچىقى كالتە بولۇپ ، موللاق ئېتىپ ئويۇن كۆرسەتسە ، بارماقلىرى بىر - بىرىگە تېگىپ ئاۋاز چىقىراتتى . ئەمرى نامەنى تۇتۇپ بەردى . لەندىھۇر نامەنى ئېلىپ كۆرۈپ ، گەپ قىلماي تىزىنىڭ ئاستىغا

باسۇرۇپ قويۇپ ، خوجا ئەمرىگە قاراپ يەنە كۈلگىلى تۇردى .
لەندىھۇرنىڭ كۈلگىنىگە خوجا ئەمرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى ـ دە ، قولىغا توقماقنى ئېلىپ :

— ھەي مەسخىرىۋاز ، نېمىگە كۈلىسەن ؟ نامەنىڭ جاۋابىنى بەر ، — دەپ لەندىھۇرنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى ، دەم ئۇيان ، دەم بۇيان سەكرەپ يۈرۈپ ئۆلارنى ھەيران قالدۇردى . لەندىھۇرنىڭ بېشىغا يەنە توقماق تەگكەن ئىدى ، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى . خوجا ئەمرى ئۇنىڭ تاجىنى ئېلىپ ، بىر موللاق بىلەن بارگاھ تۈكۈلۈكىدىن چىقىپ كەتتى . دەرۋازىدا تۇرغانلارغا شۇئان : « ئەلچى پالۋانلارنى توقماقتا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ ، پادىشاھنىڭ تاجىنى ئېلىپ قاچتى . تېز تۇتۇڭلار » دەپ بۇيرۇق بېرىلدى . دەرۋازىدا تۇرغانلار بۇنداق ئادەمنىڭ نەدىن كىرىپ ، نەدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى .

غەزىپى ئۆرلىگەن لەندىھۇر پىلغا مىنىپ ، قوۋۇق تۈۋىگە بىرىپ سورىغان ئىدى ، دەرۋازىدىكىلەر : « ھېچ كىشىنى كۆرمىدۇق » دەپ جاۋاب بېرىشتى . لەندىھۇر پىلنى چاپتۇرۇپ قوۋۇقتىن چىقىپ قارىسا ، ئەلچى ئاستا كېتىۋاتقۇدەك . « توختا ! » دەپ توۋلىغان ئىدى ، خوجا ئەمرى قاراپمۇ قويمىدى . لەندىھۇر ئاچچىقى كېلىپ ئوقنى قولىغا ئالدى ۋە ئېتىپ بولغۇچە ، خوجا ئەمرى بىر موللاق بىلەن غايىب بولدى . ئۇنىڭ كەينىدىن لەندىھۇر يەنە قوغلىدى ، خوجا ئەمرى بىر تۈگمەنگە يەتتى ، ئۇ يەردە بىر پوستەكچى تاز بار ئىدى .

— ھەي تاز ، — دېدى خوجا ئەمرى ، — مەن ھېچنېمە قىلمايمەن ، ئەمما پالۋان لەندىھۇر كېلىۋاتىدۇ . جەڭ دۇمبىقى ياساش ئۈچۈن تازنىڭ باش تېرىسىنى سويماقچى ئىكەن ، ھەي ئىست ، كىچىك تۇرۇپ بىكارچىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇڭ .

تاز شۇئان قولىغا بىر تاشنى ئالدى ـ دە ، بېشىغا ئۇرۇپ قاناتتى .

— مانا قاراڭ ، تېرەم شۇنداق بوش تۇرسا ، قانداقمۇ دۇمباق كەرگىلى بولسۇن ؟ — دېدى ئۇ . خوجا ئەمرى :

— ھەي تاز ، چاتاق قىلدىڭ . بېشىڭنىڭ ساق تېرىسىنى بۇزغى-نىڭ ئۈچۈن ئەمدى تېخىمۇ چوڭ بالاغا قالدىڭ . ئەمدى كېيىملىرىڭنى سېلىپ تۆگمەننىڭ كويلىسىغا كىرىۋالغىن ، — دېدى . خوجا ئەمرى تاز-نىڭ كېيىملىرىنى كىيدى . ئاڭغىچە لەندىھۇر يېتىپ كەلدى . خوجا ئەمرى ئۆزى پوستەكچى بولۇپ تۇردى . لەندىھۇر كېلىپ خوجا ئەمرىدىن سورىدى :

— كىشى كەلدىمۇ ؟

— ئۆگۆت يوق .

— ھەي پوستەكچى ، مەن سەندىن ئۆگۆت سورىمىدىم ، ئادەم كەلدىمۇ دەۋاتىمەن .

— تۆگمىنىم تاش تاشلايدۇ دېسەم پۇتمەيۋاتىسىز ، مانا كۆرۈڭ ، — دەپ تۇۋاقنى ئالدى . قورغاشتىن سۇ ئاقتى . ئېگىزدىن شار-قىراپ چۈشۈۋاتقان سۇنى كۆرۈپ پوستەكچى قورقۇپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىۋىدى ، لەندىھۇرنىڭ كۆزى تازغا چۈشتى ، تاز ئارقىسىغا يېنىشىغا خوجا ئەمرى كېلىپ :

— ئى ئادەم ، بىردەم توختاپ تۇرغىن ، سېنى ئىزدەپ تېخى بىرەر ئادەم كەلمىدى . يىراقتا ماجىرا تېخى بار ، — دېدى .

لەندىھۇر قامچىسىنى قولىغا ئېلىپ دېدىكى :

— ھەي پوستەكچى ، مەن قوغلاپ كەلگەن كىشىنى نېمە ئۈچۈن ماڭا كۆرسەتمەي كويلىغا يوشۇرۇپ قويىسەن ؟ — دەپ داۋراڭ سېلىشقا باشلىدى .

خوجا ئەمرى دېدىكى :

— مېنىڭ قۇلىقىم ئېغىر ، ئاڭلىغىنىم يوق . بىر ئادەم سەكرەپ كېلىپ : « مېنىڭ پاچىقىم سۇنۇپ كەتتى ، تارىشا ئېتىپ بەر » دېدى . تارىشا ئېتىپ بەردىم . ئاندىن « پاچىقىمنى تېڭىپ قوي » دېدى . تېڭىپ قويدۇم . « مېنى كىشىگە ئېيتىپ قويما » دەپ خەنجىرىنى قولىغا ئالدى ، كىشىگە دېمىدىم . مەن سىزگە ھېچنېمە دېمىسەم ، نېمە ئۈچۈن ماڭا قامچا

تەگلەيسز ؟

— پاچقى سۇنۇقمۇ ؟ — سوريدى لەندىھۇر .

— راست سۇنۇق . مەن تېگىپ قويدۇم ، — دېدى خوجا ئەمرى ، — بىر تاج ئېلىپ كەلگەن ئىكەن ، ئۇنى ماڭا بەردى . 2 — 3 پىچاق بار ئىكەن ، ئۇلارنىمۇ ماڭا بەردى ، — دەپ ئۇ نەرسىلەرنى كۆرسەتتى .

— كۆگلۇمگە مەلۇمكى ، بۇ كىشى ئاشۇ ھەيبارنىڭ ئۆزىدۇر ، — دەپ لەندىھۇر قورغاشنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، تازنى « بۇيان چىق » دەپ تووۋلىدى . تاز قولىغا تاشنى ئېلىپ بېشىغا ئۇرۇپ بېشىنى تۆشۈك - تۆشۈك قىلىۋەتتى ، ئەمما چىققىلى ئۇنىمىدى . لەندىھۇر :

— چىقمىساڭ ، تۇگمەننى بېقىپ ياتىمەن ، — دېدى . خوجا ئەمرى يالۋۇرۇپ :

— ئۇنداق قىلمىسىلا ، سىلىنىڭ ھەيۋىلىرىدىن قورقۇپ تۇگمەنگە ئادەم كەلمىسە ، ئالتە بالامنى قانداق باقىمەن ؟ مېنىڭ ئۇۋالىمغا قالىلا، — دېگەن ئىدى ، لەندىھۇرنىڭ كۆگلى سەل - پەل يۇمشىدى ، ئاندىن يەنە ، — بۇ يەردە ھېچ كىشى يوق . كىيىملىرىنى مەن تۇتۇپ تۇراي ، سىلى يالىڭاچ بولۇپ كىرىپ تۇتۇپ چىقسىلا ، كۆچلىرى يەتمەسمۇ ؟ — دېدى .

لەندىھۇر تامام كىيىملىرىنى سالدى . ئاندىن ئۆزى كويلىغا كىرىپ :

— ھەي ھەيبار ، بۇياققا چىق ، پاچىقىڭمۇ سۇنۇپتۇ ، — دېدى .

— مېنىڭ بېشىمنىڭ تېرىسى يۇپقا ، دۇمباق بولمايدۇ ، شۇڭا ھەممە يېرىنى تېشىۋەتتىم ، — دەپ چىققىلى ئۇنىمىدى تاز .

لەندىھۇر ئاخىر ئۇنى تۇتۇپ چىقتى . قارىسا ، پوستەكچى ئۇنىڭ قوراللىرىنى ئېلىۋېلىپ قاراپ تۇرغۇدەك .

— قوراللىرىمنى ماڭا بەرگىن ، — دېدى لەندىھۇر ئۇنىڭغا ، — مانا ھەيبارنى ئېلىپ چىقتىم .

ــــ لەندىھۇر ، مەن بولسام نۇشىرۋاننىڭ باققان ئوغلى خوجا ئەمرى بولىمەن .

ــــ ھەي ھەيــيار ، ــــ دېدى لەندىھۇر ، ــــ پادىشاھقا بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس . كۆڭلەك ، تامبىلىمنى بەرگىن .

خوجا ئەمرى بىر ئەسكى كۆڭلەك بىلەن ئەسكى ئىشتاننى بەردى . لەندىھۇر :

ــــ يېڭىراق كۆڭلەك بەرگىن ، ــــ دېدى . خوجا ئەمرى :

ــــ يېــڭى كۆڭلەك كىيسەڭ ياراشمايدۇ . ئەمدى سەن پادىشاھ ئە-مەس ، بەلكى پوستەكچى بولدۇڭ . پوستەكچىلىكىنمۇ ساڭا بەردىم .

شۇ ئەسنــادا لــەنــدىــھۇرنىڭ سىپاھلىرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا كــۆزى چــۈشــكەن خوجا ئەمرى دەرھال تازىنىڭ سىياقىغا كىرىپ ، پەشلى-رىــنــى قــىستۇرۇپ ، بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . ئۇ تــەشــۋىش ئىچىدە ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى . سىپاھلارنىڭ ئالدىغا كــەلــگــەنــدە ئەنــســىــزلــىــك بــىلەن « قېچىڭلار ! » دەپ ئىشارەت قىلدى . لــەشكەرلەر « پادىشاھقا بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ ، بىر ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ » دەپ ئويلاپ يېقىن كەلدى . خوجا ئەمرى يەنە :

ــــ ۋاي قــېچىڭلار ، جېنىڭلارنى ئېلىپ قېچىڭلار ! ــــ دەپ توۋلاپ كېلىۋەردى . سىپاھلار :

ــــ نــېــمــە ئىش بولدى ؟ قېنى سۆزلە ، ــــ دېيىشتى . خوجا ئەمرى جاۋاب بېرىپ :

ــــ پــادىشاھ بىر كىشىنى قوغلاپ كەلگەن ئىكەن ، ئۇ ئادەم كويلىغا كــىرىۋالدى ، بۇيان چىق دېسە ، چىققىلى ئۇنىمىدى . مېنى « سەن كىرىپ تــۇتــۇپ چــىــق » دېۋىدى ، مەن كىرەي دەپ يېقىن بارسام ، خەنجەر تەڭ-لــىــدى ، قــېچىپ چىقتىم . پادىشاھ ھەرقانچە يولغا قارىغان بولسىمۇ بىر كىم كــۆرۈنــمــىــدى . ئۇنىڭ شۇنداق ئاچچىقى كەلدىكى ، « خەپ ، سەن يەتتە كــىشىنى ئۆلتۈرمەيدىغان بولسام » دەپ ئەھدە قىلىپ ، ئالدىن قورغاشتىن كويلىغا كىرگەن ئىدى ، ھېلىقى ئادەم قورغاشتىن قېچىپ كەتتى . پادىشاھ

ئارقىدىن چىقىشىغا، قورغاشتىن چىققىلى قويماي، بېشىغا توقماق بىلەن ئۇرۇۋەردى. يېلىنىپ - يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىر پادىشاھ توقماق زەربىسىدە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. ئاندىن ئۇ ئادەم پادىشاھنىڭ تامام كە- يىملىرىنى ئېلىپ كەتتى. مەن سۇ بەرگەن ئىدىم، پادىشاھ كۆزىنى ئاچتى. بېشى ئايلىنىپ كېتىپتۇ. كىمنى كۆرسە باياتىنقى ئادەملەر كۆز ئالدىغا كېلىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. تۇگمەننى بۇزۇپ، يېنىدىكى دەرەخلەرنى يۇلۇۋەتتى، ئىشتان - كۆڭلىكىنى يىرتىۋېتىپ يالىڭاچ بو- لۇۋالدى. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن قېچىپ كەلدىم، — دېدى.

ئۇلار سورىدىكى:

— قەتلىئام قىلماقچى بولغان يەتتە كىشى كىملەر ئىكەن؟ ئىسىملىرىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، — دېدى خوجا ئەمرى ۋە لەندىھۇرنىڭ كەينىدىن كەلگەن يەتتە پالۋاننىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ رايىلىرى يېنىپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ چەتكە چىقتى. لەندىھۇر لەشكەرلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بىرىڭلار ماڭا سەرپاي ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ توۋلىدى.

كەلگەنلەر ئۇنىڭ ئاۋازىدىن لەندىھۇر ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا ئۇمۇد تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن سىپاھسالار «لەندىھۇر ساراڭ بوپتۇ، ئەمدى بىز ھەممىمىزنى ھالاك قىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى. لەندىھۇر يەنە توۋلىغان ئىدى، ھېچكىم يېقىن بارمىدى، يەنە توۋلىدى، يەنە جىمجىت ... لەندىھۇرنىڭ شۇنداق غەزىپى تۇتتىكى، تاقەت قىلالماي، يالىڭاچ پېتى پىلغا مىنىپ، قولىغا ئۇمۇدنى ئېلىپ لەشكەرلىرى تەرەپكە كەلدى. ھېلىقى يەتتە كىشى سىپاسەلار ① ئىدى. ئۇلار: «ھەممىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم قىپتۇ، ئەمدى بىزنى ئۆلتۈرمەي قويمايدۇ» دېيىشىپ، ياقىغا چىقتى. سەرەندىپ خەلقى ھېچ ئىلاج قىلال- ماي، ئاتتىن چۈشۈپ تۇردى.

---

① سىپاسەلار — لەشكەر بېشى.

لەندىھۇر :

— مەن چاقىرسام نېمشقا كەلمەيسلەر ؟ — دەپ سورىدى . سەرەندىپ خەلقى بۆكلىرىنى ئېلىپ تۇرۇپ :

— سىزنى ئالدىغان ھەييار بىزنىمۇ ئالدىدى ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى .

خوجا ئەمرى بارگاھىغا يېنىپ كېلىپ بولغان ئىشلارنى ئەبۇلغا سۆزلەپ بەردى . ئەبۇل كېلىپ لەندىھۇرغا ئۆزرە ئېيتتى ھەم ئۇنى بارگاھىغا تەكلىپ قىلدى ، ئاندىن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى . لەندىھۇر ھېچقانداق تائام يېمەي ، شارابلا ئىچتى . ئۇ جەڭ قىلماسلىق تەرىپىدە ھەرقانچە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئەبۇل ئۇنىمىدى . شۇنىڭ بىلەن لەندىھۇر تۈن يېرىمى بىلەن ئۆز بارگاھىغا يېنىپ كېلىپ ، جەڭ قىلماسلىق ھەققىدە يەنە ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەبۇل ئۇلارنى ئۇرۇپ ياندۇردى . جەڭ دۇمبىقى ئاخىر چېلىندى .

ئەبۇل بىلەن لەندىھۇر ئىككىسى 17 كۈن ئېلىشتى ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى . ئەبۇل دېدىكى :

— ئىككىمىز جەڭ قىلغىلى 17 كۈن بوپتۇ . ئاچلىق ، تەشنالىققا قارىماي ئېلىشتۇق . ئاش - تائام يەپ ، تەشنالىقىمىزنى قاندۇرۇپ ، شاراب بىلەن ھاردۇقىمىزنى چىقىرىپ ، ئاندىن ئېلىشساق قانداق ؟

بۇ مەسلىھەت لەندىھۇرغىمۇ ياقتى . ئۇلار غىزالانغاندىن كېيىن تەنلىرى بوشاشتى . لەندىھۇر سورىدىكى :

— ئەبۇل ، بۈگۈن كەچ كىرىپ كەتتى . ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئارامگاھىدا ئارام ئالساق ، ئەتىگەنلىككە زەرەمگاھدا ھازىر بولساق قانداق ؟

لەندىھۇرنىڭ بۇ سۆزى ئەبۇلغىمۇ خوپ ياقتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارگاھلىرىغا قايتتى . بىرقانچە كۈنگىچە مەي - شاراب ئىچىپ ئىشرەت بىلەن ئۆتتۈشتى . ئاخىر لەندىھۇر ھىندىستان ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ مەسلىھەت قۇردى . ئەبۇلنى تەكلىپ قىلىش تەيىن تاپتى . شۇنىڭ بىلەن لەندىھۇر مېھماندارچىلىق ئەسۋابلىرىنى راسلاشقا بۇيرۇق بەردى .

بۇ خەۋەر ئەبۇلغا يەتتى، ئۇلار ئىران ئۇلۇغلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەتلەر قىلىپ، ئاۋۋال پالۋانلاردىن بىرقانچىنى ئەۋەتىپ، ئارقىدىن ئەبۇل بارماقچى بولدى.

ئەمدىكى گەپنى گۇستىھەمدىن ئاڭلايمىز.

گۇستىھەم نۇشىرۋاندىن رۇخسەت سوراپ كېتىشتە يول ئۈستىدە ئەبۇلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ ماڭغان ئىدى. ئەبۇل يېقىن يول بىلەن يۈرۈپ سەرەندىپكە گۇستىھەمدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. گۇستىھەم مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئەبۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۇناھىنى تىلىدى ۋە جەڭگە قاتنىششنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇل گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى قوبۇل قىلدى. لەندىھۇرنىڭ ئەبۇلنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بولدى: يول ئۈستىدە ئەبۇلنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. سۆسىنە دەپ بىر خوتۇن بولۇپ، گۇستىھەم ئۇنى ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سۆسىنە شۇنداق لەۋەن ئايال ئىدىكى، قەددى ـ قامىتى، سۆز ـ خۇلقلىرى بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە رام قىلالىۋالالايتتى. ئەگەر ئۇ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ قالسا، تامام خەلق جىمىكى دۇنياسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆرۈمە قىلاتتى. سۆسىنەنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان يەنە بىرقانچە شاگىرتىمۇ بار ئىدى.

نەزم

ھەممە نازىنىن، ھەممە دىلفەزىر ①،
مەلاھەت بىلەن شېرىن دەستىگىر ②.
يۈرۈش ـ تۇرۇشى گويا چەۋەنداز،
پەرى پەيكىران مالايىك شىكار.

---

① دىلفەزىر ــ يېقىملىق.

② دەستىگىر ــ ئۆزىگە ئەسىر قىلغۇچى.

گۇستىھەم ئۇلارغا :

— ئەبۇل لەندىھۇرنىڭكىگە مېھمانغا بارىدۇ . ئەمدى ئىشىمىز ئوڭغا تارتتى . بىز بارغۇچە سىلەر دەرھال بىرىپ يول ئۇستىدىكى چىمەنزارلىقتا بارگاھ تىكىپ زىننەتلەپ ، قالىن ، باربەتلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈڭلار ، پەرى يۈزلۈك نازىنىنلارنى ھازىرلاڭلار ، بىر شىشە « زەھەر ھىلاھىل » ، يەنە بىرقانچە شىشە شاراب تېپىپ ، دورا بىھوش قوشۇپ تەييارلاپ تۇرۇڭلار . پالۋانلار كەلسە دورا بىھوش بېرىڭلار ، ئەبۇل كەلسە زەھەر بېرىڭلار ، پالۋانلارنى باغلاپ يوشۇرۇڭلار ، — دەپ ، ئۇلارنىڭ قېشىدا قەباد بىلەن ئەردەشىرنى قالدۇردى . ئاندىن ئۇلارغا تاپىلاپ :

— پىنھان يەردە تۇرۇڭلار ، پالۋانلار دورا بىھوش يەپ يىقىلغاندىن كېيىن ، دەرھال باغلاپ يوشۇرۇشنى ئۇنتۇماڭلار ، — دېدى - دە ، ئۆزى ئەبۇلنىڭ قېشىغا كەتتى . ئۇ يەرگە بېرىپ ، لەندىھۇرنىڭ زىياپىتىگە تېزراق بېرىشنى تەشەببۇس قىلغىلى تۇردى .

ئەمدى لەندىھۇرغا كەلسەك ، ئۇ پالۋانلىق ئەسۋابىدىن باشقا ، تارتۇق ئۇچۇن توققۇز جەك پىلى تەييارلىدى ، ھەممىسىگە ئوق ئۆتمەس پولات يوپۇق كىيدۈردى . پىللارنىڭ خارتومىغا ئىككى بىسلىق شەمشەر باغلىدى ، ئۇستىگە ئۆزىنىڭ تەختى ، ئوزۇق - تۈلۈك ، ئالتۇن لىباسلارنى ئارتتى . ئۇلارنى باشقۇرۇشقا پىلبەندلەرنى تەييارلىدى . يەنە جەك شىردىن توققۇزنى تەق قىلدى . ئۇلارنى ئالتۇن زەنجىردە باغلاپ ، نازىنىن كېنىزەكلەرگە تۇتقۇزدى ، 900 ئىراق ئېتىنىڭ ھەر بىرىنى بىردىن غۇلامغا تۇتقۇزدى . باشقا سوۋغا - سالاملارنىڭ ھېسابى يوق ئىدى . ھىندىستان ئۇلۇغلىرى سوۋغا - سالاملارنى ئېلىپ ئەبۇلنىڭ بارگاھىغا قاراپ يۈردى ، ئەبۇل ئالدىغا چىقىپ ، ئۇلارنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن بارگاھىغا باشلاپ كىردى . ئاش - تائاملاردىن كېيىن تامام ھىندىستان ئۇلۇغلىرى پەگاھقا چۈشۈپ :

— ئى سۇلتان ، قانداقتۇر سەۋەب بىلەن زېمىنىمىزغا كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن . بىھۇدە قان تۆكۈش پايدىسىز . بىز سىز-

نىڭ ئىتائىتىڭىزدە بولساق، جەڭ قىلمايلى، — دەپ تەلەپ قىلدى ھەم يەنە كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى. ئەبۇل ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن مېھمانغا بارماقچى بولدى. شۇ گەپلەردىن كېيىن، لەندىھۇر بارگاھىغا ياندى. ئۈچىنچى كۈنى كېلىپ ئەبۇلنى باشلاپ ئېلىپ ماڭدى. تامام ئىران پالۋانلىرى بىرگە يۈردى. ئۇلار لەندىھۇرنىڭ بارگاھىغا يېتىپ كەلدى، زىياپەت ھازىرلىنىپ، مەي ـ شارابخورلۇق باشلاندى. ئاي يۈزلۈك ساقىيلار سەدەپ پىيالىلەردە شاراب تۇتۇشماقتا ئىدى. ھاپىزلار قالۇن، باربەتلەرنى مۇڭغا كىرگۈزۈپ دىلنى ئېرىتەتتى. نېمەتلەر شۇنداق ئەلۋەك ئىدىكى، جەمشىتنىڭكىدىن زىيادە بولدى. بۇ زىياپەت ئۈچ كۈن داۋام قىلدى.

ئەمدى سۆسىنەدىن سۆز ئىشتىمىز:

سۆسىنە گۇستىھەمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تېزلا چىمەنزارلىققا كېلىپ، كاتتا شاھانە چېدىرلارنى تىكتى. بىرقانچە شاھانە سۇپا تەييارلاپ زىلچا ـ گىلەملەرنى سالدى. قەبادنى بىرقانچە ئادەم بىلەن كونا بىر قەلئەگە ئورۇنلاشتۇردى، ئۆزى چېدىر ئىچىدە تۇردى. يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ بۇ يەرنى تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى. بىراۋ سوراپ قالسا: «بىز بەندە سۆرەتتىن بولىمىز. سۇلتان ئەبۇلغا ئويۇن قويۇپ بەرگىلى كەلدۇق، ئەگەر خالىسا، مەدايىنغا بېرىپ خىزمىتىنى قىلماقچىمىز» دەپ جاۋاب بېرىشتى. «بەندە سۆرەتتىن ئويۇنچىلار كەپتۇ» دېگەن بۇ سۆز لەشكەرلەر ئارىسىغا تاراپ كەتتى.

تۆتىنچى كۈنى گۇستىھەم ھۇلۇق ھەيرانىگە شاراب تۇتۇپ:

— ھەي ھۇلۇق ھەيرانى، ئۆمەر مەئدىيغۇ سەندىن ياشقا چوڭ، ئىككى ئىنىسى نېمە ئۈچۈن سەندىن يۇقىرى ئولتۇرىدۇ؟ سەن خان نەسلى، ئۇلار قاراقچى نەسلىدىن ئەمەسمۇ، — دېدى.

بۇ سۆز ھۇلۇق ھەيرانىگە خۇش كەلدى. بۇ خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھەم بار ئىدى. ئەمما، ئۆمەر مەئدىنىڭ ئىنىلىرى كۈچ ـ قۇۋۋەتتە غالىب ئىدى. ئاخىر بۇ سۆزدىن جېدەل پەيدا بولدى، غۇملۇق

پالۋانلارمۇ ھەر تەرەپتىن جېدەل قىلىشقا باشلىدى . بۇلار پالۋانلىق شىجا-
ئىتى ۋە نەسەبلىرىنى پەش قىلاتتى .

ئەلقىسسە : ئۆمەر مەئدى جېدەلنى كۆرۈپ ، زۇلھىمارنى ناماقۇل
قىلىپ چىقاردى . ئۆزى كەچقۇرۇن چىقىپ ئېتىغا مىنىپ دەرھال كەتتى ،
لېكىن قاياقىقا ماڭغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ كېتىپ بارغاندا ، بىر
يەردە ئوت كۆرۈندى ، شۇ تەرەپكە ماڭدى . يېقىن بېرىپ كۆردىكى ، شا-
ھانە چېدىرلار تىكىلىپتۇ ، نەغمە - ناۋا ياڭراۋاتقۇدەك . بىر كىشى ئۇنى
توۋلاپ :

— كىم سەن ؟ — دېيىشى بىلەن ، سۆسىنە ۋە ئۇنىڭ ئۇسسۇلچى-
لىرى چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مىڭلىغان ھىيلە - مىكىر بىلەن
ئاتتىن چۈشۈردى . بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ شاراب تۇتتى . مەئدى شارابنى
ئىچىپلا ھوشىدىن كەتتى ، ئاندىن ئۇنى باغلاپ ، ئېتى بىلەن قوشۇپ يو-
شۇرۇپ قويۇشتى .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھۇلۇق ھەيرانى كەلدى . ئۇنىمۇ مىكىر بىلەن
باغلىۋېلىشتى . ھۇلۇق ھەيرانىنىڭ ئارقىسىدىن باشقا پالۋانلار « ئىككىسى
بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن » دەپ ئەنسىرەپ يېتىپ كېلىشكەن
ئىدى ، ئۇلارمۇ بىر - بىرلەپ قولغا چۈشتى . ئاخىردا خوجا ئەمرىنىڭ قە-
دىمى يەتتى . ئۇمۇ ھەم مەست بولدى .

ئەبۇل ئەتراپىغا نەزەر تاشلىغان ئىدى ، ئىران پالۋانلىرىدىن
ھېچكىم قالماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېتىغا مىنىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر
يەرگە كەلگەندە كۆردىكى ، كاتتا چېدىر تىكىلىپتۇ ، زىياپەت قىزىپ
كېتىپتۇ .

بىر كەمدە مەجلىس ئەۋجىگە يەتتى ، سۆسىنە دەرھال چىقىپ
خىلمۇخىل ناز - كەرەشمە ، ھىيلە - مىكىرلەر بىلەن ئەبۇلنى تەكلىپ
قىلدى . ئەبۇل :

— سىزلەر قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى .

— بەندە سۆرەتتىن بولىمىز . ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمىتىنى شەرەپ

بىلىپ ، ئارقىلىرىدىن ئەگىشىپ كەلدۇق . ئۆمرىمىزنى خىزمەتلىرىدە ئۆتكۈزسەك دەيمىز ، — دەپ سۆسىنە بىر پىيالە شاراب تۇتتى .

ئەبۇل شارابنى ئالماي تۇرۇپ :

— ئاۋۋال سىز ئىچىڭ ، — دېدى .

— ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلىپ شاراب ئىچىشكە ھەددىمىمۇ ؟ — دەپ گەپ ئويناتتى سۆسىنە . ئەبۇل :

— ئىچىڭ ، بۇ ، ھىندىستان قائىدىسىدۇر ، — دېدى . سۆسىنە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەبۇلغا تەڭ كېلەلمىدى . ئەبۇل قەمقامىنى قولىغا ئېلىپ ، — دەرھال ئىچىڭ ، — دېيىشىگە سۆسىنە شارابنى تۆكىۋەتتى ۋە تاشقىرى چىقىپ بىر چاۋاك ئۇرغان ئىدى ، جەڭ قىلماق بولۇپ قەباد كەلدى . ئۇ ئەبۇلنى كۆرۈپ ھىندى تىلىدا : « بۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ئادەم يوق ، ئەمدى قاچمساق بولمايدۇ ، قاچايلى » دېدى - دە ، قېچىپ كەتتى . سۆسىنەمۇ كېنىزەكلىرى بىلەن غايىب بولدى . سۇبھى مەھەلدە مۇقبىل يېتىپ كەلدى . ئەبۇل يالغۇز ئولتۇراتتى . مۇقبىل شارابنى كۆردى ، يەردە قاينىغىلى تۇرۇپتۇ . « بۇنىڭغا زەھەرھىلاھىل سېلىنغان ئىكەن - دە » دەپ ئويلىدى ئۇ . ئارقىدىنلا لەشكەرلەرنى باشلاپ گۇستىھەم كەلدى . ئاختۇرۇپ سۆسىنەنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى ، باغلانغان پالۋانلارنى خالاس قىلدى . قانچە تەكشۈرگەن بولسىمۇ ، بۇ ئىشنى كىم قىلغانلىقىنى ئۇقالمىدى .

— ھەي ئەبۇل ، ئۇلار سىز بىلەن سۆزلەشكەندە قانداق تىلدا سۆزلىدى ؟ — سورىدى گۇستىھەم .

— ھىندى تىلىدا سۆزلەشتى ، — جاۋاب بەردى ئەبۇل .

— ئۇنداق بولسا ، بىتەھقىق لەندىھۇرنىڭ ئويۇنى ئىكەن ، — دېدى گۇستىھەم . ئەبۇل دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان ئىدى ، گۇستىھەم يەنە ، — جەڭ دۇمبىقىنى ئۇرۇڭلار ، مەن بېرىپ لەندىھۇرنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن ، — دەپ ئېتىغا مىندى . باشقا پالۋانلارمۇ ئەگەشتى . جەڭ دۇمبىقى ياڭرىدى . دۇمباق ساداسى لەندىھۇرغا ئاڭلاندى . لەندىھۇر غە-

زەپلىنىپ :

— خەپ ، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان بۇ ئەرەب بەچچىلىرىنىڭ ئەدىپىنى ئەتە ئۆزۈم بەرمەيدىغان بولسام . بويۇنلىرىغا زەنجىر سېلىپ ، بىر - بىرىگە چېتىپ ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام ، — دەپ جەڭگە بۇيرۇق چۈشۈردى .

ئىككى تەرەپ تاڭ ئاتقۇچە قاراپ تۇرۇپ ، سۈبھىدە سەپكە تىزىلدى . لەندىھۇر تۇغ تۈۋىدە تۇردى . ئەبۇلمۇ شۇ يەردە ئىدى . ئۇ كۆردىكى ، ھىندىستان لەشكەرلىرىنىڭ ئەپتى بۆلەكچە ئىدى .

ئەلقىسسە : ھەر ئىككى تەرەپتىن مەيدانغا چۈشمەك بولۇپ داڭدار پالۋانلار ئاتلىرىنى ئويناقشىتىپ كەلدى . تېخى مەيدانغا كىشى كىرمىگەن ئىدى ، پالۋان لەندىھۇر مەيدانغا چۈشۈپ :

— ھەي گۇناھخور ئەرەبلەر ، سىلەر بىئەدەپ خەققەنسىلەر . سىلەرنىڭ شۇنچە ھۆرمىتىڭلارنى قىلسام بىلمىدىڭلار ، ئەمدى كېلىڭلار ، مەيداندا ئازار يەتسە ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار . سىلەر رەھىم - شەپقەتكە لايىق ئەمەسكەنسىلەر ، — دېدى .

خوجا ئەمرى مەيدانغا چۈشتىيۇ ، چېكىنىپ چىقتى . گۇستىھەممۇ بىر ئۇمۇد بىلەن قېچىپ چىقتى .

لەندىھۇر ئەبۇلنى جەڭگە چاقىردى . بۇلار يەتتە كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ قىلمىغان پەنتلىرى قالمىدى . ئاخىر ئەبۇل لەندىھۇرغا :

— شۇنچە ئېلىشىپ بىر - بىرىمىزنى يېڭەلمىدۇق . ئەمدى بىر - بىرىمىزنى كۆتۈرۈپ باقايلى . قايسىمىز قايسىمىزنى كۆتۈرۈپ پۇتىنى يەردىن ئۈزەلىسەك ، مەيدان شۇنىڭ بولسۇن ، — دېدى .

لەندىھۇر ماقۇل بولدى . لەندىھۇر دىققەتسىز تۇرغاندا ئەبۇل بىر نەرە بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغلاپ خوجا ئەمرىگە تاپشۇردى . لەندىھۇرنىڭ لەشكەرلىرى ئاللا - چۇقان سېلىشىپ جەڭ قىلماقچى بولدى ، لەندىھۇر يول قويمىدى . ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى بارگاھلىرىغا يېنىشتى . ئەبۇل : « لەندىھۇرنى تۆمۈر زەنجىردە بەنگە تار-

تىڭلار » دەپ بۇيرۇدى . لەندىھۇر دېدىكى :

— ئى ئەبۇل ، مەن سىزنىڭ ئىتائىتىڭىزنى قوبۇل قىلغان تۇرسام .

— بىز دەريادىن ئۆتكەندە ، ئاندىن باغلاقتىن خالاس قىلىمىز ، — دەپ ئەبۇل ئۇنىڭ ئالدىغا نازۇنېمەتلەرنى قويدى .

ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ سەرەندىپكە يېتىپ كەلدى . گۇستىھەم يەنىلا ئەبۇلنىڭ خىزمىتىدە ئىدى .

# گۇستىھەمنىڭ ئەبۇلغا زەھەر بېرىپ، نۇشىرۋاننىڭ يېنىغا قېچىپ كەتكەنلىكى

گۇستىھەمنىڭ بىر كېنىزىكى بولۇپ، ئاجايىپ خۇش ئاۋاز نازىنىن ئىدى. گۇستىھەم ئۇنى ئەبۇلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىردى. ئەبۇل ئۇلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. گۇستىھەم ئۇ كېنىزەككە «ۋاقىت تېپىپ ئەبۇلغا زەھەر بېرىڭلار» دەپ ئۆگەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ كېنىزەك ئەبۇلنىڭ خىزمىتىدە قالدى.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى خوجا مۇقبىل خاس خىلۋەتتە شاراب ئىچىپ، خوجا ئەمرى ساقىي بولۇپ ئولتۇراتتى، ئەبۇل كىرىپ كەلدى ھەم مەي ئىچىپ كەيپ بولۇپ ياتتى، مۇقبىل بىلەن خوجا ئەمرى چىقىپ كېتىشتى. كېنىزەكلەر ئەبۇلنىڭ قېشىدا قالدى. بىر كەمدە ئەبۇل ئورنىدىن تۇرۇپ شاراب تەلەپ قىلدى. جاسۇسلار ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىر پىيالىغا زەھەر ھىلاھىلنى سېلىپ، ئۈستىگە شاراب قۇيۇپ بەردى. ئەبۇل شارابنى ئىچكەن ئىدى، شۇئان زەھەرلىنىپ يىقىلدى. جاسۇسلار دەرھال بارگاھتىن چىقىپ كېتىشتى. تاشقىرىدا تۇرغان خوجا ئەمرى توساتتىن قىزلارنىڭ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، يۈگۈرۈپ ئەبۇلنىڭ قېشىغا كىردى. ئەبۇلنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەن ئىدى.

خوجا ئەمرى كېنىزەكلەرنى ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈردى، مۇقبىل ئۇخلاپ ياتقان ئىدى، ئۇنى ئويغاتتى ۋە بۇ

ئىشتىن يارانلارنى دەرھال خەۋەردار قىلدى . گۇستىھەم خەۋەر تاپقۇچە ئەبۇلنى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ ، سەرەندىپنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقىدى ، خەندەكلەرگە سۇ توشتۇردى . تاڭلاسى گۇستىھەم كېلىپ ھېچ كىشىنى كۆرمىدى . ئىككى كېنىزەكنىڭ جەسىتى تۇراتتى . بۇنى كۆرۈپ كۆڭلى سۆيۈندى ، ئىچىدە « ئەبۇل ئۆلۈپتۇ ، لەشكەرلىرى شەھەرگە قېچىپ كىرىپتۇ » دەپ ئويلاپ ، شەھەرگە قاراپ ئات سالدى ۋە جەڭ ئېلان قىلدى .

خوجا ئەمرى ئەبۇلنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويغاندىن كېيىن ، يىراق بىر جايدا ئىقلىمۇن دەيدىغان بىر تېۋىپ بار دەپ ئاڭلاپ ، شۇنى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى . ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ : « نۇشىرۋان ئادىلنىڭ بېقىپ تەربىيىلىگەن ئوغلى ۋە ھازىرقى كۈيئوغلى ئەبۇل زەھەرلەندى » دەپ ئۇنىڭ ئەسۋاب ، دورىلىرىنى ئالدۇرۇپ ئەبۇلنىڭ قېشىغا كەلدى . ئىقلىمۇن ھاكىم ئەبۇلنى كۆرۈپ ، شۇنداق ئۆتكۈر زەھەردىمۇ يەتتە كۈنگىچە ئۆلمىگىنىگە ھەيران بولۇپ ، « شاھ مېھرى » بولغان بولسا ساقىيىپ كېتەتتى ، دېدى . خوجا مۇقبىل دېدىكى :

— ئول كۈنى ئەبۇل خوجا ئابۇزەر ھاكىم بىلەن خوشلاشقىلى بارغاندا ، ئابۇزەر ھاكىم ئەبۇلنىڭ بىلىكىگە « شاھ مېھرى » سېلىپ تېڭىپ قويغان ئىدى ، — ئىقلىمۇن ھاكىم ئەبۇلنى يۇمىلىتىپ يۇرۇپ ، زەھەر كار قىلمايدىغان دورا « شاھ مېھرى »نى ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىدىن تېپىپ ئېلىپ ، ئادەم سۈتىگە چىلاپ ، ئەبۇلنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى . ئەبۇل يەتتە كېچە - كۈندۈز قەي قىلىپ چىرايلىرى ئاقاردى . 21 - كۈنى كۆزىنى ئاچتى . ئەبۇل ھوشىغا كېلىپ ئەھۋالنى سورىغان ئىدى ، ئەمرى تامام ۋەقەنى بايان قىلدى . ئەبۇل گۇستىھەمنى سورىدى . خوجا ئەمرى «گۇستىھەم قەلئەنى قورشاپ جەڭ قىلىۋاتىدۇ » دەپ جاۋاب بەردى . ئەبۇل يارلىق قىلىپ :

— لەندىھۇرنى بەندىن ئازاد قىلىپ ئېلىپ كىرىڭلار ، — دېدى . ئۇنىڭ پالۋانلىق كىيىملىرىنى كىيدۇرۇپ ، بېشىغا تاج تاقىدى . ئاندىن

ئۇنىڭغا : « گۇستىھەمنىڭ جاجىسىنى بەرگەيسىز » دېدى . پالۋانلارنىڭ ھەممىسى شەھەردىن چىقتى . گۇستىھەم لەندىھۇرنى كۆرۈپ چۇكا ئادەم سۇرىتىگە كىرىپ بىرقانچە كۈن قېچىپ يۈرگەندىن كېيىن ، مەدايىنغا كەلدى ۋە بولغان ۋەقەنى نۇشىرۋانغا بايان قىلدى . مەدايىندا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ، ئاندىن لەشكەر توپلاپ پالۋان زوفىن كاۋۇشنىڭ يېنىغا باردى . زوفىن كاۋۇش « نۇشىرۋاننىڭ پالۋىنى گۇستىھەم كېلىۋېتىپتىمىش » دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆز بارگاھىغا باشلاپ كىردى . گۇستىھەم كېلىش سەۋەبلىرىنى زوفىنغا بايان قىلىپ : « ئەبۇلغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى » دېدى . زوفىن دېدىكى :

— ئەگەر ئەبۇل مەدايىنغا كەلسە ، پادىشاھ ماڭا كىشى ئەۋەتسۇن . شەرتىم : پادىشاھ مېنى كۈيئوغۇللۇققا قوبۇل قىلسا ، مەن بېرىپ ئەبۇلنى يوقىتىپ بېرىمەن .

گۇستىھەم : « ئۇنداق بولسا مەن كىشى ئەۋەتىمەن » دەپ ئادەملىرىنى مەدايىنغا ئەۋەتىپ ، ئۆزى زوفىننىڭ قېشىدا قالدى .



# نۇشىرۋاننىڭ قىزىنى ۋەدە قىلىپ لەشكەر كەلتۈرگەنلىكى

رىۋايەتتە شۇنداق دېيىلىدۇكى، ئەبۇلئەلى ساقىيىپ، پالۋان لەندىھۇر بىلەن شەھاد شاھنى ياراشتۇردى. سەرەندىپنى شەھاد شاھقا تاپشۇرۇپ، ياخشى كۈن، ياخشى پۇرسەتتە لەندىھۇر بىلەن مەدايىنغا يۈردى. بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ دەريا بويىغا كېلىشتى. كېمىدە نەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن قۇرۇقلۇققا چىقتى.

ئەمدى نۇشىرۋان تەرەپتىن گەپ ئاڭلايمىز:

نۇشىرۋاننىڭ ئايال قېرىنداشنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئىسمى ئەۋلاد مىرزىبان ئىدى. مېھرىنىگارنى شۇنىڭغا بەرمەكچى ئىدى. بەختەك دېدىكى:

— ئى پادىشاھ ئادىل، قىز بالىنى ئۆيدە ساقلىماق خوپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبۇلئەلى زەھەر يەپ ئۆلۈپتۇ.

پادىشاھ ئادىل خوجا ئابۇزەر جەمھۇردىن سورىدى:

— قانداق قىلماق كېرەك؟

— ئى پادىشاھ ئادىل، ئەبۇلئەلى راست ئۆلدىمۇ - يوق، بۇنى قۇرئەدىن كۆرۈش كېرەك، — دەپ خوجا ئابۇزەر ھاكىم قۇرئە سالغان ئىدى، «ئەبۇلئەلى تىرىك، لەندىھۇر بىلەن بىللە كېلىدۇ» دەپ مەلۇم بولدى.

— ئى پادىشاھ ئادىل، — دېدى بەختەك، — مېھرىنىگارنى

ئەۋلادقا بەرمەك كېرەك . ئەبۇلئەلى كەلسە ، ئۇنىڭغا : « لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلمەي ، تىرىك ئېلىپ كەپسەن » دەيلى ياكى «گۇستىھەمدىن زەھەر يەپ ئۆلدى ، دەپ ئاڭلىۋىدۇق » دەيلى ئى شاھ ، سىزگە ئەبۇلئەلىنى كۈيئوغۇل قىلىش ئار ئەمەسمۇ ؟ ئەل سىزنى «نۇ- شىرۋان قىزىنى مەككە رەئىسىنىڭ ئوغلىغا بېرىپتۇ » دېسە ، بۇ نېمىدېگەن نومۇس !

بەختەكنىڭ دېگەنلىرىنى نۇشىرۋانمۇ ماقۇل كۆردى . شۇنداق قى- لىپ ، مېھىرنىگارنى ئەۋلاد مىرزىبانغا نىكاھ قىلىپ بەردى . ئەمما ، مېھرنىگار ئەۋلاد مىرزىبان بىلەن بىر يەردە بولمىدى . ئۇ : « ئالتە ئايدىن كېيىن سەن بىلەن بىللە كېتىمەن » دەپ ۋەدە بەردى . ئەۋلاد خۇش بولۇپ ئۆز ۋىلايىتىگە قايتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى . يولدا ئەبولئەلى بىلەن لەندىھۇر چىقىپ كەلدى . ئەبۇلئەلى خوجا ئەمرىنى : « كېلىۋاتقانلار نېمە ئادەملەركىن ئۇقۇپ كەل » دەپ ئەۋەتتى ، خوجا ئەمرى ئەۋلاد لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ بىر كىشىدىن :

— بۇلار كىم ؟ — دەپ سورىغان ئىدى ، ئۇ ئادەم :

— پادىشاھ ھەپتەكشۋەرنىڭ كۈيئوغلى ، ئېتى ئەۋلاد مىرزى- بان ، — دەپ جاۋاب بەردى .

خوجا ئەمرى ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ ، مېھرنىگارنى ئەۋلاد مىرزىبانغا نىكاھلاپ بەرگەن ئىشنى دېمەي ، باشقا ۋەقەلەرنى بايان قىلدى . ئاندىن خوجا ئەمرى ئۆزىنى تاناپ پالۋان سىياقىدا قىلىپ ئەۋلادنىڭ قېشىغا كەلدى . ئۆشنىسىگە دۇمباقنى ئېسىپ ، غەزەل بىلەن شۇنداق ئوينىۋەتتىكى ، ھەممە ئادەم خۇش بولۇپ پۇل ـ مال ئىنئام قىلدى . خوجا ئەمرى ئەۋلادقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ :

— ئى شاھزادە ، پەرمان قىلسىڭىز ، ياغاچتىن ئادەم پەيدا قىلاي- كى ، ئۇزۇنلۇقى 110 گەز بولغاي ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەر پەيدا بولغاي ، — دېدى . ئەۋلاد :

— دەرھال ئېلىپ كېلىڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى . خوجا ئەمرى

قايتىپ كېلىپ لەندىھۇرغا :

ــ دەرھال كىيىنىپ مەن بىلەن يۈرۈڭ ، ــ دەپ لەندىھۇرنى بېشىدىن ئايىغىغىچە چاپانغا يۆگەپ باغلىدى . ئاندىن :

ــ ھەي لەندىھۇر ، مەن سىزنى ئۇنىڭغا « تەزىم قىل » دېسەم ، ئۇنىڭ پۇتىنى مەھكەم تۇتۇپ قويۇپ بەرمىگەيسىز ، ــ دەپ تاپشۇردى .

ئۇلار ئەۋلادنىڭ قېشىغا كەلدى . ئەۋلاد ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى .

ــ كىرسۇن ، ــ دېدى ئەۋلاد . خوجا ئەمرى لەندىھۇر بىلەن ئۇ. يۇنغا چۈشتى . خوجا ئەمرى نەچچە نۆۋەت لەندىھۇرنىڭ بېشىغا چىقىپ ئوينىدى . ئاندىن :

ــ ھەي ياغاچ ئادەم ، شاھزادىگە تەزىم قىلىڭكى ، ھېچقانداق ئادەم تېخىچە بۇنداق تەزىمنى قىلىپ باقمىغان بولغاي ، ــ دېدى .

لەندىھۇر تەزىم قىلىپ ئەۋلادنىڭ كەمرىدىن تۇتۇپ دەس كۆ. تۈردى . خوجا ئەمرى بىلەن لەندىھۇر نەرە تارتىپ ئەۋلادنى تۇتتى . ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى . ئۇلار نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا بېرىپ :

ــ ئەۋلادنى ئەبۇلئەلى ئەسىر قىلدى . قىزىڭىزمۇ ئەمدى ئەبۇلئە. لىگە تەۋە بولدى ، ــ دېيىشتى .

خوجا ئەمرى بىلەن لەندىھۇر ئەۋلادنى ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى ھەم تامام ۋەقەنى بايان قىلدى . ئەبۇلئەلى : « ئەبۇلئەلى لەندىھۇر بىلەن قايتىپ كەلدى » دەپ نۇشىرۋانغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى . نۇشىرۋان ئەبۇلئەلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى . ئۇلار قۇ. چاقلىشىپ كۆرۈشتى . نۇشىرۋان :

ــ گۇستىھەمدىن سىزنى « ئۆلۈپتۇ » دەپ يامان خەۋەر ئاڭلاپ ، ئۇنى ھەيدىۋەتتىم ، ــ دېدى . ئاندىن ئەبۇلئەلىنى بارگاھىغا باشلاپ نازۇ ـ نېمەتلەر تارتتى ، ئالتۇن پىيالىلەرنى گەردىشكە كىرگۈزۈپ مەي ئىچىش باشلىنىپ كەتتى . خۇش ئاۋاز نەغمىكەشلەرنىڭ نەغمىلىرى كۆ. ڭۈلنى لەرزىگە سالماقتا ئىدى .

ئەبۇلئەلى پادىشاھ بىلەن 40 كۈنگىچە مەي ئىچتى . مىھرىنىگار بولسا ئەبۇلئەلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، خۇشلۇقىدىن بىر خەزىنە مالنى ئەبۇلئەلىنىڭ ھەققىدە مەدايىن خەلقىگە تارقىتىپ بەردى .

41 - كۈنى زىيايەت ئاخىرلاشتى ، ئەبۇلئەلى ئۆزىنىڭ بارگاھىغا ياندى . نۇشىرۋان بەختەكنى چاقىرتىپ :

— ئەبۇلئەلى ئەمدى توي تەلىپىنى قويسا نېمە دېمەك كېرەك ؟ — دەپ سورىدى . بەختەك دېدىكى :

— ئى پادىشاھ ئادىل ، بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى ئاساندۇر . « سىز لەندىھۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىدىغان بولغان ئىدىڭىز ، ۋەدىڭىزدىن يېنىپ تىرىك ئېلىپ كەپسىز . شۇ ۋەجدىن مىھرىنىگارنى ئەۋلادقا بەر-دۇق » دېسىڭىز گەپ تۈگەيدۇ .

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئەبۇلئەلى مىھرىنىگار توغرىسىدا خوجا ئەمرىنى سۆز ئاچقۇزدى . نۇشىرۋان بەختەكنىڭ ئۆگەتكىنىدەك جاۋاب بەردى . لەندىھۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، كۈرسىدىن چۈشۈپ :

— ئەگەر باش لازىم بولىدىغان بولسا ، ھېلىغۇ بىر بېشىم بار ئىكەن ، مىنىڭ بېشىم بولسىمۇ ھەزرەت ئەبۇلئەلىگە تەقدىم بولسۇن ، — دېدى . ئەبۇلئەلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى . بەختەك :

— ئەگەر پادىشاھ بۇيرۇسىلا لەندىھۇرنىڭ بېشىنى كەسمەك كېرەك ، — دېدى .

نۇشىرۋان بەختەك ھامزادىگە ئىشارەت قىلدى . بەختەك جاللاتنى چاقىردى . جاللاتلار يۈگۈرۈشۈپ بارگاھقا كىردى ۋە لەندىھۇرنى چاپماقچى بولدى . ئەبۇلئەلى بۇنى كۆرۈپ غەزەپ ئاتەشلىرى لاۋىلدىدى - دە ، كۈرسىدىن چۈشۈپ ، جاللاتنىڭ گەردىنىگە بىر مۇشت ئۇردى . جاللاتنىڭ بوينى ئۈزۈلدى ، بەختەك يۈگۈرۈپ كەلدى . بەختەكنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىپ باغلىدى . نۇشىرۋان ھەرىمىگە كىرىۋالدى . بەخ-تەكنى كۆپ ئازابلاپ بولۇپ قويۇپ بەردى . بەختەك قېچىپ نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا كەلدى . نۇشىرۋان سورىدىكى :

— ھەي بەختەك ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ؟

— يەنە بىر تەدبىرىم بار ، — دېدى بەختەك ، — « مېھرىنىگار ئالەمدىن ئۆتتى » دەپ ھەممە ئادەم چۇقان سېلىپ يىغلاشسۇن . ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەمدىن بىرسىنى ئۆلتۈرۈپ تاۋۇتقا سېلىپ ، ئىززەت بىلەن دەپنە قىلايلى . مۇشۇنداق قىلساق ، ئەبۇلئەلىنىڭ ئاشىقلىق پىراقى سۇسلىشىدۇ .

نۇشىرۋان بەختەكنىڭ دېگىنىدەك قىلدى . قىزىغا قارا تۇتتى ، ئەبۇلئەلى ھەم ماتەمدار بولدى . لەندىھۇر بىلەن خوجا ئەمرى تاماشا كۆردى . بۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلاشماقتا ئىدى . ئەبۇلئەلى ئەمرىنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— ھەي ھەييارلار ، سىلەر مېنىڭ ماتەممنى مەسخىرە قىلماقچىمۇ ؟ — دېدى .

— ئىشنىڭ قانداقلىقىنى ھېلى بىلىپ قالىسىز ، — دەپ خوجا ئەمرى جىنازىنى ئوغرىلاپ كەلدى . ئېچىپ كۆرگەن ئىدى ، بىر قېرى خوتۇننىڭ جەسىتى چىقتى . ئەبۇلئەلى كۆرۈپ كۈلۈپ ، جايىغا ئاپارغۇزۇپ قويدى ، ئاندىن بارگاھىغا ياندى . ئەبۇلئەلى نۇشىرۋاننىڭ قېشىغا كەلدى . خوجا ئەمرى بەختەككە غەزەپ قىلغان ئىدى ، بەختەك :

— ئەبۇلئەلىنى سىناپ باقماق ئۈچۈن شۇنداق قىلغانتۇق ، — دېدى . ئەبۇلئەلى بەختەككە غەزەپلىنىپ تۇراتتى ، بەختەك ئەمرىگە ئىشارەت قىلىپ :

— ساڭا بىرنەرسە بېرەي ، — دېدى . ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ئەبۇلئەلى بەختەكنى قويۇپ بەردى .

نۇشىرۋان بەختەككە :

— ھەي ۋەزىر ، ئەمدى ماڭا نېمە تەدبىر كۆرسىتىسەن ؟ ئەبۇلئەلىنىڭ تەشۋىشى بىر تەرەپ بولغاي ، — دېدى .

بەختەك دېدىكى :

— مەن بىر ھىيلە تاپتىم ، ئەبۇلئەلىنىڭ ئۇن جىنى بولسىمۇ بىرى

قۇتۇلالمايدۇ .

— ئۇ قانداق تەدبىر ؟ — سورىدى نۇشىرۋان .

— ئۇ شۇنداق تەدبىركى ، ئەتە ئەبۇلئەلى كەلگەندە مەن ئەرز قىلىپ : « مىسىردىن باج - خىراج كەلمىدى ، يارلىق بەرگەيسىز » دەيمەن . سىز : « بۇ ئىشقا كىم بارىدۇ ؟ » دەپ سورايسىز . جەزم قىلىمەنكى ، ئەبۇلئەلى « مەن بارىمەن » دەپ مەيدانغا چىقىدۇ . مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنى يوقىتىمىز ، — دېدى بەختەك .

ئەتىسى ئەبۇلئەلى كەلدى . ئۇلار سەندەلدە ئولتۇرۇشاتتى ، بەختەك سەندەلدىن چۈشۈپ ، پادىشاھنىڭ تەختى ئالدىغا كېلىپ :

— ئى پادىشاھئالەم ، مەلۇم بولغايكى ، ئۈچ يىل بولدى ، مىسىر ، يۇنان ، رۇملاردىن باج - خىراج كەلمىدى ، — دېدى . نۇشىرۋان سورىدى :

— نېمە سەۋەبتىن كەلمەيدۇ ؟

— ئىلگىرى گۇستىھەم بارار ئىدى ، گۇستىھەمنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ، بىر كىم بارمىدى . ئەمدى كىمنى ئەۋەتسەك بولار ؟ — جاۋاب بەردى بەختەك .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەبۇلئەلى غەزەپلىنىپ :

— گۇستىھەم بولمىسا باشقا ئەر يوقمىكەن ؟ مانا مەن بارىمەن . ئەگەر ئۈچ شەھەرنىڭ خىراجىنى ئېلىپ كېلەلمىسەم ، مېھرىنگارنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز تىلىمغا ئالمايمەن ! — دەپ ئەھدە قىلىپ لەشكەرلەرنى جابدۇندۇردى .

بەختەك ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۇلۇغلىرىغا « ئەبۇلئەلىنى كۆرسەڭلار شۇئان ئۇجۇقتۇرۇڭلار » دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى .

ئەبۇلئەلى يۇنانغا يۈرۈش قىلىپ ، ئەيدىن شاھنى ئۆلتۈرۈپ ، يۇنان ئەھلىنى ئەل قىلدى . ئۈچ يىللىق خىراجنى ئالدى . ئاندىن رۇمغا نامە ئەۋەتتى ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

« قەيسەر رۇم بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىنكى ، ئۈچ يىلدىن بۇيان نۇشىرۋان ئىبنى كەيقۇباد شەھرىيارىڭنىڭ تەخت پايەسىگە خىراج بەرمەيسىلەر ، پادىشاھ مېنى ئەۋەتتى ، باج - خىراج بەرمىسەڭ ، قولۇمغا شەمشەر ، گۇرزا ئېلىپ سېنى مەدايىنغا ئېلىپ بارىمەن . يۇنانغا باردىم ، ئۇنىڭ پالۋانلىرىنى قولۇمغا كەلتۈردىم ، ئەيدىن ئۆلدى . ئەمدى سېنىڭ دىيارىڭغا كەلدىم ، خىراجنى كېچىكتۈرسەڭ ، ئەيدىننىڭ كاللىسىنى كەسكەن قىلىچ سېنىڭكىنىمۇ كەسكۈسىدۇر » .

قەيسەر رۇم نامەنى يىرتتى . جەڭگە تەييارلاندى . نەچچە كۈن ئېلىشىپ ، ئاخىر پالۋانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەل بولدى . يۇنان بىلەن رۇمنىڭ خىراجىنى ئەبۇلئەلى مۇقبىلدىن مەدايىنغا ئەۋەتىپ بەردى . قەيسەرنى رۇمدا قويۇپ ، پالۋانلارنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ رۇمدىن كۆچۈپ مىسىرغا يۈردى . ئەزىز مىسرى « ئەبۇلئەلى يۇنان ۋە رۇمنى پاتىھە قىلىپ مىسىرغا كېلىۋاتقۇدەك » دەپ ئاڭلاپ ، بەگلىرىنى چىللاپ مەسلىھەت قىلدى . « ئەبۇلئەلى كەلسە ، ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالايلى ، مىسىرغا ئېلىپ كىرىپ مېھمان قىلىپ ، دورا بىھوش بېرىپ باغلاپ ، نۇشىرۋانغا ئەۋەتەيلى » دەپ قارار قىلىشتى .

ئەبۇلئەلى مىسىرغا يېتىپ كەلدى . ئەزىز مىسرى بەگلىرى بىلەن چىقىپ ھەدىيەلەر ئىنئام قىلىپ ، ئەبۇلئەلى بىلەن كۆرۈشتى . ئەبۇلئەلىمۇ ئەزىز مىسىرغا كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسىتىپ ، ئالىي لىباسلار كىيگۈزدى . ئەزىز مىسرى ئۇلارنى بارگاھىغا باشلاپ ئاپىرىپ شۇنداق كاتتا زىياپەت بەردىكى ، نەغمە - ناۋانىڭ ساداسى پەلەككە يەتتى . ئارقا - ئارقىدىن ساقىيان سەمەن ساقا پىيالىلەرنى گەردىشكە كىرگۈزۈپ تۇرۇشتى . تائاملار كەلتۈرۈلدى ، ئۇنىڭغا دورا بىھوش قوشۇلغان ئىدى . تائاملارنى يەپ ئەبۇلئەلى ۋە باشقا پالۋانلار ئارقا - ئارقىدىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى . ئان-

دىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باغلاپ كېچىسى ھەلەپ جەزىرىسىگە ئەۋەتتى. ئارقىدىن نۇشىرۋانغا: «ئەبۇلنى ھەممە پالۋانلىرى بىلەن قوشۇپ بەند قىلدۇق، نېمە يارلىق بار ئىكەن؟» دەپ نامە ئەۋەتىشتى.

نامە نۇشىرۋانغا يەتكەندىن كېيىن، نۇشىرۋان بەختەكتىن:

— نېمە قىلماق كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— ئى پادىشاھئالەم، — دېدى بەختەك، — بۇ ئىشنى ئەزىز مىسىرغا تاپشۇرۇپ «ئەبۇلئەلنى لەشكەرلىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى نۇشىرۋاننىڭ تەختى پايەسىگە ئەۋەتكىن» دەڭ.

پادىشاھ خوجا ئابۇزەر جەمھۇردىن سورىدى:

— ئەزىز مىسىرىنىڭ نامەسى كەلدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟

— مەن ئەبۇلئەلنىڭ تەلىيىگە قۇرئە سالغان ئىدىم، 195 يېرىم يىل ئۆمرى بار ئىكەن. ئەزىز مىسرى نېمە قىلالىسۇن؟ — دەپ جاۋاب بەردى خوجا ئابۇزەر ھاكىم. بەختەك:

— ئى پادىشاھىم، ئەبۇلئەلنى ئەمدى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۆز قولىڭىز بىلەن نامە پۈتۈڭ، — دەپ تەلەپ قىلدى. پادىشاھ ئۆزى قەغەز - قەلەم ئېلىپ «ئەبۇلئەلنى ئۆلتۈرسۇن» دەپ يازدى. نۇشىرۋاننىڭ نامەسى ئەزىز مىسىرغا يەتتى. ئەبۇلئەلنى ھەلەپتە بەند قىلدى.

ئەلقىسسە: مۇقبىل مەداينىدا ئىدى. ئۇ، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇرادەرلىرىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىرمۇنچە ھەتتارلىق ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ سودىگەر قىياپىتىدە يولغا چىقتى. ھەلەپكە بېرىپ، ئۇ يەردە ھەتتارلىق دۇكىنى ئاچتى. بىر تەرەپتىن سودا قىلىپ، بىر تەرەپتىن زىندان بەند بىلەن دوستلۇق ئورناتتى.

ئەمدى ھەلەپ جەزىرىسىنىڭ ھاكىمىغا كەلسەك، ئۇ ئەزىز مىسىرىنىڭ كۈيئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇ قىز چۈشىدە كۆردىكى، ئاسماندىن بىر ئىشىك ئېچىلدى، ئاندىن بىر تەخت چۈشتى. ئول تەختتە بىر نۇرانە كىشى ئولتۇرۇپتۇ، قىز ئۇ كىشىدىن: «سىز كىم

بولسىز ؟ » دەپ سورىدى . « مەن مۇقبىلنىڭ بوۋىسى بولىمەن » دېدى . قىز يەنە سورىدى : « مۇقبىل قەيەردە ؟» « ئۇ بازاردا دۇكان ئېچىپ ئولتۇرىدۇ . مەن سېنى شۇنىڭغا ئېلىپ بەرمەكچىمەن . سەن پالانى يەرگە بارساڭ ، ئۇنىڭ چىراي شەكلى ، رەڭگىرويى مۇنداق » دەپ غايىب بولدى . قىز شۇئان ئۇيقۇدىن بىدار بولدى . ئەتىگەندە تۇرۇپ بازارغا باردى . بوۋاي دېگەن يىگىتنىڭ دەل ئۆزى تۇرۇپتۇ . قىز ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى مۇقبىلغا ئېيتتى . كەچ كىرگەندە قىز مۇقبىلنى ئېلىپ زىندان بېشىغا باردى . زىندان بەند مۇقبىل بىلەن دوست ئىدى . قىز زىندان بەندكە نۇرغۇن ئىنئام بەردى . ئاندىن ئەبۇلئەلنى يارانلىرى بىلەن زىنداندىن خالاس قىلدى . بۇلارغا قىز ئاش - تائام بېرىپ بولۇپ ، بېرىپ ھەلەپ پادىشاھىغا تىغ تارتتى . پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئەبۇلئەلنى يارانلىرى بىلەن مېھمان قىلدى .

ئەبۇلئەلى ھەلەپتىن چىقىپ مىسىرغا باردى . سېپىل دەرۋازىلىرىنى ۋەيران قىلدى . ئەزىز مىسىرنى ئۆلتۈرۈپ ، شەھەردە داغدۇغا پەيدا قىلدى .

ئەزىز مىسىرنىڭ ناھۇرشا ئاتلىق بىر ئايال قىرىندىشى بار ئىدى ، ناھۇرشا ئۆزى ئەل بولۇپ ، 40 كېچە - كۈندۈز مېھمان قىلىپ ، ھاراق - شاراب ئىچىشىپ ئىشرەت قىلدى . ناھۇرشانىڭ بىر قىزى بار ئىدىكى ، بەغايەت ساھىبجامال بولۇپ ، ئۇنىڭ شۆھرىتى ئالەمگە پۇر بولغان ئىدى ، ئۇنى ئەبۇلئەلىگە كېنىزەك قىلىپ بەردى .

ئەبۇلئەلى ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئالدى . مىسىرنى ناھۇرشاغا تاپشۇردى . ھەلەپنى زىندان بەندگە تاپشۇردى . ئۆزلىرى مەدايىنغا راۋان بولدى .

# گۇستىھەمنىڭ مۇغلات پادىشاھىنى كەلتۈرگەنلىكى

ئەلقىسسە : گۇستىھەمنىڭ جاسۇسلىرى مۇغلات پادىشاھى زوفىننى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا :

— سىز بىرىپ نۇشىرۋاننىڭ كۆشەندىسى ۋە بېقىۋالغان ئوغلى ئەبۇلئەلىنى يوقىتىپ بەرسىڭىز ، مېھرىنىگارنى سىزگە بەرمەكچى ، — دېدى . زوفىن ماقۇل بولدى ۋە لەشكەر تارتىپ مەدايىنغا قاراپ يول ئالدى . ئەۋەتكەن جاسۇسلاردىن نۇشىرۋان خەۋەرسىز ئىدى . « مۇغلات شاھ لەشكەر تارتىپ كەپتۇ » دەپ نۇشىرۋانغا خەۋەر يەتتى . زوفىننىڭ لەشكەرلىرى مەدايىنغا يېقىن كەلگەندە ، ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ كەتتى . بۇ خەۋەرمۇ نۇشىرۋانغا يەتتى .

شۇنداق قىلىپ ، نۇشىرۋان تامام لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى . ئۇلار ئىراق زېمىنىدا ئۇچراشتى . زوفىن نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا 80 مىڭ ئالتۇن كۇلاھلىق ، ئالتۇن كەمەرلىك لەشكەر بار ئىدى . 4200 تاجدار خىزمىتىدە ئىدى ، 700 پالۋان گۇرزىلىرىنى تەييارلاپ ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى . زوفىن نۇشىرۋان شاھنى كۆرگىلى كەلدى ، كۆردىكى ، پادىشاھ بارگاھىنىڭ 1000 تۈۋرۈكى بولۇپ ، مىخلىرى ئالتۇندىن ، يوپۇقلىرى ئەتلەستىن ، تاناپلىرى ئەۋرىشىمدىن ئىدى . نۇشىرۋان تەختتە ئولتۇردى . زوفىنغا ئاش - تائام كەلتۈردى . شاھانە سورۇن ھازىرلىنىپ نەغمە - ناۋا

پەللىگە يەتتى .

نۇشىرۋان بىلەن زوفىن ئوتتۇرىسىدا ئەبۇلئەلىنىڭ گەپ - سۆزى چىقتى . گۇستىھەم ئارىغا چۈشۈپ ، ئەبۇلئەلىنى ئۆلتۈرۈپ بېرىشكە زوفىندىن ئەھدە ئالدى . زوفىن ئەبۇلئەلى بىلەن جەڭ قىلىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى .

ئەمدى گەپنى ئەبۇلئەلىدىن ئاڭلايلى :

ئەبۇلئەلى مەداينىغا كېلىپ ، بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپتى . ئاندىن مېھرىنىگارنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بارگاھىغا ئېلىپ كەتتى . مەئدى گۇستىھەمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئۇنىڭ قىزىنى ئالدى . خوجا ئەمرى بەختەكنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ، ئۇنىڭ قىزىنى ئالدى . ئۇلار قىزلارنى ئۆزلىرىگە نىگار قىلدى . بۇ خەۋەر نۇشىرۋانغا يېتىپ ، تامام لەشكەر مەداينىغا راۋان بولدى . ئەبۇلئەلى مېھرىنىگار قاتارلىق ئۈچ قىزنى مەككىگە ئەۋەتتى . ئاندىن ئەبۇلئەلى نۇشىرۋانغا نامە يوللىدى . نامە مۇنداق ئىدى :

« پادىشاھ زالىم ، بىلگىل ۋە ئاگاھ بولغىنكى ، سەن ماڭا لەندىھۇرنىڭ بېشىنى سەرەندىپتىن ئېلىپ كەلسەڭ قىزىمنى بېرىمەن دېدىڭ . لەندىھۇرنى تىرىك ئېلىپ كەلدىم . ئەمما ، قىزىڭنى بەرمىدىڭ . گۇستىھەمگە زەھەر بەرگۈزدىڭ . ئاندىن شەھىرى يۇنان ، شەھىرى رۇم ، شەھىرى مىسىرغا ئەۋەتتىڭ . قارۇنغا زەھەر بەرگۈزدىڭ . سەن ۋەدەڭدە تۇرماي قىزىڭنى يەنە مۇغىلاتقا بەرمەكچى بولدۇڭ ، ئۇل قىزنى خۇدا ماڭا بەردى . ئەگەر رازىلىقىڭ بىلەن قىزىڭنى ماڭا ھالال قىلىپ بەرسەڭ بەردىڭ ، بولمىسا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن تىغىمدا ئۆلگەنلەرنىڭ ھېسابىنى ئۆزۈڭ بېرىسەن» .

نامە نۇشىرۋانغا يەتتى . بەختەك نامەنى كۆرۈپ ئاچچىقلاندى ۋە

ئەلچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. پادىشاھ ھەرقانچە مەنئى قىلسىمۇ ئۇنىماي جېدەل چىقاردى. ئەلچىلەر تەستە چىقىپ كەتتى. بولغان ۋەقەنى ئەبۇلئەلىگە بايان قىلدى. نۇشىرۋان جەڭ قىلماق بولۇپ زوفىن بىلەن بىرلىشىپ سەپ تۈزدى. قاتتىق جەڭ بولدى. جەڭدە گۇستىھەم ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى جېنىدىن جۇدا بولدى. ئەبۇلئەلى زوفىندىن زەخمە يەپ مەككىگە ياندى. خوجا ئەمرى كېچىسى ھەييارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ زوفىن ياتقان يەرگە بېرىپ، ئۇنى دورا بىھوش بىلەن مەست قىلىپ قەلئەگە ئېلىپ كىردى. ئاندىن نۇشىرۋاننىڭ ئوردىسىغا باردى. ئۇنىڭغىمۇ دورا بىھوش بېرىپ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن بەختەكنى ئېلىپ كەلدى.

تاڭ ئاتتى، ئەبۇلئەلى بۇ ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ۋە:

— مەست قىلىپ تۇتۇپ كېلىش پالۋاننىڭ ئىشى ئەمەس، بۇلارنى قويۇپ بېرىڭلار! زوفىن بىلەن بەختەكنى نېمە قىلساڭلار مەيلى، ئەمما نۇشىرۋان ئاتام ھەم قېيناتامدۇر، ئۇنىڭغا ئازار يەتسە، مېھرىنگارنىڭ دىلى رەنجىيدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، زوفىن بىلەن بەختەكنى قەلئە دەرۋازىسىغا ئېسىپ 300 غۇلدىن ئۇرغۇزۇپ، خۇن ھەققى ئۈچۈن 3000 تۆگە ئاشلىق تاپشۇرغۇزدى. نۇشىرۋاننى ئازارسىز قايتۇردى. ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكەرلىرى دەمەشقتىن ئۆتۈپ، زوفىننىڭ مەملىكىتىنى ئالدى.

# چىن پادىشاھى ئەھمەدى ئارسلاننىڭ نۇشىرۋاندىن خۇن تەلەپ قىلغانلىقى

نۇشىرۋان پەرەگدىن چىقىپ سەقلاتقا يەتكەن ئىدى، «چىن پادىشاھى ئەھمەدى ئارسلان كېلىۋاتىمىش، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى قۇم - تۇپراقتىن تولىمىش» دەپ خەۋەر يەتتى. نۇشىرۋان دەرھال ئەلچى ماڭدۇرۇپ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئەھمەدى ئارسلان غەزەپ بىلەن:

— ھەي ئەلچى، مېنىڭ ئاغام بەھرامنى ھىيلە بىلەن ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرۈپسىلەر، ئۇنى نۇشىرۋان ئۆلتۈردى. مەن ئۇ چاغدا كىچىك ئىدىم، ئەمدى چوڭ بولدۇم، ئاغامنىڭ خۇنىنى تۆلىتىمەن، مەداينىنىڭ شەھەرلىرىنى ۋەيران قىلىمەن. مېنىڭ ئالدىمدا 12 مىڭ ئالتۇن كۇلاھلىق، ئالتۇن كەمەر، ئالتۇن تاجلىق شاھ بار. لەشكەرلىرىمنىڭ ھېسابى يوق، مىڭ جېڭىلار بولسىمۇ مەندىن قۇتۇلالمايسىلەر. نۇشىرۋاننىڭ تامام لەشكەرلىرى مېنىڭ بىر پالۋىنىمغا تەڭ بولالمايدۇ. ئەگەر پۈتمىسەڭ كۆرۈپ باققىن! — دەپ پەرمان قىلدى.

ئەلچى ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ قارىغان ئىدى، سىپاھلار شۇنداق كۆپ ئىدىكى، 20 مىڭ ئۇمۇدبەردار، 20 مىڭ بەلارەك ئەندازنى كۆردى. ھەممىسى ئاجايىپ غەييۇر ئىدى. ئەلچىلەر ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ:

— ئى پادىشاھىم، بەھرامنى نۇشىرۋان قويۇپ بەرگەن ئىدى، گۇستەھەم بىلەن ئەبۇلئەلى ئۆلتۈردى. نۇشىرۋان ئاچچىقلاپ گۇستەھەمنى ئۆلتۈردى. ئەمما، ئەبۇلئەلىگە كۈچى يەتمىدى. ھازىر جەڭ ئۈستىدە ئى-

دۇق ، سىلەرنى كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ ، نۇشىرۋان ناھايىتى خۇش بولدى ، — دېدى . ئەھمىدى ئارسلان :
— سىلەرنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى ئىدىم ، قايتىڭلار . ئەبۇلئەلنى ئامان قويمايمەن ، — دەپ ئەلچىلەرنى يولغا سالدى .
ئەلچىلەر كېلىپ تامام ۋەقەنى بايان قىلدى . نۇشىرۋان ئاڭلاپ غەمدە قالدى ، قالغان شەھەرلەرگە تېز لەشكەر ئەۋەتىشكە پەرمان قىلدى . رۇم ، ئىراق ، چىن ماچىن ، ھىرات قۇم ، كاسان قاتارلىق جايلارغا ھەييارلار كېچىلەپ نامە ئېلىپ باردى . ئۇلار نامەنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ سىپاھلىرى بىلەن مەدايىنغا ، بەزىلىرى سەقلاتىقا راۋان بولدى . يەنە : «ئەھمىدى ئارسلان كۇھىستان يولى بىلەن مەدايىنغا كېتىپتىمش ، نۇشىرۋاننىڭ شەھىرىنى ۋەيران قىلىپ ، بالا - ۋاقىلىرىنى ئەسىر قىلىپ ، مەدايىندا تۇرۇپ جەڭ قىلىمەن دەپتىمش » دېگەن خەۋەر نۇشىرۋانغا يەتتى . نۇشىرۋان شۇئان 20 لەك لەشكەرنى مەدايىننى قوغداشقا ئەۋەتتى .
بۇ خەۋەر ئەبۇلئەلگە يەتتى . مېھرىنىگار ئاتىسى نۇشىرۋاندىن ۋە ئەھلى جامائەتتىن ئەنسىرەپ ، ئەبۇلئەلدىن ياردەم تەلەپ قىلدى . ئەبۇلئەلى دەرھال لەشكەر چىقىرىپ ئەھمىدى ئارسلان ئۆتىدىغان كۇھىستان يولىنى توستى ۋە مۇنداق نامە ئەۋەتتى :

« ھەي ئەھمىدى ئارسلان ، ئەگەر ئەر بولساڭ ، ئەرلەر بىلەن جەڭ قىلغىن ، خوتۇنلار بىلەن جەڭ قىلماق پالۋانلارغا مۇناسىپ ئەمەستۇر . ‹ ئەھمىدى ئارسلان كېلىپ ئەرلەردىن قېچىپ خوتۇنلار بىلەن جەڭ قىلغان › دېگەن نامغا قالساڭ ، تا قىيامەتكىچە نەپرەتكە قالىسەن . نۇشىرۋان يەتتە ئىقلىم پادىشاھىدۇر ، سەن بولساڭ بىر ئىقلىم پادىشاھى . نۇشىرۋاننىڭ قىزى مەندىدۇر . جەڭ قىلساڭ مەن بىلەن قىل ، مەن ساڭا ئۇلارنى ھەرگىز ئەسىر قىلىپ بەرمەيمەن » .

نۇشىرۋاننىڭ 20 لەك لەشكىرى كۇھىستان يولىنى توسۇپ تۇرغان ئىدى، ئەھمىدى ئارسلاننىڭ كېلىشى بىلەن قېچىپ مەداينىغا بېرىپ دەرۋازىنى تاقاپ تۇردى. نۇشىرۋان لەشكەرلىرىنىڭ قېچىشىغا، ئەبۇلئەلىنىڭ سەركەردىلىرىدىن لەندىھۇر كۇھىستان يولىنى توسۇپ ئەھمىدى ئارسلان لەشكىرىنى ئۆتكۈزمىدى.

بۇ خەۋەر ئەھمىدى ئارسلانغا يېتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئىككى تەرەپ سوقۇشقا كەلدى، ئەبۇلئەلى ئەھمىدى ئارسلاننىڭ يولىنى قويۇپ بەردى. ئەھمىدى ئارسلاننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ نۇشىرۋان جەڭگە تەييارلاندى. ئەمما، زوفىن بىلەن بەختەك ئەھمىدى ئارسلانغا تەسلىم خېتى تاپشۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئەبۇلئەلىنى يوقاتماقچى بولدى. پادىشاھ ھەرقانچە مەنئى قىلسىمۇ ئۇنىماي مۇنداق نامە يازدى:

« ئى ئەھمىدى ئارسلان، ئەگەر پادىشاھلىق كېرەك بولسا، تاج جەمشىتكە كېلىڭ ۋە تەخت كىيانىدا ئولتۇرۇڭ. بىز سىزگە خىزمەتكار بولىمىز. ناۋادا دۇنيا كېرەك بولۇپ قالسا، كىيانىلارنىڭ خەزىنىسىنى سىزگە بېرىمىز. بەھرامغا تەقدىر قازا يەتكەن ئىكەن، پۇشايمان پايدا بەرمەس. ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكىرى ئالدىڭىزنى توسۇپتۇ. خالىسىڭىز بىرلىشىپ شۇلارنى يوقىتايلى ».

ئەھمىدى ئارسلان مۇنداق دەپ نامە يازدى:

« ھەي چۇمۇلىلەر، ئەبۇلئەلىنىڭ لەشكىرى بولمىغان بولسا، بۇ كەمگىچە مەداينىنى ۋەيران قىلىپ، نۇشىرۋانىنى ئەسىر قىلغان بولاتتىم. سىلەردەك ياخشىلىقنى بىلمەيدىغانلارغا رەھىم قىلىش گۇناھدۇر ».

ئەھمىدى ئارسلان نامەنى يېزىپ بولۇپلا جەڭگە ھازىرلىق قىلدى ، ئاڭغىچە ئەبۇلئەلى يېتىپ كەلدى ۋە بەختەكنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ يولنى قويۇپ بەردى . بىر - ئىككى ھۇجۇم بىلەن نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرىنى باسرۇق قىلدى ، نۇشىرۋان قېچىپ مەدايىنغا كەتتى . بۇ چاغدا نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كەلدى . رۇم ، مىسىر ، شام ، ئىران ، باغدات ، كۇفى ، يەمەن ، ھىسار ، ئىسفىھان ، خارىتىمى جورجان ، مازاندىران ، تەبرىز ، ھىرات ، مەشھەد ، بۇخارا ، سەمەرقەنت پادىشاھلىرى جەڭگە تەييارلاندى . نۇشىرۋان تۇغ تۇۋىدە تۇردى . چىن لەشكىرى تەرەپتىن پالۋان ، مۇبارىزلەر مەيدانغا چۈشتى . ئۆلگەن ئادەمنىڭ ھېسابى يوق ئىدى . جەڭ ئۇدا سەككىز كۈن داۋاملاشتى . نۇشىرۋان غەمكىن ئىدى . ئەبۇلئەلى ئارىغا چۈشۈپ ئەھمىدى ئارسلانغا بەھرامنى گۇستەھەمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ ، نۇشىرۋاننىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلدۈردى . شۇنىڭ بىلەن جەڭ توختىدى ، ئەھمىدى ئارسلان خاقان چىنغا ياندى . نۇشىرۋان ئەبۇلئەلىدىن مىننەتدار بولدى ۋە مېھرىنىگار بىلەن ئەبۇلئەلىنىڭ توينى قىلىپ بەردى . ئاندىن بەختەكنىڭ بارلىق بايلىقىنى خوجا ئەمرىگە تاپشۇردى . ئەبۇلئەلى بىلەن ئاتا - بالا بولۇپ ئىناق - ئىجىل ئۆتتى ، مەسلىھەتسىز ئىش قىلمىدى .

# نۇشىرۋاننىڭ دارغا ئېسىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى

بىر كۈنى خانىش نۇشىرۋانغا :

— ئەمدى سىز مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپ ، كىيىملىرىمنى كىيىپ خوتۇن بولۇڭ ، مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا نۇشىرۋان بولۇپ تەختتە ئولتۇراي ، نەچچە مەرتىۋە جەڭ قىلىپ ئەبۇلئەلىدىن پەشۋا يەپ كەلدىڭىز ... — دەپ تەنە قىلدى .

نۇشىرۋان بۇ گەپكە چىدىماي ، ئۆزى يالغۇز بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە يول يۈردى . يولدا بىر پادىچى ئۇچرىدى . نۇشىرۋان شاھانە سەرپايلىرىنى پادىچىغا بېرىپ ، پادىچىنىڭ كونا چەكمىنىنى ئۆزى كىيىپ ، ئالتۇن پىچاقنى ئۇنىڭغا بېرىپ ، زەبۇن پىچاقنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى . شۇ ماڭغانچە بىر يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىرقانچە يىگىت ئولتۇرۇپتۇ . نۇشىرۋان كۆڭلىدە « يىگىتلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي ، ئۇلار بىر - بىرىنى قانداق ئىسىم بىلەن چاقىرسا ، مەنمۇ ئۆزۈمگە شۇ ئىسمنى قوياي » دەپ ئويلاپ تۇرغان ئىدى ، يىگىتلەرنىڭ بىرسى :

— ھەي كەتتى كوسكوس ، — دەپ بىرەيلەننى چاقىردى .

نۇشىرۋان ئۆزىگە « كوسكوس » دەپ ئات قويۇپ يولغا راۋان بولدى . شۇ ماڭغانچە ئۈچ كۈن يۈرۈپ بىر ئۈزۈملۈك باغقا يەتتى . ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى . شورىدىن كىرىپ ، ئۈزۈمگە ئەمدىلا قول ئۇزىتىشىغا ، بىر ئىت كۆرۈپ قاۋىغىنىچە يۈگۈرۈپ كەلدى . ئىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ

باغۋەن كىرىپ، نۇشىرۋاننى تېرەككە باغلاپ، ئۆزۈم يېگەننىڭ جازاسىنى راسا بەردى. نۇشىرۋان بىر كېچە ـ كۈندۈز باغلاقلىق تۇردى. باغۋەننىڭ 300 تۇخۇسى بار ئىدى. نۇشىرۋاننى توخۇ باققىلى قويىدى. نۇشىرۋان ئادىلدەك يەتتە ئىقلىم پادىشاھى قورساق ئۈچۈن توخۇ باققۇچى بولۇپ قالدى. باغۋەن كۈندە نەچچە قېتىملاپ:

— هەي پالاكەت كوسكوس، توخۇلىرىمنى ئوبدان باق! — دەپ تاپىلاپ قوياتتى.

بىر كۈنى نۇشىرۋان توخۇ بېقىۋاتاتتى، بىر توخۇ قاچماقچى بولدى. «تاخ» دەپ بىر چالما ئاتقان ئىدى، چالما توخۇنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويدى. نۇشىرۋان ئۇ يەردىن قېچىپ يەنە تۆت كۈن يول يۈرۈپ، بىر ئاشپەزنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ، ئوچىقىغا ئوت قالىدى. ئاشپەز كۈندە بىر پۇللۇق ئاش بەردى.

بىر كۈنى بىر سىپاھ كېلىپ ئاش ئالدى ھەم:

— ئاشنى ئەۋەتىپ بەرگىن، — دېدى. ئاشپەز نۇشىرۋاننى چاقىرىپ:

— پالاكەت كوسكوس، بۇ ئاشنى ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى. نۇشىرۋان ئاشنى كۆتۈرۈپ ئازراق ماڭغان ئىدى، پۇتلىشىپ يىقىلىپ كەتتى، ئاش تۆكۈلدى. ئاشپەز نۇشىرۋاننى ئاچچىقى چىققۇچە ئۇردى ۋە: «نەدىن كەلگەن بولساڭ شۇ يەرگە كەت» دەپ ھەيدەپ چىقاردى. نۇشىرۋان بىر سارايغا بېرىپ ئوت قالىدى، ئىشى ئەپلەشمەي قوغلاندى. ئاندىن بىر لەڭگەرگە كەلدى.

ئەمدى گەپنى ئەبۇلئەلدىن ئاڭلاڭ:

ئەبۇلئەلى بەسىرىنىڭ بويىدا ئىدى. چەۋەنداز ھەييار بارگاھقا كىرىپ ئەبۇلئەلگە بىر پارچە نامە بەردى. نامەدە مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

«مەنكى خوجا ئابۇزەر جەمھۇردۇرمەن. ئى ئوغلۇم، بۈگۈن 20 كۈن بولدى، نۇشىرۋان يوقاپ كەتتى. ھېچ

يەردىن نامە ـ نىشان ئالالمىدۇق . ئۇنى سىز تېپىپ كېلىڭ ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭ سىزدە ئاتىلىق ھەققى بار . نامە تامام ۋەسسالام » .

ئەبۇلئەلى دەرھال خوجا ئەمرى ، مۇقبىللارنى ھەمراھ قىلىپ قەلەندەر سىياقىدا بولۇپ يولغا چىقتى . لەشكەرلەرگە لەندىھۇرنى سەردار قىلىپ قويدى . ئۇلار ئاندا ئىزدەپ ـ بۇندا ئىزدەپ ئاخىر لەڭگەرگە كەلدى . لەڭگەردە 40 قەلەندەر بولۇپ ، چوڭىنىڭ ئىسمى بەھرام دەرۋىش ئىدى . ئەبۇلئەلى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاتار ئولتۇردى . چوڭ قەلەندەر :

— سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار ؟ — دەپ سورىدى . خوجا ئەمرى جاۋاب بېرىپ :

— بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاش ماكانىمىز يوقتۇر ، — دېدى ، ئاندىن ئەبۇلئەلىنى كۆرسىتىپ ، — بۇنىڭ ئىسمى دەرۋىش پاكىدۇر ، — دېدى ، مۇقبىلنى كۆرسىتىپ ، — بۇنىڭ ئىسمى دەرۋىش خاكىدۇر ، — دېدى .

نۇشىرۋان دەرۋىش بەھرامنىڭ خىزمەتكارى بىلەن ئوتۇنغا كەتكەن ئىدى . بىر چاغدا نۇشىرۋان بىر يۈدە ئوتۇننى ئېلىپ كەلدى . ئۇ ئەبۇلئەلىنى تونۇمىدى . بىر قەلەندەر نۇشىرۋانغا :

— ھەي پالاكەت كوسكوس ، چىلىمنى كەلتۈرگىن ، — دېدى . ئەبۇلئەلى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى . شۇنداق قىلىپ ، مۇشۇ لەڭگەردە تۇرۇپ قالدى . ئۇلار كۈندە ئوتۇن توشۇيتتى . 10 كۈن بولغاندا ئەبۇلئەلى دېدىكى :

— ھەي پاكى قەلەندەر ، مېنىڭ قېشىمدا تۇرغىن ، سەن بولساڭ جايدار ، بىز بولساق مۇساپىر . مۇڭدىشايلى ، — بۇ گەپ بىلەن نۇشىرۋان كېچىسى ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىدا ياتتى ۋە كۆپ مۇڭداشتى . ئاخىر ئەبۇلئەلى ئۇخلاپ قالدى . ئۇنىڭ بېشىدىن كۇلاھى چۈشۈپ كەتكەن ئىدى ، نۇشىرۋان ئۇنى تونۇپ قالدى ـ دە ، بەھرام دەرۋىشنىڭ ئاشخانىسىدىن

ئىككى نانىنى ئوغرىلاپ قاچتى . ئەبۇلئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ، ئۇ ھېچ يەردە يوق . قەلەندەردىن سورىغان ئىدى ، ئۇلار :

— ئاشخانىدىن ئىككى نانىنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ ، — دېيىشتى . ئەبۇلئەلى دەرۋىشلەر بىلەن خوشلىشىپ نۇشىرۋانىنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى .

نۇشىرۋان لەڭگەردىن چىقىپ بىر دەرياغا يەتتى ، كېمىچىگە بىر ئۆزۈك بېرىپ دەريادىن ئۆتتى . ئەفرەج دەيدىغان بىر قەلئە باز ئىدى ، شۇ يەرگە كەلدى .

ئەبۇلئەلى نۇشىرۋانىنى قوغلاپ دەريا بويىغا كەلدى . كۆردىكى ، كېمىچىنىڭ قولىدا نۇشىرۋانىنىڭ ھېكمەت ئۆزۈكى تۇرۇپتۇ . ئەبۇلئەلىلەر دەريادىن ئۆتۈپ ، قەلئەگە بارغاندىن كېيىن تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەشكە باشلىدى . ئەفرەجنىڭ تۆت كوچىسىغا كېلىپ ، مەدىكارلارنىڭ قاتارىدا تۇردى . ئۇ يەردە خوجا سەئىد دەيدىغان بىر خوجا بار ئىدى . خوجا ئەبۇلئەلىنى مەدىكارلىققا ئالدى . ئۇنىڭ بېغىدا يوغان بىر دۆڭ بار ئىدى . كەتمەننى بېرىپ ھېلىقى دۆڭنى تۈزلەشكە بۇيرۇدى . خوجا سەئىدنىڭ بىغايەت چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى . ئەبۇلئەلىگە شۇ قىزدىن ئاش - تائام كىرگۈزۈپ تۇردى . ئەبۇلئەلى قىزغا ئاشىق بولدى . خوجا سەئىد قىزىنى ئەبۇلئەلىگە نىكاھلاپ بەردى .

نۇشىرۋان دەريادىن ئۆتۈپ ، قەلئە ئەفرەجكە كەلدى . ئۇزاق يول يۈرگەچكە قورسىقى ئاچقان ، ئەمما قولىدا پۇل يوق ئىدى ، قولىدىكى ئۆزۈكنىڭ بىرىنى كېمىچىگە بەرگەن ، يەنە بىرى بار ئىدى ، ئۇنى ناۋايغا بېرىپ نان ئالماقچى بولدى . ناۋاي كۆردىكى ، بىر قەلەندەرنىڭ قولىدا شاھلارنىڭ ھېكمەت ئۆزۈكى تۇرۇپتۇ . شۇئان كىيۋان شاھقا مەلۇم قىلدى ، كىيۋان شاھ نۇشىرۋانىنى « ئوغرى » دېگەن بەتنام بىلەن دارغا ئاسماقچى بولدى .

ئەتىسى خوجا ئەمرى :

— ھەي ئەبۇل ، نۇشىرۋانىنى كىيۋان شاھ تۆت كوچا ئېغىزىغا ئاپىرىپ دارغا ئاسماقچى بولۇپتۇ ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى . ئەبۇلئەلى

شۇئان بېرىپ كۆردىكى، جاللاتلار نۇشىرۋاننىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ، ئىككى پۇتىنى يەردىن كۆتۈرۈپتۇ. ئەبۇلئەلى بارغان پېتى بىر نەرە تارتىپ سىرتماقنى كېسىپ، نۇشىرۋاننى داردىن خالاس قىلدى.

ئۇلار نۇشىرۋاننى مەداينىغا ئېلىپ كېلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

نۇشىرۋان ئۈچ پەرزەنتىگە ئاتاپ شاھانە توي بەردى. تويدىن كېيىن ئۈچەيلەن نۇشىرۋان بىلەن خوشلىشىپ، دەريا بەسىرنىڭ بويىدىكى قارارگاھىغا ياندى.



# نۇشىرۋاننىڭ خوجا ئەمرىنى تۇتقىلى 40 ھەيىيارنى ئەۋەتكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق ئېيتىدۇكى، نۇشىرۋان ئىسفىھانغا يەتتى. پەندە گۇدرەت ئىسفىھانى بىلەن ھەربىر ئىسفىھانى ھەررانى دېگەنلەر ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۇلار ئۇرۇكىق دەرياسىنىڭ بويىغا چۈشتى. ئۇلار كۆپ ھال - مۇڭ بولۇشۇپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. بەختەك توساتتىن نۇشىرۋاننىڭ بېقىۋالغان ئوغۇللىرى ئەبۇلئەلى، ئەمرى، مۇقبىل توغرىسىدا سۆز ئېچىپ، ئارىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش ئەھۋالىنى بايان قىلدى. پەندە گۇدرەت بەختەكنىڭ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— خوجا ئەمرىدىن خاتىرجەم بولۇڭلار. مېنىڭ شۇنداق ھەيىيارلىرىم باركى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا خوجا ئەمرى بىر تامچە سۇغا باراۋەردۇر، — دەپ كۇلبات ئىسفىھانى ئىسىملىك بىر مەككارنى چاقىردى. كۇلبات 40 ھەيىيار بىلەن كېلىپ تۇردى.

پەندە گۇدرەت دېدىكى:

— ھەي كۇلبات، خوجا بەختەك خوجا ئەمرىدىن قالتىس قورقۇپ كېتىپتۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىن قورقۇپ بەخىرامان ئۇخلىيالمايدىكەن. سەن بېرىپ خوجا ئەمرىنى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىپ، بەختەككە خاتىرجەملىك بەرگەيسەن، پادىشاھ ئادىل غەمدىن خالاس بولغاي.

كۇلبات ماقۇل بولدى، ئەمما دېدىكى:

— خوجا ئەمرى شۇنداق ھەيياركى 72 سۇرەتتە ئۆزگىرەلەيدۇ
بىز تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەيمىز . نامە پۈتۈپ بەرگەيسىز .

پەندە گۇدرەت شاھ ھەمدانغا نامە پۈتۈپ بەردى . كۇلبات 40 ھەي-
يار بىلەن ھەمدان تەرەپكە راۋان بولدى .

ئەبۇلئەلىگە كەلسەك ، خوجا ئەمرىنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— ئى ئەمرى ، پادىشاھ ئادىل ئىسفىھان تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ .
سىز بېرىپ ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەيسىز ، — دېدى . خوجا ئەمرى
يولغا راۋان بولدى .

خوجا ئەمرى بىلەن كۇلبات ئىككىسى بىر شەھەرنىڭ ئىككى
دەرۋازىسىدىن تەڭلا كىردى ، كۇلبات مەشرىق دەرۋازىسىدىن ، خوجا
ئەمرى مەغرىب دەرۋازىسىدىن كىردى ، كۇلبات شاھ ھەمداننىڭ ئالدىغا
باردى ۋە ئېلىپ كەلگەن نامەسىنى تۇتۇپ بەردى .

خوجا ئەمرى بىر ئاشپەزنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تائام يەپ ئولتۇرغان
ئىدى ، بىر يىگىت كىرىپ كەلدى . خوجا ئەمرى يىگىتتىن گەپ
سوراشنى بىلەپ كۆرۈپ ، ئاشپەزدىن :

— بۇ كىم ؟ — دەپ سورىدى . ئاشپەز جاۋاب بېرىپ :

— مېنىڭ ئوغلۇم ، ئىسمى ئەبۇلخەيرى ، ھەييارلىقتا جاھان
يېگانىسى خوجا ئەمرىنىڭ شاگىرتىدۇر ، — دېدى .

خوجا ئەمرى ئۇنىڭ ئۆز سىڭلىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلدى .
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ، ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى . خوجا ئەمرىنىڭ يانچۇقىدا
دورا بىھوش بار ئىدى . كۆرۈشۈپ بولغۇچە ئەبۇلخەيرى دورا بىھوشنى
ئوغرىلاپ خوجا ئەمرىنى قۇرۇقداپ قويدى . خوجا ئەمرى ھەرقانچە
ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىدى . ئەبۇلخەيرى دورا بىھوشنى خوجا ئەمرىگە قايتۇ-
رۇپ بەردى .

خوجا ئەمرى ئۇ يەردىن قايتىپ بازارغا چىقتى . كۆردىكى ، كۇلبات
ھەييارلىرىنى ئەتراپىغا يىغىپ كوچىدا ئولتۇرۇپتۇ . خوجا ئەمرى بىر تال
يالغان لەئىلنى ئاپىرىپ كۇلباتقا ھەدىيە قىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن

كۆرۈشتى . ياناشىدا كۇلباتنىڭ بىر پاي كەشىنى ئوغرىلىۋالدى .

كۇلبات خوجا ئەمرى كېتىپ بىر ئاشپىشىمدىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى . قارىسا بىر پاي كەشى يوق تۇرغان . ئۇ ، بىر پاي كەشمنى ھەيـيار ئوغرىلاپ كېتىپتۇ دەپ ئويلاپ ، مىرزىدار تازغا ئىككى تەڭگە پۇلنى بېرىپ :

— سەن موزدۇزغا بۇيرۇغىن ، ئەتە مۇشۇ چاغدا بىر پاي كەش تەييارلاپ قويسۇن ، — دېدى .

ھەييار بېرىپ موزدۇزغا ئىككى تەڭگە پۇلنى بېرىپ ، بىر پاي كەش بۇيرۇتۇپ قايتىپ كەلدى . خوجا ئەمرى موزدۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ بىر پاي كەشنى كۆرسىتىپ :

— پالۋاننىڭ بىر پاي كەشى تېپىلدى ، — دېدى ھەمدە موزدۇزدىن ئىككى تەڭگە پۇلنمۇ ئېلىپ كەتتى . بىر كەمدىن كېيىن كۇلبات كەلدى . گەپنى ئۇقۇپ كۆپ خىجىل بولدى . كۆڭلىدە خوجا ئەمرىنىڭ تورىغا چۈشۈپتىمەن ، دەپ ئويلاپ ، قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرغاننىڭ ئۈستىگە ، بىر دەللال خوتۇن كىرىپ كەلدى . كۇلبات :

— ھەي دەللال ، بۇگۇن كېچە ماڭا بىر جۇۋان تېپىپ بەرگىن ، شاراب قۇيۇپ بەرسۇن ، كۆڭلۈمنى ئېچىۋالاي ، — دەپ دەللالغا بىر چاڭگال پۇل بەردى ، دەللال شۇئان خوتۇن تېپىپ بەرمەك بولۇپ چىقىپ كەتتى .

خوجا ئەمرى كۇلباتنىڭ غەرىزىنى پەملىدى ـ دە ، سودىگەر سۇرىتىدە ياسىنىپ ، دەللال خوتۇننىڭ قېشىغا كەلدى .

— ھەي ۋالىدە ، — دېدى ئۇ ، — مەن بىر سودىگەر ، تېخى ئىش كۆرمىگەن بىر سىڭلىم بار ئىدى ، سودىگەرچىلىك بىلەن سىرتقا چىقماقچى ئىدىم ، سىڭلىمنى يالغۇز قويغىلى كۆڭلۈم ئۇنىمىدى . سىزگە تاپشۇرۇپ بەرسەم ، خەۋەر ئېلىپ تۇرسىڭىز ياكى مۇناسىپ ئەر چىقىپ قالسا بېرىۋەتسىڭىز ، — دېدى . بۇ تەكلىپ دەللالغا خۇش ياقتى . خوجا ئەمرى :

— مەن بىرىپ سىڭلىمنى ئەۋەتىمەن ، — دەپ دەللال بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . دەللال سۆيۈنگىنىدىن كۇلباتنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ساڭا بىر قىز تېپىپ قويدۇم ، نامازشام بىلەن كەلگىن ، — دەپ قويۇپ يېنىپ كەلدى .

خوجا ئەمرى قىز سۈرىتىدە ياسىنىپ دەللالنىڭ قېشىغا كەلدى . دەللال بۇ « قىز »نى كۇلباتقا تاپشۇردى . كۇلبات خوجا ئەمرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا پوخورلۇق قىلىپ ئالدىراتقىلى تۇردى . « قىز » ئۆزىنى قاچۇرۇپ :

— ئى كۇلبات ، سەندە نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ ؟ مەن تېخى ئەر كۆرمىگەن قىز . سەن ئىش باشلىغاندا ، قورقۇپ توۋلاپ قويۇش ئېھتىمالىم بار . ئادەملىرىڭ يىراق كەتسۇن ، ئاندىن قانداق قىلالىساڭ شۇنداق قىلىۋال . ھۇزۇر كۆرسەڭ تەڭ كۆرىمىز ئەمەسمۇ ؟ — دېدى . كۇلبات ئادەملىرىنى يىراق كېتىشكە بۇيرۇپ يالغۇز قالدى .

خوجا ئەمرى ئۆيگە سەپسالغان ئىدى ، ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ھالقا بېكىتىلگەن تاسما ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ .

— بۇ نېمە تاسمىلار ؟ — دەپ سورىدى خوجا ئەمرى . كۇلبات جاۋاب بېرىپ :

— خوجا ئەمرىنى تۇتقىلى كەلدىم . ئۇنى تۇتۇۋالسام ، مۇشۇ تاسمىلار بىلەن باغلاپ ئاسىمەن ، — دېدى . خوجا ئەمرى دېدىكى :

— مەن خەقتىن « كۇلبات دېگەن پالۋاننىڭ ناھايىتى كۆپ ھالقىلىق تاسمىلىرى بارمىش . ھەييارلىق بىلەن توشقانلارنى تاسمىدا باغلىۋالارمىش » دەپ ئاڭلىغان ئىدىم ، سىزنىڭ بۇ ھۈنىرىڭىزنى كۆرۈشكە شۇنداق تەشنا ئىدىم ، بۈگۈن مۇرادىمغا يېتىپتىمەن . مېنى مۇشۇ تاسمىلىرىڭىز بىلەن ئېسىپ باقسىڭىز ، ھۈنىرىڭىزنى كۆرۈپ باقسام .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ، سىزدەك رەنانى قانداقمۇ ئاسقىلى بولسۇن؟! ئەگەر ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز ، مەن سىزگە ئۆگىتىپ قوياي . سىز مېنى

ئىسىك ، — دەپ كۆرسىتىپ بەردى ۋە بىر ھالقىنى قولىغا ، بىر ھالقىنى پۇتىغا سىلىپ ، بىر تاسمىنى قولىغا بەردى . خوجا ئەمرى تاسمىنى قولىغا ئىلىپ تارتقان ئىدى ، كۇلبات ئۆمۈچۈكتەك ئۆيىنىڭ تورۇسىغا چىقىپ باغلاندى . خوجا ئەمرى ئۇنى مەھكەم باغلاپ بولۇپ ، قولىغا ھەييارلىق قامچىسىنى ئالدى - دە ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇرۇپ شۇنداق ئازابلىدىكى ، كۇلبات تۇغۇلغىنىغا مىڭلارچە پۇشايمان ئەيلىدى . تاڭ ئاتاي دىگەندە خوجا ئەمرى ئۇنىڭ مال - دۇنيالىرىنى ئىلىپ بەدەر كەتتى .

ئەتىسى ھەييارلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ، پالۋاننىڭ قىشىغا كىرىپ كۆردىكى ، كۇلبات ئىسلىپ تۇرۇپتۇ . ھەييارلار ھەيران بولۇپ كۇلباتنى بوشاتتى . كۇلبات شۇ خاپىلىقتا قوپۇپ بازارغا چىقىپ ، بىر دوقمۇشتا ئولتۇردى ، ھەييارلار چۆرىسىدە ئىدى . خوجا ئەمرى سودىگەر سىياقىدا بولۇپ ئۇلارنىڭ يىنىغا كەلدى . كۇلبات ئۇنى تونۇپ قالدى - دە ، « قىلىدىغان سودام بار ئىدى » دەپ خوجا ئەمرىنى چاھارباغقا ئىلىپ كەلدى . ئاندىن ئىككى پۇتىنى باغلاپ ئىسىپ قويدى .

تۈن نىسپى بولغاندا بىر ھەييار قوپۇپ :

— ئى پالۋان ، بۈگۈن بىر ئىش قىلىڭكى ، ئادەم زاتى قىلىپ باقمىغان بولغاي ، شاشمىشكە خەۋەر بەرسىڭىز ، ئۇ بىزگە مەجلىس ئەسۋابىنى بەرسە ، — دىدى . كۇلبات :

— ھەي دۆرىن ھەييار ، يەلتاپان ھەييار ، پىلغاپ ھەييار ، سىلەر بىرىپ شاشمىشنىڭ بىشىنى ئىلىپ كىلىڭلار ، — دىدى . ھەييارلار پەر-مانىنى ئىلىپ كىتىپ بارغان ئىدى ، « ئاتاڭغا لەنەت ھەي كۇلبات ، سىنىڭ كاساپىتىڭدىن بالاغا قالدىم » دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . بۇ ئۈچ ھەييار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يۈگۈردى . بىرىپ قارىسا ، بىر يىگىت ئىشەككە ئىككى كۈپ شارابنى يۈكلەپتۇ . ئىشەكنى ھەيدەپ يىغلىغانچە كۇلباتنى قارغاپ كىتىۋاتقۇدەك . دۆرىن ھەييار ئۇنىڭدىن :

— ھەي يىگىت ، كۇلبات ساڭا نىمە قىلدى ؟ ئۇنى نىمە ئۈچۈن قارغايسەن ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەي ئاكا، — دېدى يىگىت جاۋابەن، — مېنىڭ ئاتا - ئانام يوق، ئىككى ئۇكام بار. ھەر كۈنى بۇ ئېشەكتە ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ ئۇكىلىرىمنى ئاران باقاتتىم. ئەمدى ئۇلار ئېشىكىمنى تۇتۇۋېلىپ كۆلبات ئۈچۈن شاراب توشۇتۇۋاتىدۇ. ئۇكىلىرىمنى ئەمدى كىم باقىدۇ ؟!

ھەييارلار دېدىكى:

— ھەي يىگىت، يىغلىمىغىن، كۆلباتتىن ساڭا ھەققىڭنى ئېلىپ بېرىمىز.

ئەلقىسسە: بۇ ھەييارلار يىگىتنى كۆلباتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىپ، شارابنى ئىشەكتىن چۈشۈردى. ئاندىن:

— ئى پالۋان، شاشمىش سىزگە شاراب ئەۋەتىپتۇ، — دېدى - دە، يىگىتنىڭ ھالىنى ئېيتتى. كۆلبات يىگىتكە بىر ئۈگۈچ پۇل بەردى. يىگىت پۇلنى ئېلىپ:

— ھەي ئاكىلىرىم، ھازىر بەك كەچ بولۇپ كەتتى. ئۆيۈمگە بارغۇچە پاششاپلار تۇتۇۋالىدۇ، قېشىڭلاردا يېتىپ ئەتە كەتسەم بولامدۇ ؟ — دەپ سورىدى. كۆلبات ماقۇل بولدى. يىگىت بېرىپ خوجا ئەمرىنىڭ قېشىدا ئولتۇردى ۋە ھەزىل قىلدى:

— ھەي خوجا ئەمرى، — دېدى ئۇ، — سىزنى پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى ھەييارلارنىڭ ئۇستازى دەپ ئاڭلايتتۇق، ئەسلي ئۇنداق ئەمەسكەنسىز. قانداق قىلىپ ئەسكى ھەييارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىڭىز ؟

— مەن ساڭا پۇل بېرەي، — دېدى خوجا ئەمرى يالۋۇرۇپ، — قولۇمنى باغلاقتىن بوشىتىۋەتسەڭ، — بىر كەمدە ھەييارلار شارابنى ئىچىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. يىگىت خوجا ئەمرىدىن ئىككى يىللىق شاگىرتلىققا ۋەدە ئېلىپ، ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ قويدى. بۇ يىگىت ئەسلىدە ئاشپەزنىڭ ئوغلى ئەبۇلخەيرى بولۇپ، ئېشەككە شارابنى ئارتىپ خوجا ئەمرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئۇ دېدىكى:

— ھەي خوجا ئەمرى ئۇستاز، ئەمدى ھەييارلاردىن نېمە ئالغان

بولسڭىز ، ھەممىنى ماڭا بېرىڭ .

خوجا ئەمرى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەبۇلخەيرىگە بېرىپ ، ئۆزى ئىسفىھانغا راۋان بولدى .

خوجا ئەمرى ئىسفىھانغا بېرىپ كۆردىكى ، تامام خەلق شەھەرنى تاشلاپ شۇنداق ئالدىراش كېتىۋاتقۇدەك . بىر كىشىدىن : « بۇ نېمە ۋەقە ؟ » دەپ سورىغان ئىدى ، ئۇ كىشى :

— پادىشاھنىڭ « سەفۇرە » دەپ بىر قوڭغۇرىقى بار . ھەر يىلدا ئۈچ نۆۋەت چېلىنىدۇ . ھەر نۆۋەت چېلىنغاندا ، بىر قېتىم توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ . بىز شۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرگىلى كېتىۋاتىمىز ، — دەپ جاۋاب بەردى .

خوجا ئەمرى ئۇلارغا ئەگىشىپ چاھار باغقا كەلدى . كۆردىكى ، كۆل بويىدا بىر تەخت تۇرۇپتۇ ، خەلق ئۇ يەرگە يىغىلىۋاپتۇ . خوجا ئەمرى كېلىپ بىر يەردە ئولتۇردى . بىر كەمدە قوڭغۇراق چېلىندى . خەلق ئۇنىڭ ساداسىدىن مەست بولۇشتى . خوجا ئەمرى نېرىراققا بېرىپ ، بىر بوۋاي سۈرىتىدە بولۇپ ، ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرۇپ راۋاب چالغىلى تۇردى . راۋابنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەممە ئادەم خوجا ئەمرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى . قوڭغۇراقچىنىڭ قېشىدا كىشى قالمىدى . ئاخىر قوڭغۇراقچىمۇ كېلىپ ، راۋاب ساداسىدىن مەست بولدى ۋە خوجا ئەمرىنى چاقىرىپ :

— قوڭغۇراق چېلىشنى بىلەمسەن ؟ — دەپ سورىدى .

خوجا ئەمرى .

— ئىلگىرى بىلەتتىم ، ھازىر قوڭغۇرىقىم يوق ، — دەپ جاۋاب بەردى .

قوڭغۇراقچى قوڭغۇراقنى بەردى . خوجا ئەمرى شۇنداق چالدىكى ، ئۇنىڭدىن يەتتە پەدە ئارتۇق بولدى . شۇ ئەسنادا بۇ خەۋەر نۇشىرۋانغا يەتتى .

نۇشىرۋان بەختەكنى بۇ يەرگە كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى ، تاشقىرىدىن كۆلبات كىرىپ كەلدى . خوجا ئەمرى ئۇلارنى كۆرۈپ

قاچتى . بەختەك كۇلباتقا « خوجا ئەمرىنى تۇتقىن » دەپ بولغۇچە ، خوجا ئەمرى بىر سەكرەپ قەسىر ئۇستىگە چىقىپ ، ئۇ يەردىن بىر موللاق ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى ، كېيىن سودىگەر قىياپىتىدە بازارغا كىرىپ ، بىرسىنىڭ دۇكىنىدا بىر كېچە قوندى . خوجا ئەمرى ئۇنىڭغا :

— مەن بۇگۈن سىزنى پايدىدىن قويدۇم ، شۇنىڭ بەدىلىگە جاپا-دىن خالاس قىلىمەن ، — دەپ ۋەدە قىلىپ ، ئەتىسى يەنە دۇكاندا ئولتۇردى . بىر ئادەم كېلىپ چاپان سېتىۋالدى ، يەنە بىر كەمدىن كېيىن ، كونا چاپان كىيىۋالغان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ كېلىپ :

— ئېھ بەدۆلەت ، تۇنۇگۇن نەگە كەتكەنتىڭ ؟ باغدا كۇلبات قىمار ئوينىغىلى تۇرغان ئىكەن ، ماڭا بىرمۇنچە پۇل بەردى . ھازىرمۇ قىمار ئويناۋاتىدۇ ، شۇ يەرگە بارايلى ، — دەپ شۇ يەرگە ماڭدى .

خوجا ئەمرى ئەگەشتى . بىر كەمدە باغقا يېتىپ كەلدى . باغدا شارابخانا ، بوزىخانا ، قىمارخانا بار ئىدى . ئادەملەر شاراب ئىچىپ ، قىمار ئويناپ يۈرەتتى ، قىمارخانىدا كۇلبات ئولتۇرۇپتۇ . تۆت سودىگەر تۆت ھەميان ئېلىپ كېلىپ ئوينىغىلى تۇردى . شاھزادە ھورمۇز كېلىپ كۇلباتنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈۋاتاتتى . خوجا ئەمرى بىر تامنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ ، شاراب ئىچكەچ تاماشا كۆرۈپ ئولتۇردى . كۇلبات سودىگەرلەرنىڭ پۇللىرىنى ئۇتۇۋالدى . سودىگەرلەر قىماردىن چىقتى . ئەمما ، ھورمۇزغا بۇ ئويۇن قىزىق تۇيۇلدى . كۇلبات بىلەن ئوينىغىلى كىشى قالمىدى . كۇلبات تام تۆپىسىگە قاراپ خوجا ئەمرىنى چاقىردى :

— قىمار ئويناشنى بىلەمسەن ؟

— بىلىمەن ، — جاۋاب بەردى خوجا ئەمرى ، — ئەمما ئوينىماسقا ۋەدە قىلغان . بىرەر قېتىم ئويناپ قويسام ھېچ گەپ بولماس ، — دەپ كۇلبات بىلەن قىمار ئويناپ ، ئۇنىڭ پۇللىرىنى ئۇتۇۋالدى . كۇلبات خەنجىرىنى تىكتى ، ئۇنىمۇ ئۇتۇۋالدى . ھېچ نەرسىسى قالمىغاندا ، خوجا ئەمرىنى ئۆيىگە باشلاپ كەلدى . ئاندىن :

— سىز ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ ، مەن چىقىپ ئالتۇن ئېلىپ

كىرەي ، — دەپ ئىشكنى زەنجىرلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . كۇلبات قى-
مارخانىدىن شاراب ئېلىپ ، « ئۆيدىكى قىمارۋازنى شاراب ئىچۈرۈپ
ئۇتۇۋالاي » دەپ ئۆيگە كېلىپ قارىسا ، قىمارۋاز يوق ئىدى .
كۇلبات قىمارۋازنىڭ خوجا ئەمرنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى پەملەپ
ئارقىسىدىن ئىزدەپ ماڭدى . خوجا ئەمرى كونا چاپان دۇكىنىغا كېلىپ
دۇكانچىغا ئۆمۈر بويى خەجلىسمۇ ئېشىپ قالغۇدەك پۇل بەردى .
ئەلقىسسە : خوجا ئەمرى كونا چاپان دۇكىنىدىن چىقىپ ، مەلىكە
سەفۇرەنىڭ چاھار بېغىغا كەلدى . قەسرنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ
تۈڭلۈكتىن قارىغان ئىدى ، بەزمە تېخى تۈگىمەپتۇ ، ئەمما شاراب تۈ-
گەپتۇ . سەفۇرە خىزمەتكارنى قىچقىرىپ :
— مېنىڭ خاس شارابخانامدىن ئۆزۈم ئىچىدىغان شارابنى
كەلتۈر ، — دەپ بۇيرۇدى .
خوجا ئەمرى ئۆگزىدىن چۈشۈپ ، ھېلىقى خىزمەتكارنى ئۆلتۈ-
رۈپ ، ئۇنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ، شارابقا دورا بىھوش ئارىلاشتۇرۇپ
مەلىكىگە يەتكۈزدى ، مەلىكە ئىچىپ مەست بولدى . خوجا ئەمرى مەلىكىنى
پەردە گىلەمگە يۆگەپ ، لەشكەرگاھقا ئېلىپ كەلدى ، بولغان ئىشلارنى
ھەم ئەبۇلئەلىگە بايان قىلدى . مەلىكە سەفۇرە بىلەن خوجا ئەمرى بىر -
بىرىگە ئاشىق بولغان ئىدى . ئەبۇلئەلى بۇلارنىڭ توينى قىلماقچى بولدى .
شۇنداق قىلىپ ، سەفۇرەنىڭ ئاتا - ئانىسىغا قائىدە بويىچە ئەلچى ئەۋە-
تىپ ، ئارىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىپ ، ئۇلارنى كەلتۈردى ، ئاندىن نەچچە
كېچە - كۈندۈز توي مەرىكىسىنى ئۆتكۈزۈپ ، توينى تاماملىغاندىن كې-
يىن ، ھەركىم ئۆز بارگاھلىرىغا ياندى . بۇ توينىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر
بولدى .
كۇلبات ھەييارلىرى بىلەن خوجا ئەمرنى ھېچنېمە قىلالماي ،
بارى - يوق تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ ھەسرەتتە قالدى . پەندە گۇدرەت
يەتتە ئىقلىم پادىشاھى نۇشىرۋاننىڭ ئالدىدا ئالدىراپ سۆزلەپ قويغىنىغا
كۆپ خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ تۇردى . نۇشىرۋان دېدىكى :

— ھەي بەختەك ، سىنىڭ ھەسەتخورلۇقۇڭدىن ئۈچ پەرزەنتىم ئوتتۇرىسىدا پىتنە - ئىغۋا پەيدا بولدى ، ئارىمىزغا 45 يىل سوغۇقچىلىق سالدىڭ ، تۇمەنلىگەن جانغا زامىن بولدۇڭ . ئەمما ، پەرزەنتلىرىمنى ھېچنېمە قىلالمىدىڭ . گۈستىھەم بىلەن ئىككىڭ شۇملۇق قىلىپ ، ئىق- لىملاردا ئەمىنلىكنى بۇزدۇڭ ، ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى ئادىللىقتۇر ، — دەپ ئۆزىنىڭ بەختەكىنىڭ سۆزىگە كىرگەنلىكىدىن كۆپ پۇشايمان قىلدى .



## نۇشىرۋاننىڭ شەددات قەپەسدىن قۇتۇلۇپ، يەنە مەداينغا پادىشاھ بولغانلىقى

بىر كۈنى خوجا ئابۇزەر ھاكىم كېلىپ ئەبۇلغا بىر پارچە نامە تۇ-تۇپ بەردى. نامە مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«ئى ئەبۇلئەلى، نۇشىرۋان سىزنىڭ ئاتىڭىزدۇر.
ئۇنىڭ سىز بىلەن جەڭ قىلىشى بەختەك باشچىلىقىدىكى
ئاتەشپەرەس مۇشرىكلەرنىڭ ھىيلە-مىكرىسىدۇر.
ئەبۇ ئەمەر شەددات ئاتىڭىزنى تۇتۇپ كېتىپ
قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ. ئاتىلىق ۋە قېيناتىلىق ھۆرمەت
يۈزىسىدىن دەرھال قۇتۇلدۇرۇپ ئالغايسىز. نامە تامام،
ۋەسسالام».

نامەنى كۆرۈپ ئەبۇلئەلى، ئەمرى، مۇقبىل ئۈچەيلەن دەرھال يولغا چىقتى، ئۇلار شۇ ماڭغانچە ھەبەش تەرەپكە يۈردى. جەشكە كېلىپ كارۋان سارىيىغا چۈشتى. خوجا ئەمرى شەدداتنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ نۇشىرۋاننى كۆردى ۋە باغرى ئېزىلدى. ئۇ يەردىن ئەبۇلئەلىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۈچەيلەن بېرىپ قارىسا، شەددات نۇ-شىرۋاننى قەپەسكە سولاپ قويۇپتۇ. ئۇلار نۇشىرۋاننى قەپەس بىلەنلا ئېلىپ چىقتى. كارۋان سارىيىغا كېلىپ قەپەسنى چېقىپ نۇشىرۋاننى چى-قاردى. ئۇ يەردىن ئاتقا مىندۇرۇپ مەداينغا ئېلىپ ماڭدى.

يىگىتلەر سودىگەرچە ياسانغان ئىدى ، ئەمما بۇلارنى دەسلەپتە بارغاندىلا نۇشىرۋان تونۇغان ئىدى . يولدا كېتىۋېتىپ ئەبۇلئەلى نۇشىرۋاندىن :

— ئى پادىشاھىئالەم ، ئەبۇلئەلىدەك ئوغۇللىرى تۇرۇپ ئۇلار نېمە ئۈچۈن سىزنى قەپەستىن خالاس قىلمىدى ؟ — دەپ سورىدى . نۇشىرۋان جاۋاب بېرىپ :

— ئى سودىگەر خوجىلار ، بۇنداق قەپەستىن مېنىڭ ئۈچ پەرزەنتىملا خالاس قىلالايدۇ . ئەمما 100 يىل قەپەس ئازابىنى تارتساممۇ ، خوجا ئەمرىنىڭ چىرايىنى كۆرمىسەم دېيمەن ، — دېدى .

خوجا ئەمرى ئەبۇلئەلىگە قارىدى ، ئەبۇلئەلى كۈلۈپ قويدى . نۇشىرۋان يەنە :

— ھەي خوجا ئەمرى ، مەن بۇ سۆزنى سېنىڭ خىسلەتلىرىڭ ئۈچۈنلا دەپ قويدۇم . ئىككىنچى قېتىم قەپەسكە چۈشۈپ قالسام بارماي قالمىغىن ، — دەپ چاقچاق قىلدى .

ھەممەيلەن كۈلۈشتى . ئۇلار مەدايىنغا كېلىپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزدى . ئوبدان يارىشىپ ، ئۈچەيلەن بەسرە دەرياسىنىڭ بويىغا بارگاھ تىكتى . نۇشىرۋان پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى .

# نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى

نۇشىرۋان پادىشاھلىقنى ئەڭ ئادىل يۈرگۈزدى . ئۇنىڭ ئادىللىقى جىمى ئالەمگە تونۇلدى . ئۇ ھەممىنى باراۋەر كۆردى ، لەۋزىدە تۇردى . بۇزۇق ۋەزىرنىڭ پىتنىسى تۈپەيلى ، ئاخىر مەملىكەتلەردە تەپرىقچىلىك كۆرۈلدى ، توختىماي جەڭ بولدى . نۇشىرۋان دۈشمەنلىرىگىمۇ رەھىمدىل بولدى .

ئاخىرىدا جەڭ - جېدەل تۈگەپ ، تەربىيىلىگەن پەرزەنتلىرى بىلەن يارىشىپ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، چۈش كۆردى . چۈشىدە ئاتىسى كەيقۇبادنىڭ 1000 يىلدىن بۇيان ئۆچمەي كۆيۈپ كەلگەن ئاتەشگاھى ئۆچتى . يەتتە ئىقلىمدىكى تامام بۇتلار ئۆرۈلدى ، تاغلار گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى . نۇشىرۋان بۇ دەھشەتلىك چۈشتىن قاتتىق چۆچۈپ ئويغاندى . كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تۇرغان ئىدى ، بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى . تەختىدىن چۈشمەكچى بولغان ئىدى ، ئىچكى تەختىگە قىسىلىپ قېلىپ يىقىلدى . شۇ يىقىلغىنىچە كۆزىنى ئاچمىدى .

ئەتىسى ئەمرالار يىغىلىپ ھەزرەت ئەبۇلغا كىشى ئەۋەتتى . ئەبۇل كېلىپ ھازا تۇتتى . نۇشىرۋان دادىسى كەيقۇبادنىڭ يېنىغا قويۇلدى . نەزىر - چىرىغى كەڭرى بېرىلدى . ھەزرەت ئەبۇل نۇشىرۋاننىڭ ئوغلى ھورمۇزنى پادىشاھلىققا تەكلىپ قىلدى . ھورمۇز ئېيتتىكى :

— ئى ئەبۇل ، مەن پادىشاھ بولسام سىزنىڭ ئەمرلىرىڭىزنىڭ

بىرى مېنىڭ تەختىمنىڭ پالۋىنى بولسۇن .

ئەبۇل ھورمۇزنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلدى . پالۋانلىققا كىمنى قويۇش ھەققىدە كۆپ مەسلىھەت قىلدى . ئاخىر قۇرئە سالغان ئىدى ، سەئىدنىڭ ئېتى چىقتى . سەئىد ھورمۇزنىڭ تەخت پالۋىنى بولدى . ھەزرەت ئەبۇل ئۆز بارگاھىغا ياندى .

这是一部民间故事，主人公是以主持公道而闻名于全世界。

جاۋابكار مۇھەررىرى : روزى سەيدىن
جاۋابكار كوررېكتورى : گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن
تېخنىكىلىق تەھرىرى : غولام ئەبەيدۇللا

**نۇشىرۋان ھەققىدە ھېكايەتلەر**

**نەشرگە تەييارلىغۇچى : مۇھەممەت ئوسمان**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 6.5 قىستۇرما ۋارىقى : 1
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 5110 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 0782 — 2/I. 218
باھاسى : 9.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى



ISBN 7-5373-0782-2

9 787537 307826 >

ISBN 7 - 5373 - 0782 - 2

I.218(民文) باھاسى: 9.00 يۈەن